
دەرتمەننىڭ زارى



# دەرتمەننىڭ زارى

## زىيا سەمەدى




مەرھۇم ئۇستازىمىز زىيا سەمەدى ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندىگە تون كەيدۈرمەكتە .
1995 ـــ يىلى ئالماتا

# ئەسەر بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ ئىلاۋىسى :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم !

سىز ئوقۇۋاتقان بۇ كىتاب، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا تونۇلغان مەشھۇر يازغۇچى ۋجامائەت ئەربابى، ھاياتى كۈچىنى ۋەتەن مىللىتىنىڭ تەغدىرىگە تۆھپە قىلىپ جاھاندىن ئۆتكەن مەرھۇم ئۇستازىمىز زىيا سەمەدىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بولۇپ، ئەسەر 1965- يىللىرى يېزىلىپ تاكى 1976 ـــ يىللىرىغا قەدەر نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىسىلماي قالغان . . . .

بۇ ئەسەر يېقىندا ئالمۇتا " مىر " نەشرىياتى تەرىپىدىن ، مەرھۇمنىڭ ئوغلى رىزا سەمەدىنىڭ مۇھەررىرلىكىدە نەشرگە تاپشۇرۇلۇپ يورۇغلۇققا چىقتى . . . .

ئەسەر ئەسلىدە كىرىل يېزىقى ۋە روس يېزىقلىرىدا نەشردىن چىققان بولۇپ، مەن بۇ كىتابنى مەرھۇمنىڭ ئالمۇتادىكى قىزى بىلقىز سەمەدىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىرىل يېزىقىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا ئايلاندۇرۇپ ، تەھرىرلەپ، ئىملاسىنى تۈزۈتۈپ ، "ۋەتىنىم ئۇيغۇر مۇنبىرى" تورىنىڭ مۇكاپاتلىق ئەسەرلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش مەقسىتىدە تورغا يوللۇدۇم . . . .

ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا ئۆزگەرتىش ، تەھرىرلەش، تۈزۈتۈش جەھەتتە خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يارەم پىكرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن !

ھۆرمەت بىلەن :

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى

شىۋېتسىيە - ستوكخولم

2011 يىل 03 ـــ ئاينىڭ 30 - كۈنى

# بېغىشلىما

## رابىك ئىسمايىلوۋ

(فىلولوگىيا پەنلىرىنىڭ نامزاتى)

## ئازاتلىق كۈيچىسى

1964 ـ يىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ بىناسىدا (ھازىرقى پوشكىن كوچىسىدىكى قوچاق تىياتىرى) يازغۇچى زىيا سەمەدىنىڭ 50 يىللىغى نىشانلانىماقتا. زال ئادەملەرگە لىق تولغان. ۋەتەندىن چىققانلارغا تەۋەللۇد ئېگىسى ياخشى تونۇش بولغىنى بىلەن بىز، موشۇ تەۋەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر، ئۇنىڭدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدۇق. ئەمما پرېزىدىئۇمدا، ئەدىپنىڭ يېنىدا مەشھۇر قازاق يازغۇچىسى غابىت مۇسىرېپوۋ ئولتۇراتتى. ئۇ بولسا، مۇنداق مۇراسىملەرگە، ھەتتا كۆرنەكلىك قەلەمداشلىرىنىڭ نىشانلىق سەنلىرىگە كامدىن ـ كام باراتتى. موشۇنىڭ ئۆزى ئۆتىۋاتقان چارە ـ تەدبىر ئېگىسىنىڭ ئاددىي ئىجاتكار ئەمەسلىگىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ تەۋەللۇدتىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي كىتاپخانلار قولىغا "مايىمخان" ناملىق رومان تەگدى. ئەسەرنى ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىلا ئەمەس، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىرىنى، زوقىنى يوشۇرالمىدى. تىلشۇناس ئالىملار تىلىمىزنىڭ نەقەدەر بايلىغىغا، ئۇنىڭ ھەيران قالدۇرىدىغان بوياقلارغا ئېگە ئېكەنلىگىگە كۆز يەتكۈزدى. ئەندى ئەسەر ئاساسىدا يازغان ماۋزۇمىز – پۈتۈنلەي يېڭى بولۇپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىدا پەخىرلىنىش ھېسسىياتلىرىنى ئويغىتاتتى. يازغۇچى بىر ئەسىر ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەر سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ، مۇستەقىللىق ئۈچۈن يۈرگۈزۈلگەن كۈرەشنى تەسۋىرلەيتتى. باشقىلار قاتارىدا شۇ كۈرەش بايرىغىنى كۆتەرگەن مايىمخان ئوبرازى بولسا، ھەممىمىز ئۈچۈن كەشپىيات بولدى. "مايىمخان" رومانى گ. مۇسىرېپوۋنىڭ ئۇيغۇر يازغۇچىسى تەۋەللۇدىغا بېكار كەلمىگەنلىگىنى، ئۇنىڭ ئەدىپ ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ نەقەدەر چىنلىغىنى تەستىقلىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قازاق ئەدەبىياتىدا گ.مۇسىرېپوۋ قانداق ئورۇن ئالغان بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زىيا سەمەدى شۇنداق ئورۇن ئالدى. "مايىمخاندىكى"

كۆرەش، مىللىي ـ ئازاتلىق ھەرىكەت، يازغۇچى ئىجادىنىڭ باش ماۋزۇسىغا ئايلاندى. ئەدىپنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ھەر بىر ئەسەر جاپاكەش، ئەمما، مەغرۇر خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن يولدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلار، بىزنىڭ تارىخىمىز، شانلىق ئۆتمۈشىمىزدۇر. ئۇنىڭ بىلەن يازغۇچى ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئېغىر شارائىتلاردىمۇ ئۆز ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، پەقەت كۈرەش، مۇستەقىللىق تۇغىنى كۆتەرگەندىلا ئىنزگۇ مەقسەتكە يېتىش مۇمكىنلىكىنى ھەر بىرىمىزنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈردى. بۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە بىرلا مىسال كەلتۈرەي.

س س س ر ۋە خىتاينىڭ مۇناسىۋەتلىرى قايتىدىن ياخشىلىنىشقا باشلانغاندا، 90 ـ يىللىرىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئالمۇتىدا بولغان ئۇرۇمچىلىك ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى "مايىمخان" رومانى ئاساسىدا چۈشىرىلگەن "ئەجدىھار يىلى" ناملىق بەدىئىي فىلىمنى كۆرۈپ: "شىنجاڭ خەلقىنى ئۆز ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە كۆتۈرۈشنىڭ تەشۋىقىتىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇيغۇرلار موشۇ كىنونى كۆرسىلا بولىدۇ" دېگەن. زىيا سەمەدى يازغان ھەر بىر ئەسەر ئەينە شۇنداق تەسىرلىك، تەشۋىقاتلىق كۈچكە ئىگە...

كەڭ ئامىمىنىڭ كۆتۈرىلىشى نەتىجىسىدە 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى غالىبىيەت قازانغاندا، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆلكە بويىچە قانات يېيىشىغا يول قويماي، خىتاي كومپۇنىستلىرى 1949 ـ يىلى ج خ ج نى ئېلان قىلغاندا، شەرقىي تۈركىستان ـ ئۇيغۇرىستان خەلقى بىز ئەڭ بولمىغاندا، خوشنا كېڭەشلەر ئىتتىپاقى يولى بىلەن ماڭمىز، قازاقىستان، ئۆزبەكىستان ۋە باشقىلار ئوخشاش مۇختەرىيەتكە ئىگە بولىمىز، دەپ ئۈمۈد قىلغانىدى. لېكىن دۆلەت تۈزۈمىنى خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ ئېلان قىلغان خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇلاردىن باشقىلارغا بولغان سىياستىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى باشقىلار قاتارىدا يازغۇچى زىيا سەمەدىمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پائالىيەتچان ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرى، رودايەت مىنىستىرى، يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئوچۇق تەقىپكە ئۇچرايدۇ ۋە ئويدۇرمىلارنى بويىنغا ئالمىغانلارغا نىسبەتەن قوللىنىدىغان قىيىن ـ قىستاقلار ئازاۋىنى، سۈرگۈن مەشىقىتىنى تارتىدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن جەمئىيەت ئەربابى، ئەسەرلىرى تۈپەيلى پۈتۈن خەلققە كەڭ تونۇلغان بۈيۈك يازغۇچى شۇنچىلىك دەرت ـ ھەسرەتكە ئۇچرىغان يەردە، ئاددىي پۇخرانىڭ نەقەدەر ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

لېكىن كىشىلەر ھەممىگە چىدايدۇ، بەرداشلىق بېرىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ـ موشۇنىڭ ئۆزىنى دەرتمەنلەر كۆرەش، كەلگۈسىدىكى ئازاتلىق كۆتىرىلىشلەر ئۈچۈن سىناق، چېنىقىش، دەپ چۈشىنەتتى. زىيا سەمەدىنىڭ "بىر تال پاپىروس"، "دەرتمەننىڭ زارى" ناملىق پوۋېستى ۋە پاجىئەلىك قىسسىسىنى ئوقۇغاندا، بىز ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى سەلەي، گۈلباھار، ئىبرايىملارنىڭ تارتقان ئازاپلىرىغا، ھېچ قاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان خورۇش ۋە دەپسەندىلىكلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىگە ھەيران قالىمىز .بىز كىنولاردا كۆرگەن ۋە ئوروش ھەققىدىكى كىتاپلاردا ئوقۇغان فاشىستلارنىڭ ئەينە شۇنداق ئىپكەنلىكىنى بىلەتتۇق . ئاتالىشمىش پوۋېستلاردىكى جاللاتلار ـ يېڭى دەۋرنىڭ فاشىستلىرىدۇر...

خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا خىتايلاشتۇرۇش، ئاخىرىغا بېرىپ يوقۇتۇشتەك ۋەھشىيانە سىيىقەستلىرى قانچىكى چېكىدىن ئاشمىسۇن، ئازاتلىققا، ئۆز ئەركى ـ ھوقۇقىغا تەشنا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. ئۇنىڭ مۇستەملىكچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىنى، نارازىلىغىنى بارغانچە كۈچەيتەكتە، قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرماقتا.

2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇلدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قانلىق ۋاقىئە ھەممىمىزنىڭ ئېسىدا. ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر ھوقۇقسىزلىق ئەھۋالىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تېنچلىق نامايىشقا چىققان مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا قوراللىق ھەربىيلەر قارشى قويىلدى، قانلىق قىرغىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قانخور مۇستەملىكچى خىتايلار نامايىشقا قاتناشقانلار ۋە شۇلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلەرنى قاماققا ئېلىپ، ئۇلارغا قارىتا ۋەھشىلىكنىڭ ھەممىسىنى قوللاندى، سوتسىز ئۆلۈم ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

"دەرتمەننىڭ زارىنى" ۋە "بىر تال پاپىروسىنى" ئوقۇپ چىققاندا، مۇستەملىكچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەقسەت، نىيەتلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە يېتىشكە بولىدۇ. بۇ ياشلىرىمىزغا ئىنتايىن مۇھىم ھەم زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پوۋېستلار ئىككى تىلدا ـ ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە بېرىلدى.

# دەرتمەننىڭ زارى

## زىيا سەمەدى

بۇ كىتابنى بېسىلماي قالدى.سىياسەت دەخلىسى ۋە تەھرىر جانابىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلى بۇ ئەسىرىم بېسىلمىدى.

مەيلى، كۈنلەر كېلەر .....

خەير، تەھرىردە قىلچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسىيات بولسا ئىدى ، بۇ كىتابنى ئاللىقاچان يورۇق كۆرەر ئىدى . دە!

زىيا سەمەدى 1976- يىل



Erkin Aliptékin ependim Meshhur Yazghuchi,
Dölet erbabi we Wetenperwer Ziyali
merhum Ziya Semidi bilen

www.wetinim.org


Ziya Semedi Sepdashliri Bilen
www.wetinim.org


Ziya Semedi
www.wetinim.org

# دەرتمەننىڭ زارى

## 1 ـ قىسىم

### ئۈچ قىزىل بايراق

كوممۇنىغا جەم بولدۇق،
پولات تاۋلاشتا يەم بولدۇق.
"سەكرەپ ئىلگىرىلەش" چاغدا،
قوپالماس كۆتىرەم بولدۇق...

بۇ خەلق قوشىغى ـ خەلقنىڭ ھەسرەت ـ پىغانى، ئاھۇ ـ زارى...

ـ خەلقىمىزنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ، خانۇ ـ ۋەيران قىلغانمۇ، ئاچارچىلىق ـ بوھرانچىلىقتا مۇپتىلا قىلغانمۇ، ئەشۇ لەنىتى "ئۈچ قىزىل بايراق"، ـ دەپ باشلىدى پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىسىنى ئىبراھىم. ئۇ گەپ قىلىدىكەن، چىرايى ئاپپاق تاتىرىپ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئەلەڭگىسى چاقناپ، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى ئۆزلۈكىدىن تىترىلىشكە باشلىدى ۋە چوڭقۇر نەپەس ئالدىدە، سەرگۈزەشتىسىنى داۋام قىلدى:
1958 ـ يىلىنىڭ قار يېغىپ، سوغ چۈشكەن مەزگىلى ئىدى. ئۆيدىكىلەر ھەممىمىز يېتىپ قالغان بولساقمۇ، تېخى ئۇخلىمىغان ئىدۇق" .كانايغا يوق، سۈنەيگە نەدە"، دېگەن تەمسىل مىسالى، چىراق يېقىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، لېۋىمىزنى مايلىغىدەكمۇ ياغ بولمىغاچقا، ئەتىگەنىرەك يېتىشقا تەرەددۇت قىلاتتۇق .ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئائىلىدىكى ئەمگەك قىلىشقا يارىغىدەكلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ يورىشى بىلەن ئىشقا كەتكەنلىكتىن، كەچكىچە ئوت

قالانمىغان ئۆي ئىچىدە بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان .شۇڭا تۇرغان تۇرقىمىز بىلەنلا ئورۇن ـ كۆرپە ئىچىگە كىرىۋېلىشقا ئالدىرايتتۇق . ئادەم قانچىلىك هارغىنى بىلەن، قوساق ئاچ بولسا، ئاسانلىقچە ئۇيقا كەلمەيدىكەن .گۇڭشې ـ خەلق كوممۇنىسىنىڭ "ئۇمۇمىي قازان" دەپ ئاتىلىدىغان ئاشخانىسىدا قۇرۇق سۇغا كېپەك ئۇننى چىلىپ "ئاتىلا" ياكى قىزىلچا يوپۇرماقلىرىغا كۆمۈقوناق تالقىننى ئارىلاشتۇرغان "شايىپەتتار" ئوخشىغان "تائاملىرىدىن" باشقا يەيدىغان هېچ نېمىسى يوق، تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ، كۆز باغلانغىچە ئېغىر ئەمگەك قىلىپ، نورما بويىچە ئەشۇ سۇيۇق ـ شەلەڭدىن ئىككى هېجىر ئىچكەن ئادەمنىڭ ئاياق ئۆرە تۇرمىغى بەسى مۈشكۈلغۇ!.. قىش كۈنى ئوت قالانمىغان ئۆي سىياقى، قۇرۇق قوساقتىنمۇ بوران ئۇچۇپ، نە ئۇيقىنىڭ، نە ئارامنىڭ مەزىسى بولمايدىكەن...

تۈن يېرىم بولسىمۇ، تېخىچىلا ئۇخلىمىدۇق. دادام پات ـ پاتلا يۆتىلىدۇدە، ئارىلاپ غىڭشىغاندەك، توۋلاپ قويىدۇ، نېمىلەرنىدۇ غۇدۇڭشۇيدۇ. بەلكىم، قېرىغاندا بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەردىن زارلىنىدىغاندۇ؟ تۇغۇلغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلىدىغاندۇ؟ ئانام بولسا: "هايۋاندىن نېمە ئىلا ـ پەرقىمىز قالدى، ئات ـ ئۇلاقلارغا قوشۇپ، بىزنىمۇ قوتانغا سولاۋەتسە، بۇ كاپىرلار "...دەپ كوممۇنا باشلىغىدىن تارتىپ، تاكى ماۋزېدۇڭغىچە ـ ئۆزى ئېتىنى بىلىدىغان باشلىقلارنىڭ هەممىسىنى قارغاپ، ئۇلارغا زاۋاللىق تىلەيتتى. ئانامنى يۈرەكلىك، قورقۇمسىز دېسىمۇ بولىدۇ. كوممۇنا يېڭى قۇرۇلغاندا بولسا، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى، قازان ـ قومۇچىنى، هەتتا توخۇ ـ تۇمانلىرىنىمۇ قويماي كوممۇنا سەرمايىسىغا يىغىشتۇرغان چاغدا، ئانام ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە توغرا تۇرۇۋېلىپ: "ماڭا مال تېپىپ بېرىشۋېدىڭمۇ، هە! بىزنىمۇ مال ـ مۈلكىمىزدىن ئايرىپ، ئەۋۇ كۈلىدىن كەلگەن خىتايلىرىڭغا ئوخشاش پاقا يېگۈزمەكچىمۇ، نائىنساپلار؟.." دەپ هاقارەتلىگىنى ئۈچۈن ئون كۈنگىچە سولاپ، ئاندىن كوممۇنا ئەزالىرى ئالدىدا "توۋۋا" ئوقۇتقاندىن كېيىن "ئەمگەك ئۈستىدە سىناش" شەرتى بىلەن بوشاتقان ئېدى. لېكىن

ئانامنى جىسمانىي جەھەتتىن چەكلىكەن بولسىمۇ، تىلىغا چەك سېلىنىشالمىدى. ئانام ئىش ئۈستىدىمۇ، تاماقلىنىش ۋاقتىدىمۇ كوممۇنانىڭ چوڭ ـ كىچىك باشلىقلىرىغا زەھەر چاچقىنى چاچقان.
ئەگەر بىزگە، خۇسۇسەن ئىنىم ئىككىمىزگە بىرەر "ئىپشەك سۈرەتلىك بالا" كېلىشىدىن تەشۋىشلەنمىسە، ئىپھتىياتچان دادامنىڭ نەسىھەتى بولمىغاندا، نېمە ئىشلارنى قىلارىدېكىن قورقۇمسىز ئانام... سەل ـ پەل چەتنەپ كەتمىگەندىمەن؟
ـ داۋاملاشتۇرۇڭ، ئىنتايىن ئىزچىل سۆزلەۋاتىسىز. بۇنى ئەدەبىياتتا: بەدىئىي چېكىنىش، دەپ ئاتىشىدۇ، ـ دېدىم مەن.
ـ قوش ـ قوۋۇقنى كىمدۇ ـ بىرسى تاقىلداتقاندەك قىلدى. پۈركىنىپ ياتقان دادام بېشىنى يوتقاندىن چىقاردى، ئەتىمالىم، سوغ ھاۋا تەسىرىدە چىڭقىلىپ يۆتىلىشكە باشلىدى.
ـ دادا، سەن قىمىر قىلماي ياتىۋەر، مەن چىقىپ ئىشىكنى ئاچاي، ـ دېدىم دادامغا كۆيۈنۈپ.
ـ ئورنۇڭدىن قىمىرلىغۇچى بولما، بالام، تايىنلىق ھېلىقى خىتاي گەندىسىنى يېگەن ھېۋىز ئوت قۇيرۇق. ئۇ رودۇپاي ئەۋرەزنىڭ ئىشتىغا ئوخشاش ئۆيمۇ ـ ئوي تىمىسقىلاپ يۈرگەندۇر، ـ دېدىدە، ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى ئانام.
ـ ئاچ، ئاچ دەيمەن!.. ـ دېگەن ئەمرانە تاۋۇش ئاڭلاندى.
مەن ئانامنىڭ: "چىقما، شۇنچە ئەنسىرەيدىغان قوتاندا مېلىڭ، ساندۇقتا پۇلۇڭ بارمېدى!.." دېگىنىگە قارىماي، ئۆيدىن ئۇچۇپ دېگىدەك چىقتىمدە، قوش ـ قوۋۇقنى تىترەك قوللىرىم بىلەن ئاران ئېچىشىمغا، قول چىرىغىنى كۆزۈمگە يورۇتقان كىشى:
ـ ئىپىقلاردەك، ئۇنكىرىڭكە كىرىشمىگەنسەن، قالاق ئۇنسۇرلار!..
ـ دېگەننىڭ سىرتىدا، ئېغىزغا ئېلىشقا بولمايدىغان تىللار بىلەن تىللىدى. ئانامنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى ـ ئالدىمدا تۆت قۇراللىق چېرىكنى ئەگەشتۈرگەن ھېۋىز كۆيدۈرگە، ساتراشنىڭ ئىۋرىغىدەك دىڭگىيىپ تۇراتتى.

ـ ھېلىقى ئۆلۈمتۈك ئىككى دەللەك ئۆيدىمۇ؟ ـ ھېۋىزنىڭ بۇ زەھەرخەندىلىكى كۆكسۈمگە پىچاق ئۇرغاندەك قەلبىمنى تىلىپ ئۆتكەچكە، ئورنۇمدا قېتىپ قاپتىمەن.

ـ نېمە دارديىپ تۇرىسەن؟ ئۆيگە باشلا شۇمتەك! ـ ئەمر قىلدى ھېۋىز دۈيجاڭ. مەن ھېۋىزنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم.

ـ ئۆيمۇ بۇ ياكى شامگۆرمۇ؟ نېمشكە چىراق يېقىشمىدىڭ؟ ـ دېدى بوسۇغىدىن ئاتلا ـ ئاتلىماي ھېۋىز ۋە قول چىرىغى بىلەن ئۆي ئىچىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە يورۇتۇپ چىقتى.

ـ تەرگەن ـ تەككىنىمىز سەن تويماسلارنىڭ گېلىدىن ئاشمىسا، نەنىڭ يېغىغا چىراق يورۇتماقچىمىز؟ ماۋۇ خوتەك پاچىغى ئوخشاش بىر نېمەڭنى كۆزۈمگە تەڭلىمە دېيمەن، ئوت قۇيرۇق! ـ دېدى ئانام.

ـ ئۆزەڭ گۆردىن ھېلىلا چىققان ئەرۋاغا ئوخشاپ قاپسەنۇ، تېخى سۆزدىن قالمايسەن، قېرى دەللە! ئەندىكى سايرىغىنىڭنى كۆرەي ...

ـ ۋاي ـ ۋۇي ... ماۋۇ خىتاي غالچىسىنىڭ پوپۇزىسىنى تېخى!..

ـ نەدىكى يوقىلاڭ گەپنى قىلىۋەرمىگىنە، ئاپا، ـ دېدىم چىرىكلەرنىڭ ئاپامغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ.

ـ قورقۇشما، توشقان يۈرەكلەر! ئىسىت ئەركەك نامىنى كۆتىرىپ يۈرگىنىڭگە!.. سەنلەرنىڭ ئۆلەمەنلىگىڭدىن كۆرگەن كۈنىمىز موشۇ!..

"ئاپا، جېنىم ئاپا، ھەقنى سۆزلىدىڭ، ئاپا بىز ئۆلەمەن بولماي نېمە؟!" ـ دەپ پىچىرلىدىم ئىچىمدە، ئانامغا ئاپىرىنلار ئوقۇپ.

ـ دانىشمەنلىگىڭنى سەنگۈڭغا بارغاندا كۆرىستىمەن، تۇر ئورنۇڭدىن، قېرى! ـ دېدى خىلىغا سوزۇلغان سۆكۈناتتىن كېيىن ھېۋىز ۋە چىرىكلەرگە ئىشارە قىلدى.

ـ سەنگۈڭغا؟! ـ ئەندىكىپ سورىدىم مەن. چۈنكى سەنگۈڭ دېگەن جايدا ئەمگەك لاگېرى بارلىغىدىن، ئۇ يەردىكى شارائىتنىڭ دەھشەتلىك ئېغىر ئىكەنلىگىدىن، بارسا ـ كەلمەس جايلىغىدىن خەۋىرىم بار ئىدى.

ـ سەنگۈڭ بولماي، بېجىڭغا ئاپىرىدۇ دەپمىدىڭ بۇ دەللەڭنى؟

ـ نېمە گۇناھ قىلغىنىغا سەنگۈڭغا ئاپارماقچىسىلەر؟

ـ يۇقۇرىنىڭ كۆرسەتمىسى ـ ئاناڭ بىلەن ئاتاڭنى شۇ يەرگە يۆتكەيمىز.

ـ مەنچۇ، مەن!.. نىمە بولساق ھەممىمىز بىر يەردە بولايلى.

ـ ئالدىرىما، سىنىڭمۇ بارىدىغان يىرىڭ چىقىپ قالار.

ئون مىنۇتقا قالماي كىچىككىنە بوخچىسىنى كۆتىرىشكەن ئانام بىلەن دادامنى ئالدىغا سىلىپ ھايداپ ماڭغان چىرىكلەرنىڭ كەينىدىن خىلە يەرگىچە ئەگىشىپ باردىم. ئانام كوچىنىڭ ئايلىنىدىغان دوخمۇشىغا يەتكەندە توختاپ، كەينىگە كەسكىن بۇرۇلدىدە، ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ:

ـ ھۇي، موزايەدەك كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭغىنىڭ نىمىسى؟ بىر كۈن بولسىمۇ قۇتلۇق ئۆيۈڭنى پانالاپ ياتساڭچۇ! ـ دىدى.

ئانام قانچىلىق غەيرەتلىك بولسىمۇ، سۆزىنى ئاياقلاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، قەلبى ئازاپلىنىشۋاتقانلىقىنى تىترەك تاۋۇشىدىن مەلۇم ئىدى. مەن نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەي، كوچا ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك داڭقىتىپ قاپتىمەن. قۇلاقلىرىمدا ئانامنىڭ "سەنلەرنىڭ ئۆلەرمەنلىگىڭدىن كۆرگەن كۈنىمىز موشۇ..." دىگەن ھەسرەتلىك سۆزى تىخىمۇ كۈچلۈگىرەك جاراڭلىناتتى.

دەرت ئۈستىگە دەرت ـ دىگەندەك، شۇ لەنتى كىچىسى كىچىك دادام ئىسمايىل، كىچىك ئاپام مەريەم ۋە ھەدەم خىلىچەم بىلەن ئىرى قۇربانىنى ئۇششاق باللىرىدىن تىرىك ئايرىپ، سەنگۇڭ لاگىرىغا ئىلىپ كىتىشى. غەم ـ غۇسسەمنى تىخىمۇ ئىغىرلاشتۇردى ۋە نىمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئىدىم. ئاتام ـ ئانام ۋە قومۇ ـ قىرىنداشلىرىمنى سەنگۇڭ لاگىرىغا يۆتكەپ كىتىشكە ئۇ قەدەر تەئەججۈپ قىلمىدىم. چۈنكى ئۇنلىغان ئەمگەك لاگىرلىرى مىنىڭ ئاتام ـ ئانامغا ئوخشىغان ئاددىي ئادەملەر بىلەن تولغان ئىدىكى، بۇ ئادەملەر "ئۈچ قىزىل بايراقتا" ئەستائىدىل ئىخلاس قىلمىغانلار، ماۋجۇشىغا قەلبىنى تاپشۇرمىغان "سىنىپى يات ئۇنسۇرلار"، "گۇمانلىق ئۇنسۇرلار" ھىساپلىناتتى ياكى "خىتاي ئاكىلىرىغا"

شەك ـ شۈبھە كەلتۈرگەن ۋە باش ئەگمىگەنلەر؛ ھەمدە ئۆي ـ جايلىرىنى دەرھال بوشىتىپ بەرمىگەنلەر ئىدى...

...تاك يورۇماستىنلا، داقا ـ دۇمباقلارنىڭ گۈلدۈرمومىدەك گۈلدۈرلىگەن ساداسى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ غەيرى ـ تەبىئىي سۈرەن ـ شاۋقۇن ئەپسانىۋىي چۆچەكلەردىكى "جىنلار ئۆتكۈلىنى" ئەسلىتەتتى.

"تۆت زىيانداش" دەپ ئاتىلىدىغان جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك قىرىپ تاشلانغان ئىدى. قارغىلار بولسا ئالىلىقاچان، ھەتتا دەل ـ دەرەخلەردىكى چاڭگىلىرىنىمۇ قويماي بۇزۇپ تاشلىغان. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى "چاشقانلارغا تەكرار ھۇجۇم" دېگەن گەپ بولغاندەك قىلىۋىدى، بەلكىم، قار ئاستىغا يوشۇرۇنغان چاشقانلارنىڭ ئىنلىرىنى كولىشامدىكىن؟ ئۆتكەن ھەپتىدە "تارباغاتاي" گېزىتى دوربۇنجىن ناھىيەسىدە تۆت ياشلىق بىر بالا چاشقان ئۇۋۇسىدىن ئىككى خو بۇغداي تېپىۋاپتىكەن، ئۇنى مەدھىيىلەپ "ئىنقىلاۋىي زور غەلىبە" دەپ يېزىشقان ۋە شۇ كىچىك بالىدىن "ئۈلگە" ئېلىشنى دەۋەت قىلىشقان ئىدى. چۈشىنى ئۆلتۈرۈۋۈشتىمۇ خۇددى شۇنداق "ئۈلگىلىك" تەشۋىقاتلار يېزىلىپ تۇراتتى. چۈشىنى بەلگۈلەنگەن نورمىدىن ئارتۇق ئۆلتۈرۈپ "نەمۇنىچى" بولغانلارنىڭ خېلىسىنى بىجىڭغىچە سەياھەتكە ئاپپىرىپ، "ئۇلۇغ داھى" ماۋجۇشىنىڭ "نۇرلۇق سىماسىنى" كۆرۈشكە، بىللە رەسىمگە چۈشۈشكە سازاۋەر بولۇشقانىدى. شۇلارنىڭ قاتاريدا "چۈشىن زەربىدارى" بولغان بىزنىڭ يۇرتىدىن بارات تازمۇ بار ئىدى.

مەن قارا باسقاندەك ئالامەتلەرنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بۇندىن كېيىن يەنە قانداق ئەجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەر بېشىمىزغا كېلىشىنى ئويلىغىنىمچە تۇرۇپ قاپتىمەن. مېنىڭ تەشۋىشلىك مۇلاھىزىلىرىمنى كىمنىڭدۇ "ئىبراھىم!"، دېگەن ئۈنلۈك تاۋۇشى بۇزۇۋەتتى، ھودۇققانلىغىمدىن، قاراڭغۇدا سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ جوتۇنى تاپتىمدە، ئۆزەمنى تالاغا ئاتتىم.

ئەڭ ئالدىدا ئونچە چوڭ ـ كىچىك دۇمباقلارنى كۈچىنىڭ بارىچە چېلىپ كېلىۋاتقان دۇمباقچىلار. ئۇلارنىڭ كەينىدە ختاي، ئۇيغۇر،

موڭغۇل، قازاقلار مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشىپ، دۇمباقلارنىڭ بىر خىل "گۈپپاڭ ـ گۈپلىرىغا" ماسلاشقان ھالدا خىتايچە كوچا ئۇسۇلىنى ئوينىشىپ، ھەر يان تايتاڭلىشىپ كېتىۋاتقانلار، كېيىنكى سەپتە: "پولاتقا يۇرۇش"، "ياشىسۇن ئۇچ قىزىل بايراق"، "سەكرەپ ئىلگىرىلەش"، "ياشىسۇن ئۇلۇغ داھى ماۋجۇشى"... شۇ خىلدىكى نەيرەڭلەر يېزىلغان بايراق ـ پلاكاتلارنى كۆتۈرۈشكەن ۋە ئەسكەرلەرچە سەپ ـ سەپ تىزىلىشقان پېتى، شۇئار توۋلىشىپ دەۋرەپ كېلىۋاتقان ئادەملەر. ئەڭ كەينىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەر ئارتىلغان چانا، ھارۋا، ئات ـ ئۇلاقلار قاتارلىشىپ كېلىشمەكتىكى، بۇ "چوڭ يۇرۇش" دە، ئاتالمىش مالا ـ ماتاڭنىڭ ئالدى ـ كەينى كۆرۈنمەتتى. مېنى ئۆيدىن ھايداپ چىققان زۇجاڭ سەپكە تۇرۇشۇمنى ئىشارە قىلدىدە، ئۆزى توپىلاڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. مەن نەگە، نېمىگە كېتىپ بېرىشىمنى سورۇشتىمۇ قىلماي، يول ئۇستىدە پادىغا قوشۇلغان موزاي سىياقى، ئادەملەر كارۋىنى ئىچىدە كېتىۋەردىم. ئادەتتە، قاتاردىكى ئادەملەر بۇيرۇغاننى قىلىش كېرەك ئىدى، سوراپ ـ سورۇشتە قىلماسلىقى لازىم ئىدى، ئۇنداي قىلمىغانلار، ئەكسى ھالدا دودەن ـ چاتاقچى ئاتىلىشى چوقۇم ئىدى.

بىر شەھەردىن بۇرۇلۇپ تۈزلەڭگە چىقىشىمىزغا، شىمال تەرەپتىن شۇنداق سوغ شامال ئۇردىكى، بەدەنلەر تىكەنلىشىپ، كۆزلەردىن سوغ ياشلار ئېقىشقا باشلىدى. ھەممىمىزنىڭ كىيىملىرى يالاڭ، يىرتىق، لېكىن "ئىنقىلاۋىي" ئىرادىمىزنى بوشاشتۇرماي، شىددەتلىك قەدەملەر بىلەن ئالغا، پەقەت ئالغىلا قەدەم تاشلاش زۆرۈردە!.. تەبىئەت ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتتى، ئەتىمالىم، يۆتىلىشلەر بارغانچە كۆپىيىشكە، كۈچىيىشكە باشلاپ، بارا ـ بارا "ئىنقىلاۋىي" دۇمباقلار ساداسىنى يۆتەل ئاۋازى بېسىپ چۈشتى. شۇنداقتىمۇ، سەپتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ياكى دات ـ پەريات ئوقۇغان بىرمۇ ئادەم بولمىدى ـ دۇمباق ۋە يۆتەل ساداسى ئاستىدا ئالغا قاراپ مېڭىۋەردۇق.

غاردىن غۇلىغان قادىر

ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇن مەنزىلگە يەتتۇق. "چوڭ يۇرۇشكە" قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى تۇگەل يېتىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىگىنى بىلمەيمەنۇ، ۋەلىكىن، ياشانغانىراق ۋە كىيىم ـ كېچىگى يالاڭىراقلارنىڭ نەچچىسى ئاق قار ئۈستىگىلا دۈمچە يىقىلغانلىغىنى، ئۇلارنى، زۇجاڭ، دۈيجاڭلارنىڭ دۈشكەللىگەنلىگىنى كۆرۈپ ماڭدىم. تاقغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە خېلىسىنىڭ ئۆپكىسىگە سوغ تېگىپ بىر ھالدا يېتىپتۇ.

پولات تاۋلاش ھەرىكىتى ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بىزنىڭ چوڭ توپنى بىر پولك قىلىپ تەشكىللىدىدە، ئۇنىڭ قارىمىغىدا پولك شتابى، كومبات، كومروتا، كومۇزۇودلار تەشكىل قىلىندى. مېڭىش ـ تۇرۇش، يېتىش ـ قوپۇش، ئىشلەش ۋە تاماقلىنىشلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئىنتىزام بويىچە، ئىش سۈرئىتىمۇ ئىنتايىن جىددىي ۋە ئېغىر ئىدى. ھەر بىر كۈنكى ئىش نەتىجىسىنى كەچتە مەجلىس ئېچىپ خۇلاسىلەش بىلەن بىللە، ماڭا ئوخشاش "سىناقتىكىلەرنى"، "ئوڭچى ـ مىللەتچى" قالپىغىنى كىيگەنلەرنى "ياخشى ئىشلىمىدى" دەپ روھىي زەربە بەرگىنى بەرگەن، چوقىلىغىنى چوقىلىغان، كوچىلىغىنى ـ كوچىلىغان... بىزنىڭ پەيجاڭ ھېلىقى بىجىڭغا بېرىش "بەختىگە" سازاۋەر بولغان بارات چۇۋىن. ئۇ لەقىمىگە لايىق گېپى سېسىق، قىلىغى تېتىقسىز، خۇنۇك ئادەم ئىدى. چۇۋىن نىجاسەتنى ئەگىگەندەك، باراتمۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئەتراپىمىزنى ئايلىنىپ يۈرگىنى يۈرگەن. كېچىلىرى بولسا، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ياتقان ئورنىمىزنى تەكشۈرۈپ، ساناپ ـ

تۇگەنلەيدىغان. ئۇ بىزنى ئۆز ئىسمىمىز بىلەن ئەمەس، ئۇستازلىرى ئۇگەتكەن: "مىللەتچى"، "رېۋىزىئونىست"، "جاھىل ئۇنسۇر"... يەنە شۇ خىلدىكى قەبىھ ئىبارىلەر بىلەن ئاتايدىغان. "سەن مىللەتچىلەرنى پۇتۇڭغا ئون قاداق كىشەن سېلىپ ئىشلىتىش كېرەك. ماۋجۇشى ئاتىمىز ئىلتىپات قىلىپ، ئوچۇق ھاۋادا يۈرگىنىڭگە خوشال بولۇش، ئەپەندىچاقلار! مېنىڭ ئەركىمگە قويۇپ بېرىشسە، سەندەكلەرنى

كۆندۈزى هارۋىغا قوشۇپ، كېچىسى مۈز چوقۇتاتتىم..." دەپ هاقارەت قىلاتتى...
بىز خەتەرلىك جايدا ئىشلىگىنىمىز ئۈچۈن، جېنىمىزنى ئامانەت قويىغاندەكلا ھېس قىلىشاتتۇق. قىيا تاغ باغرىدىن رودا قېزىپ، تالدىن توقۇلغان باداالڭ ـ سېۋەتلەرگە قاچىلاپ يەلكىمىزدە يۆدۈپ، تىك يانتودىن تۆۋەنگە ـ پولات ئېرىتىدىغان ئوچاقلارغا تۆكەتتۇق. بىر كۈنى هاياتىمدا زادىلا ئۇنتۇلمايدىغان، مانا شۇ تاپتىمۇ كۆز ئالدىمدا ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېچىنىشلىق هادىسە يۈز بەردى. ئەندىلا تاڭ يورۇشى بىلەن چېلىنغان پۈشتەك ئاۋازى قۇلاقىا ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز ئورنىمىزدىن چاچراپ تۇردۇق - دە،ئۆزىمىزنى سىرتقا ئاتتۇق. سەپكە تىزىلىشىپ، ساناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن:
ـ جەڭگىۋار ۋەزىپە: بۈگۈن ئەتىگەنلىك چايغىچىلىق ئىككى قېتىم قاتنايسىلەر! نورماڭلار سەكسەن جىڭدىن يۈز جىڭغا ئاشۇرۇلدى... ـ دېدى بارات چىۋىن.
ـ ئەندى زورۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇق ـ دە، ـ دېدى يېنىمدا تۇرغان قادىر مېنى ئاستا نوقۇپ. مەن "جىم تۇر" دېگەندەك، ئۇنىڭ قولىنى قىستىم. قادىر ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارشى چىقىشتىن قايتمايدىغان ئوت يۈرەك ياش بالا ئېدى. ئۇ باراتقا نەچچە قېتىم قادىلىپ تۇرۇپ رەددىيە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئۇمۇمىي يىغىندا كۈرەشكە تارتىلىپ، پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ، بىر ھەپتىگىچە تاغدىن رودا توشۇغۇزغانىتى. ئون سەككىز ياشقا ئەندىلا ئۇلاشقان قادىر، چۆچەك شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىشىگىلا، "يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش" ھەرىكىتىنىڭ قۇربانى بولغان ۋە "مىللەتچى" قالپىغىنى كىيگەن. ئۇ: "بىزنىڭ مىللىي باشلىقلىرىمىزنى بىر ـ بىرلەپ تۈگىتىدىغان بولدى بۇ پىسەندىلەر..." دېگەن سۆزى ئۈچۈنلا موشۇ "ئېشەك سۈرەتلىك" بالاغا گىرىپتار بولغان. قادىردەك ياش ئۆسمىلەر بىزنىڭ "پولكتا" ئاز ئەمەس...

ـ كۈچار سەتەڭلىرىدەك بىلىكىنى تولغاشماي، راۋ ـ رۇس مىڭىش!
ـ خىتاپ قىلدى بارات.

ـ بۇنداق سىيسق جىن ئۆزەڭنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى بولمىسا ئەۋۇ جاڭگۇدىلىرىڭ قارنىڭغا قاچىلاپ قويۇشقانمۇ؟ ـ دەۋەتتى ئەلەمگە چىدىمىغان قادىر.

ـ ھەي، سەن تېخىچىلا ھۇشۇڭنى تاپمىدىڭما، شۇمتەك! سەن ھارىمىنىڭ بويى بىر غېرىچتەك بولغىنى بىلەن، جىنىڭ زور ئوخشىمامدۇ؟

بارات ۋايىسغان پېتى كەلدىدە، قادىرنى سەپتىن سۆرەپ نېرى ئېلىپ چىقىپ، ئاغزىدىن شالىنى چاچراتقان ھالدا: ـ ماۋۇ شوۋەكنىڭ پۇتىغا ئون جىڭلىق كىشەندىن بىرنى سېلىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى ياردەمچىلىرىگە.

بىز ئارا بولالمىدۇق... غەزەپ ـ نەپرىتىمىزنى ئىچىمىزگە سىڭدۈرۈپ سۈكۈت قىلىپ جىم تۇردۇق. قادىرنى ياقلاپ بىر ئېغىزدىن سۆز قىلدىپكەنمىز، بىزنىڭمۇ پۇتلىرىمىزغا كىشەن سېلىنىشى ھەتتا "تەشكىللىك قارشىلىق قىلدى" دېگەن چوڭ قالپاقنى كىيەتتۇقتە، "چۈشسە چىقماس" نامىنى ئالغان خاڭ تېگىگە چۈشۈپ كېتىشىمىز چوقۇم ئىكەنلىگىدىن قورقاتتۇق.

ئەندى ئەقلىمگە كېلىپ ئويلىسام، موشۇ كەمگىچە كىشەن ـ زەنجىرلەردىن قۇتۇلالماي قېلىشىمىزنىڭ تۈپ سەۋەۋى، قورققۇنچاقلىق ئىكەن... سىزچە قانداق؟

ـ قورققۇنچاق ـ خائىن، ۋىجدانسىز ـ ساتقۇن، دەپ بىكار ئېيتمىغاندە ئۇلۇغ دانالار، ـ دېدىم مەن.

ئىبراھىم بۇ سۆزلىرىمنىڭ مەناسىنى قوغلاشتىمۇ ياكى قىسسىسىنىڭ يۈنىلىشىنى تەخمىنلىدىمۇ خېلىغىچە ئويلاندىدە، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى.

... ـ قادىر ئېغىر كىشەننى شاراقلىتىپ، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى كىشەننىڭ ھەر بىر شاراقلىشى يۈرەككە مىق قادالغاندەك سېزىلەتتى. قادىرنى قىيناش ئۈچۈن بارات ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بىزنى ئەتتەي ئىلدام مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى. رودا

قازىدىغان يەر تاغنىڭ باغرىدا بولغاچقا، تىك يول بارغانچە يۇقۇرىغا كۆتىرىلەتتى ـ دە، مېڭىش قىيىنلىشاتتى. بۇ هالدا قادىرنىڭ هالى تېخىمۇ قىيىنلىشاتتى، ئۇ ئارىلاپ مۈدرەپ يىقىلغاندا، باراتنىڭ: "قوپە، شۇمتەك، سەپتىن كېيىن قالساڭ، تىرىك پېتىڭچە جىراغا تاشلىۋېتىمەن!" ـ دېگەن قەبىھ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قادىر تۆت قېتىم سۈرۈلۈپ يىقىلدى ۋە تۆت قېتىم باراتنىڭ قاباهەتكە تولغان دىل ئازارلىغى تاغ ئىچىدە ياڭرىدى.

بىز رودا تېشىنى قازىدىغان يەرگە يېتىپ بارغىنىمىزدا تاڭ يورۇدى. قادىرمۇ بىزنى سوڭدىشىپ يېتىپ كەلدى. ئاسمان سۈپەتەك ئوچۇق. تاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى سەللە يۆگىگەندەك ئاق ماموق بۇلۇتلار قاپلاۋاپتۇ. قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرىدا تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرى قىزىل رەڭدە بويالغاندەك قىزىرىشقا باشلىدى. هايال قالماي قۇياشنىڭ شولىسى تاغ كۆكسىدە ئۆسكەن ئارچا ـ قارىغايلارغا تېگىپ، تاغ ئىچى رەڭمۇ ـ رەڭ نۇر بېرىپ ياسالغان سەهنىگە ئوخشاپ كەتتى. چوغدەك بۇلۇتلارنى ئارىلاپ سەيلە قىلماقچىدەك، قىران بۈركۈت تاغ چوققىسىنى بويلاپ پەرۋاز قىلدى ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك قاناتلىرى قۇياشنىڭ ئالتۇن كىرپىكلىرىدە يالىلداپ، كۆزلەرنى قاماشتۇردى. بۇ ئەجايىپ گۈزەل مەنزىرىدىن بەهرىمەن بولۇپ، كۆڭۈل هۇزۇرلانغىدەك كەيپىيات بىزدە يوق ـ ئۆز ئاۋارىگەرچىلىگىمىز بىلەن بەنت.

ـ ئون بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىمەن. شۇڭغىچە باداشلارنى قاچىلاپ، دەقەمتە بولاش! ـ بۇيرۇق بەردى بارات قول سائىتىگە قاراپ، ـ ئېيتىپ قوياي، نورما ـ يۈز جىڭ، ـ ئۇ يەنە سائىتىگە قارىدى. ماۋچىلار تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان بۇ لەنىتى بۇزۇق سائەت هېمىشەم بىزنىڭ زىيىنىمىزغا "سەكرەپ ئىلگىرىلەپ" ماڭىدىغان. ساۋاتسىز جاهىل بارات چۈشىن سائىتىنىڭ رەقەملىرىنى ئاڭقىرالمىغاچقا، بىر ئاسماندىكى قۇياشقا، بىر سائىتىگە قاراتتىدە، ۋاقىتنى تەخمىنگە بەلگۈلەيتتى.

ئادەتتىكى كۈنلەردەك جوتۇلارنى قولغا ئالدۇقتە، ئىشقا چۈشتۇق. قادىرمۇ پۈتىدىكى كىشەننى شاراقلاتقان هالدا رودا قېزىشقا

كىرىشتى. ئۇ جوتۇنى ئېگىز كۆتىرىپ، غەزەپ بىلەن خۇددى دۈشمەننىڭ كاللىسىغا گۈرزە ئۇرغاندەك، بار سالمىغى بىلەن تاشقا ئۇراتتى. غەزەپتىنمۇ ياكى كۈچەشتىنمۇ ئۇنىڭ ياش بالىلارغا خاس يېقىملىق مەڭزى پوكاندەك قىزىرىپ، ھېممىشەم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىغاندەك قىلاتتى ۋە نېپىز لەۋلىرىنى ئەسەبىي چىشلىگەن ھالدا لەنەت ئوقۇغانلىقى، ماڭا يېقىن بولغاچقا، قۇلىقىمغا چىلىقاتتى: "مانا بۇ ـ ماۋ لىيۇ ئۈچۈن، بۇسى ـ ماۋنىڭ مىدىسى ئۈچۈن... بۇنىسى بولسا ـ مىللىي مۇناپىقلار ئۈچۈن..." دەيتتى ئۇ ھەر بىر جوتۇ ئۇرغاندا.

ـ ھەي، شۇمتەك، چىلىدە تۇغۇلغان كۈچۈكتەك غىڭشىماي، تۈزۈك ئىشلە! ـ زەردە قىلدى نېرىراقتا سەپ سېلىپ تۇرغان بارات.

ئىرادىلىك ئادەمنىڭ روھىنى ھەر قانداق خېيىم ـ خەتەر ۋە زۇلۇم ـ سىتەم سۇندۇرۇلمايدىكەن. تېخى ئەندىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن، ئىسسىق ـ سوغنى كۆرمىگەن، ئۇستىخىنى قاتمىغان قادىرجان روھىي، جىسمانىي قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، رەقىپلەر ئالدىدا قەددىنى پۈكمىدى، ھېممىشەم بېشىنى ئېگىز كۆتىرىپ، مىللىي غۇرۇرىنى نامايەن قىلدى.

ـ مەن چىلىدە تۇغۇلغان بولسام، ـ دېدى قادىر باراتقا تىكىلىپ تۇرۇپ، ـ سەن خىتايلارنىڭ چاغىنىدا تۇغۇلغاندە!

بارات قادىرنىڭ تەنىسىنى ياخشى چۈشەنمىدىمۇ ياكى خىتاي بوسۇغىسىدا تۇغۇلدۇڭ دېگەن سۆز خىتاي بولالماي يۈرگەن مۇرتەدنىڭ كۆڭلىگە ياقتىمۇ، ئۇ قادىرنى دۈشكەلىمىدى. ناھايىتى:

ـ ۋالاق تەككۈر شۇمتەك، ئىشىڭنى قىل، دېيىش بىلەنلا چەكلەندى.

جوتۇ بىلەن تاش قاتلاملىرىدىن يۈز جىڭ روداني قېزىپ، باداڭلارغا قاچىلىغىچە قارا تەرگە چۆكۈپ، ھېچ مادارىمىز قالمىدى. ۋۇجۇدىمىزدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت شۇ ئاچچىق تەرگە قوشۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك، پۇت ـ قوللاردا قىلچىلىك دەرمان قالماي، ئۆگە ـ ئۆگىلەرنى سوغ تىترەك بېسىپ، كۆزلەر قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى: "ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈد بار" دېگەندەك، شۇ ئۈمۈد ـ ئارزۇ ۋە

كېلەچەككە تەلپۈنگەن ئىزگۈ تۈيغۇلار هايات تومۇرلىرىڭدا كۆچ ـ غەيرەت هاسىل قىلىدىكەن. ئەنە، شۇ غەيرەت، ئىرادە هەر قانداق ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ مەنبەسى بولىدىكەن.
بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەڭ تېتىك ۋە غەيرەتلىك قادىر ئىدى. ئۇ روهىي ـ جىسمانىي زەربىلەرگە پىسەنمۇ قىلماي، هەممىمىزدىن كۆرە روهلۇق، تېتىك ئىشلەيدىغان. "ئىشلەيلى، ئاكىلار، ئىشلەيلى. جاڭگۇدىلەردىن يەر ـ سۈيىمىزنى ئايىمىدۇق، ئەندى هارام كۆچىمىزنى ئايامدۇق...» دەپ كۈلدۈرەتتى بىزنى.
كۆمۈر يۈكلەنگەن ئېشەك كارۋىنى سىياقى، باداڭلارنى يۈدۈپ، يان بېغىرلاپ كەتكەن تىك يولدىن تۆۋەنلەشكە باشلىدۇق. يانتۇ يولدىن تۆۋەنلىگەندە يۈكنىڭ ئېغىر سالمىغى پۇتقا كەلگەچكە، سەللا تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتساڭ، موللاق ئاتقىنىڭچە غارغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى هەر قەدەمدە بار ئىدى. شۇڭا هەممىمىز ئۆزىمىزدىن كۆرە قادىردىن تەشۋىشلىنەتتۇق. بىز ئوتتۇزچە كىشى دۆڭدىن چۈشۈۋالغىچە، قادىرنىڭ پۇتىدىكى كىشەننى ئېلىپ تاشلاشنى بارات چىۋىندىن ئىلتىماس قىلساق:
ـ ئاپاڭنىڭ بىلەيزۈگى ئەمەستە، خېمىر يۇغارغاندا سىيرىپ ئېلىۋېتىدىغان. بۇ مەپكۇرە تۈزەيدىغان قۇرال، بىلىشەمسەن؟ ـ دەپ زەهەرخەندىلىك بىلەن قاقاخلاپ كۈلدى بارات.
ـ بارات راستىنى ئېيتتى: بۇ كىشەن ماۋجۇشى «ئاتىمىز» ئۇيغۇر خەلقىگە ئاتاپ مەخسۇس ياساتقان تەۋەرۈك بولغاچقا، زىبۇ ـ زىنەت ئورنىدا ئاسرايمىزدە! ـ دېدى قادىر. ئۇنىڭ بۇ ئۆتكۈر كىنايىسىدىن قەلبىمىز سۇ ئىچىپ، غەش كۆڭلىمىز يورۇپ كەتكەندەك بولدى.
ـ ئالدىرىما، شۇمتەك، ئاغزىڭغىمۇ كىشەن سېلىنىپ قالار تېخى، دېدى دوق قىلغان بارات.
هەر كۈنى نەچچە قېتىم قاتنىغاچقا، بۇ ئارىلىق بىزگە تونۇش يەنە سەكسەن قەدەمچە ماڭساق سايغا يېتىمىز، ئۇنىڭ نېرىسى تۈز يول. ئاخىرەتتىكى قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىشتتىك «سىرات كۆرۈكى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆتكۈلدىن تېيىلماي ئۆتۈش مونۇڭغا نىسبەتەن ئاسانىراق بولسا كېرەك. چۈنكى قۇربانلىقىقا سويغان

قوي ـ قوشقارلار سېنى كۆتىرىپ «سىرات كۆرۈكىدىن» ئۆتۈپ كېتەرمىش. ماۋنىڭ «سىرات كۆرۈكىدىن» يەلكەڭدىكى ئېغىر يۈك بىلەن ئۆتۈش بەسىي مۇشكۈلدە!

يەنە سەكسەن قەدەمچە! ھەر قەدەم ـ بىر ئەجەل ئۆتكۈلى... ھەر قەدەم كۈرەش سىنىغى. ئەشۇ كۈرەش سىنىغى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ـ غەيرەتنى جەمغۇرسا كېرەك، ئەتىمالىم، بىز خەتەر ئۆتكۈلىنى بويلاپ قەدەم ساناپ كېلىۋاتىمىز؛ يەتمىش توققۇز، يەتمىش سەككىز...

ـ قادىر، قادىرجان!..

ۋۇجۇدنى پارە ـ پارە قىلىدىغان پىغانلىق نالە ـ زارىغا، غۇلىغان تاشلارنىڭ شاراقلاشلىرى قوشۇلۇپ، تاغ ئىچىدە دەھشەتلىك ئەكسى سادا ھاسىل بولدىكى، يۈرەك قىنىدىن قوزغۇلۇپ كەتكەن ئىدى. شۇ پىغانلىق سادا ھازىرغىچە قۇلىغىمدىن كەتمەيدۇ...

ئۇ چاغدا ساي تېگىگە قانداقلارچە چۈشكىنىمنى ھېلىغىچە تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. قادىرجان تىتمۇ ـ تىت بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ تەبەسسۇم كەتمەيدىغان يېقىملىق يۈزىدە رەقىپلەرگە نىسبەتەن نەپرىتى، كىنايە كۈلكىسى شۇ پېتىچە قېتىپ قالغاندەك. "ئىشلەڭلار، ئاكىلار، ئىشلەڭلار، جاڭگودىلاردىن يەر ـ سۈيىمىزنى ئايىمىدۇق، ھارام كۈچىمىزنى ئايامدۇق..." دېگەندەك قىلاتتى.

## قەلبى پاك موڭغۇل يىگىتى

تاشقا چاپىمىز جوتۇ،
ئاچلىقتىن بولدۇق گوتۇ.
يېپىنچا يوق، كىيىم يوق،
ماۋغا قىلىمىز كاتۇ..

بۇ قوشاق ئاتالمىش "چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش" دەپ ئاتالغان ھەرىكەت ۋاقتىدا توقۇلغان. خەلق قوشاقلىرى ھەر دەۋرنىڭ ئۆزگە خاس مەناسى ۋە روھىي ھالىتىنى، خەلقنىڭ مەنىۋىي كەيپىياتىنى توغرا ئۆلچەيدىغان مىزاندىن ئىبارەت ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر ۋاقىئە يۈز بەردى: سەھەردە سەپكە تىزىلىپ، ماۋنىڭ تېكىمەت كىگىزدەك چوڭ سۈرىتىگە قاراپ ئۈچ قېتىم باش ئېگەتتۇق، ئاندىن ئىشقا چۈشەتتۇق. كەچتە بولسا، يەنە شۇ سۈرەت بۇتقا چوقۇنغاندىن كېيىن، ئۇخلاشقا رۇخسەت قىلىناتتى. ھارغان ـ تالغان ئادەمنىڭ بېشىغا تاش، ئاستىغا شېخىل سېلىپ بەرسەڭمۇ راھەتلىنىپ ئۇخلاۋېرىدىكەنسەن. گەمە سىمان ئورىدەك ياتاقتا، ئاستىمىزغا ئارچا قارىغاي شاخلىرىنى سېلىپ، كىيىملىرىمىزنى يەشمەي ئۇخلىشىمىز. مۇشەققەتلىك بىر كۈننىڭ ئەڭ راھەت ۋە ئەڭ خاتىرجەم پەيتى ئۇيقا ۋاقتى ئېدى. شۇ كۈنلەردىكى ئۇيقىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى دېمەمسىز... ئۇيقىدىن بېدارلىق زۇلۇمىنىڭ ئەڭ ئېغىر بىر تۈرى ئىكەن!.. چالا ئۇلۇك ئادەمدەك قاتتىق ئۇخلاپ كەتسەم كېرەك، ئەتىمالىم، مېنى سىلكىشلەپ ئاران دېگەندە ئويغاتقان موشغۇل يىگىتى ئېردە:

ـ ھوشۇڭنى يوقاتمىغانسەن، زادىلا ئويغاانمايسەنا! ـ دېدى. بىز ئارىمىزدىكى تېڭ ـ تىڭچىلاردىن پەخەسلىنىپ، كېچىلىرى قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ سۆزلىشەتتۇق.

ـ نېمە بولدى؟ نېمىشكە ئۇخلىمايسەن؟

ـ ئاڭلا! ـ دېدى ئېردە پىچىرلاپ.

ـ ھېچ نېمىنى پەرىق قىلالمىدىم، ـ دېدىم ئېردىنى ئاستا نوقۇپ.

ـ ياخشىراق تىڭشا، بىرسىنى قىيناۋاتىدىغۇ دەيمەن...

تاغ يىگىتى ئېردە لاچىندىنمۇ تۈيغۇن ئېدى. ئۇ قاتتىق ئۇيقىدا ياتسىمۇ، تېرىق قىلغان تاۋۇش قۇلىقىغا كىرگەن ھامان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىغا سەپ سالىدىغان. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر، قۇلاقلىرى دىڭ ئىدى.

ـ ئەندىغۇ ئاڭلىغانسەن، پاڭقاي؟ ـ يەنە نوقۇدى مېنى ئېردە. راستىنلا، ئەندى قۇلاقنى يارغىدەك نالە ـ زار ئوچۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ـ قايسى شورى قۇرغۇر بىچارىدۇر؟ ـ دەپ ئېردىنى مەككەم قۇچاقلاۋالدىم. ئېردىمۇ تىترەك قوللىرى بىلەن مېنىڭ بوينۇمنى قۇچاقلىدى.

ـ يۈرە، چىقىمىز.

مەن گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئېردىغا ئەگەشتىم. ئاقتۇكلەرگە تۈيغۇزماسلىق ئۈچۈن ئۆمۈلەپ تالاغا چىقتۇق. ھاۋا شۇ قەدەر ئوچۇق تىنىق ئېدىكى، يۇلتۇزلارنى سانىغىلى بولاتتى. ئاسمان چىراقلىرى ئەينەكتەك پاقىراپ كېتىپتۇ. ياپ ـ يېشىللىغىنى دايىم ساقلايدىغان ئارچا قارىغايلارمۇ تىنىق ھاۋادا تاۋلىنىپ تاغ مەزىرىسىنى تېخىمۇ زىنەتلەپ قاتار ـ قاتار مەغرۇر تۇرۇشىدۇ.

ـ ساي تەرەپكە قارا، ـ تەكرارلىدى، ئېردە. دەرۋەقە، ساي تەرەپتىن دۆڭگە ئۆرلەپ كېتىۋاتقان يالىڭاچ ئادەم كۆرۈندى. ئۇنىڭ قوللىرى كەينىگە تارتىلىپ باغلانغان بولۇپ، ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بىرسى تۇتۇۋاپتۇ، يەنە بىرى سۇغا چىلانغان ئارقان بىلەن يالىڭاچ ئادەمنى ساۋاپ كەلمەكتە. شۇ زاماندا كۈلىدىن ـ ئىچكى خىتايدىن چىققان خىتايلارنى "كادىر" دەپ ئاتىشىدىغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك چوڭ ـ كىچىك مەنسەپ ئېگىسى، ئۇلار يەرلىك خەلقنى ئىدارە قىلاتتى. ياكى "مەسلىھەتچى" سۈپىتىدە نازارەت قىلىشاتتى. مەن ھېلىقى يالىڭاچ ئادەمنى قىيناپ كېلىۋاتقان ئىككى "كادىرنى" كۆرۈش بىلەن خەلقنىڭ مونۇ قوشىغى يادىمغا چۈشتى:

ئاشلىقنىڭ يامىنى دادۇر،
ئادەمنىڭ يامىنى كادىر.
كەتمەننى چاپىدۇ سادىر،
ئاق ناننى يەيدۇ كادىر.

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن موشۇ خىل زۇلۇم ـ ئازاپنى تاپقىلى بولار؟..
ئىبراھىمنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك، پاجىئەلىك قىسسىسىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىشقا باشلىدى.
ـ يۇرە، زالىملارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئاندىن كۆرگىلىكنى كۆرەيلى، ـ دېدى ئېردە، مېنىڭ قولۇمنى تارتىپ.
ئىبراھىم يەنە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.
ـ ئۇلار قۇرالىقۇ؟..
ـ قورققۇنچاق، دەپ ماڭا نەپرەتلىنىپ قارىدى، ئالغا قاراپ ماڭدى ئېردە. مانا دەل شۇ ئان ھېلىقى بېچارىنى سۆرەشتۇرۇپ، يانىدىكى گەمىگە كىرىپ كەتتى كادرلار.

* * *

ئېردە ماڭا گەپمۇ قىلماي كەسكىن بۇرۇلدىدە، ياتاق تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بىردىن ئىشقا تۇتۇش قىلدىكەن، ئۇستىرا بىلەن تىلىپ قويغاندەك قىسىق كۆزلىرىدە قەتئىيەتلىك چاقناپ كېتەتتىدە، ئۇنى باسقان ئىزىدىن قايتۇرۇش تەس ئېدى. ھېلىراقتا ئۇنىڭ رايىچە بولۇپ، ئارىغا چۈشمىگەن بولسام، ئۇ يۈگرەپ بارغىنىچە قۇراللىق ماۋچىلارغا ئېتىلىشتىن قايتمايتتى.جۈرئەتلىك ـ قەيسەرلىكنىڭ ئۆز ئورنى بارغۇ! مەن موشۇ تەرىپىنى ئويلاپ، ئېردىنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋالغان ئېدىمدە! لېكىن ئېردىنى رەنجىتىپ قويدۇم. ھاقارەت ـ كەمسىتىشكە تەن بېرىپ ھايات كەچۈرگىچە، قارشىلىق كۆرسىتىپ ھالاك بولۇشنى شەرەپلىك ھېساپلىغاندۇ ئۇ موڭغۇل يىگىتى... ئۆزەمدە شجائەت ـ غەيرەت يوق ئېكەن، نېمە سەۋەپتىن ئېردىگە پۇتلى ـ كاشاڭ بولدۇم مەن پالەچ!
" ـ يەتتە قاراقچى" ياكى "تارازا" يۇلتۇزلىرىنى سەياھەت قىلغۇڭ كېلىۋاتامدۇ، ئاسمانغا تىكىلىپ قاپسەنا، ئەپەندىچاق؟!

بارات چۈشىنىڭ زەھەرخاندىلىك ئاۋازى ئىچكى كەچۈرمىلىرىمنى كېسىۋەتتى .
ـ ھاجەت ئۇچۇنمۇ تالا ـ تۈزگە چىقىشقا بولمامدىكەن؟ ـ دېدىم .
ـ ھېلىقى قىيىق كۆز ناجىنس مېنى كۆرۈپلا، غىپلا قىلىپ كۆزدىن غايىپ بولدا!
" ـ قىيىق كۆز" دېگەن كىمۇ؟ ـ بىلمەسكە سالدىم .
ـ ماڭا جىنىنىڭ بارىچە تولۇپ، ۋۇ ! دۈشمەن پۇشتىدىن بولغان ھارىمى!ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ! ـ دېدى بارات ئاۋازىنىڭ بارىچە .
ئېردە ئىككىمىزنى "قوماندانلىق شتابى" ـ پولات تاۋلاشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان باشقارمىغا ئاپىرىشتى . ئىشلەپ چىقىرىشتىن كۆرە ھەربىي مەھكىمىنى ئەسلىتىدىغان بۇ بۆلمىدە قۇراللىق چېرىكلەر كۈزەتتە تۇرۇشاتتى .
ـ مانا، ـ دېدى بارات بىزنى كۆرسىتىپ .
ـ نېمە؟! ـ باراتنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرالمىدى، ئەتىمالىم، ئۈستەلگە پوكىنىنى چاپلاپ ئولتارغان خىتاي ئورنىدىن دەس تۇردىدە، ئالدىمىزغا كېلىپ چىرايىمىز، ئۈستى ـ بېشىمىزغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى . ئۇنىڭ خۇن چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن شەپقەتسىزلىك، ۋەھشىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .
ـ بۇزۇق، ـ تەكرارلىدى ئۇ خىتايچىلاپ ۋە بىردىن باراتقا كەسكىن بۇرۇلۇپ، ئۇنىنى بارىچە چېقىراپ ـ خۇن دەن! ـ دەپ ئىشىكنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ "يوقال" دېگەن سۆزىنى چۈشەنمىگەن بارات، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، دەم بىزگە، دەم خىتايغا ئالاقزادە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى .
ـ خۇن دەن! ـ تەكرارلىدى خىتاي كادر، بۇ قېتىم لاتا خەي كىيىۋالغان ئىنچىكە پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىچەكلەپ، قورقىنىدىن كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولغان بارات چىۋىن بىزنى ئالدىراش سىرتقا باشلاپ چىقتى .
ـ جاڭگۇيدەك بىزنى قوبۇل قىلمىدى، ئەندى نەگە ئاپارماقچىسەن؟ ـ دېدى كىنايە قىلىپ ئېردە .

ـ بۇگۈنكى كۆرسەتكەن "خىزمىتىڭ" بەدىلىگە "خۇن دەن" دېگەن مۇكاپاتقا سازاۋەر بولدۇڭدە، بارات! ـ دېدىم.

ـ سېنىڭ قارىمىغىڭدا ئىشلەيدىغانلاردىن تۆتى تاغدىن غۇلاپ، سەككىزى كېسەل بولۇپ ئۆلگەن بولسا، ئون توققۇزى تىرىك پېتىچە خاك تېگىدە قالدى. شۇنداقتىمۇ، سەن "پىلاننى" ئاشۇرۇپ ئورۇنلىمىغاچقا، دۆيجاڭلىق دەرىجىگە يېتەلمەي يۈرىسەندە!

ـ دەل ئۈستىدىن چۈشتىڭ، ـ دېدى ئېردە، مېنىڭ تەنەمنى قۇۋەتلەپ، ـ ئەبلەخ بېشەم ئۆز سىڭلىسى خەلچەمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، سولاتقاننىڭ سىرتىدا ئاكىسى ئۆمەرنى خاك تېگىدە ئىشلىتىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. مانا "ساداقەتلىك" دېگەن.

ـ بولدى، بۇزۇق ئۇنسۇرلار!

بىزنىڭ ئۈستۈنلىگىمىز ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلگەن ئىككى قۇراللىق چېرىك بىزنى قايتۇرۇپ شتابقا ئاپاردى. باراتنى هايداپ چىقىرىۋەتكەن هېلىقى خىتاي بۇ قېتىم كۆرسەتكۈچ بارمىغىنى بىزگە بەتلەپ تۇرۇپ:

ـ يا ـ چۇ! ـ دەپ بۇيرۇق بەردىدە، باراتقا كنوپكا باسقاندەك بارمىغى بىلەن بۇرنىنى بېسىپ شالاقىدە مىشقىرىۋەتتى. روهى كۆككە كۆتىرىلگەن بارات چۈۋىن بىزنى يەر تېگىدىكى سولاقخانىغا يەتكۈزۈپ بارغىچە يەتمىش پۇشتىمىزنى چالا قويماي تىللاپ باردى.

* * *

يەر ئاستى سولاقخانا دېگىنىمىز، پولات تاۋلاش ئۇچۇن يەرنى ئويۇپ ياسالغان ئورا شەكلىدىكى ئوچاق. بىر قېتىم پولات ئېرىتىشتىلا كاردىن چىقىدىغان بۇ ئوچاقلاردىن ۋاقىتلىق "گۇناهكارلارنى" قىيناش ـ ئازاپلاش ئۇچۇن پايدىلىنىدىغان. بۇ تار غىمىسىدا پۇت ـ قولۇڭنى سوزۇپ ئولتۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، نەپەس ئېلىش ئۇچۇن هاۋا يېتىشمەيتتى.

ـ خە ـ پ!.. ـ ئېردىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ هەسرەتلىك پىغان ماڭا تەنە قىلغاندەك تۇيۇلدى.

ـ قورققۇنچاقلىقنىڭ ئاقىۋىتى مانا موشۇ ـ ...ئېردە غەزىۋىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قىينىلاتتى، ئۆزىنى هەر يان ئۇراتتى.

ـ قورقۇمىسىز بولساڭ، نېمە قىلماقچىدىڭ، قىسىق كۆز؟ ـ دېدى بارات. ئۇ ماراپ تۇرغان ئېكەن.

ـ ۋاي، ئادەم سۆرەتلىك ئىبلىسەي، ۋاي، ھەسسىياتسىز مەخلۇقەي!.. بىزنىڭ نەپەس ئالالماي، قىينىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنى تاماششە قىلىش ئۇچۇن ماراپ يۈرۈپسەندە، خالاجايىنىڭ چىۋىنى! ـ ئېردە بۇ سۆزنى قىلغىچە ۋۇجۇدىدىكى بارلىق قۇۋۋىتىنى سەرىپ قىلغاندى. چۈنكى ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ خېخىرىغىنىچە موكلا چۈشتى.

ـ ئىپلاس! مۇناپىقنىڭ مۇناپىغى! ـ مەن ئاران شۇ گەپنى قىلالىدىم.

ـ باتۇرلۇغۇڭنى، سۆزمەن ـ چېچەنلىگىڭنى كۆرەي، ھا، ھا، ھا! ـ بارات زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى. ئورنىنىڭ ئۈستىنى ھاۋا كىرمەس قىلىپ ياپتى ۋە كىمگىدۇ نېمىلەرنىدۇ جېكىدى ئۇ.

دوستۇم ئىككىمىز ئورىدىكى ھاۋانى تالاشقاندەك چوڭقۇر نەپەس ئالاتتۇق. بارا ـ بارا دەم سىقىلا ـ سىقىلا ھالسىزلىنىپ ھوشىمىزدىن كېتىپتىمىز...

## شەپقەت مەلىكىسى

قانچىلىق ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچسام، ئىسسىق چېدىر ئىچىدە يېتىپتىمەن. چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەشتە قۇرۇق قارىغاي شاخلىرى چارسىلداپ كۆيۈۋېتىپتۇ. بىر بۇلۇڭدىكى كىچىككىنە ئۈستەل ئۈستىدە ھەر تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر تىزىقلىق. "قانداقلارچە بۇ يەردە ياتىمەن؟ كىم مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى؟ ـ دەپ ئەجەپلەندىم، ـ ئېردىچۇ، ئۇ نەدە؟" ـ چېدىرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنى قويماي سەپ سالدىم، ئېردە يوق ئېدى... ئۇنى سۈرۈشتە قىلماق بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىمۇ، قىمىر قىلالمىدىم ـ پۇتۇمدىن، قولۇمدىن، بېلىمدىن ياغاچ كارىۋاتقا ماتالغان ئېكەنمەن.

ـ قىمىرلىماق، سىزگە تېنچلىق كېرەك، ـ دەپ كىرىپ كەلدى ئاق خالات كىيگەن قىز. ئۇ كۆزۈمگە ئاسماندىن چۈشكەن ئەپسانىۋى مەلىكىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ـ تىرىك قالغىنىڭىزغا شۈكرى دەڭ، تۆمۈردىنمۇ مەزمۇت يىگىت ئىكەنسىز. ـ ئاق خالاتلىق قىز تەشۋىشلىنىپ سىرتقا قارىدى. مەن شۇ كەمگىچە، بەلكىم ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەشۇ قىز كەبى ئىللىق چىراي، نەپىس تەبىئەتلىك ئىنسانىنى كۆرمىگەن ۋە كۆرمەسمەنمىكىن...

ـ ئېردىچۇ، ئۇ قېنى؟

ـ بىلمىدىم... ـ قىز كۆزىنى مەندىن يوشۇردى.

ـ ئېردە، ـ دەپ ۋاقىرىۋەتتىم . بۇ ئېغىر جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلمىسەم كېرەك، ھەمشىرەقىز بۇرنۇمغا قانداقتۇ دورا پۈرۈتۈپ ھوشۇمغا كەلتۈرۈپتۇ.

ـ تولا پەرىشانلانماڭ، مونۇ دورىنى ئىچىڭ، دورىنى ئاغزىمغا تەڭلىدى، مېھرىۋان قىز دورىنى ئىچىرىپ، پېشانەمنى سەبىنىڭكىدەك يۇمران قوللىرى بىلەن سىلاپ، چاڭگىلاشقان چاچلىرىمنى تاراپ قويدى. قىزنىڭ ئىسسىق قولى بەدىنىمدە يېقىملىق ھارارەت ھاسىل قىلدى ـ دە، تومۇرلىرىمغا كۈچ ـ غەيرەت قۇيۇلغاندەك بولدى.

ـ مېنى قۇربانلىققا سويىدىغان قويدەك ماتاپ قويۇپ، يەنە داۋالىغىنىڭلار نېمىسى؟

ـ قېچىپ كەتمىسۇن دەيدۇ ـ دە، ـ دېدى كۈلۈمسىرىگەن قىز.

ـ توۋۋا، ئويلىمايدىغىنى يوقتە بۇ جاڭگۇدىلارنىڭ...

ـ تېنچ! ـ دەپ تالانى ئىما قىلدى قىز ۋە ئىلدام بېرىپ، ئۇستەل ئۈستىدىكى دورىلارنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى.

چېدىر ئىچىگە ئېردە ئىككىمىزنى جازالاشقا بۇيرىغان ھېلىقى پاناق خىتاي، شاپاشلاپ كىردىدە:

ـ مونۇنى بۇ يەردىن چىقىرىش كېرەك، ھېلىما خېلە ياتتى بۇ مەخلۇق، ـ دېدى خىتايچىلاپ.

ـ ئىش قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئاياقتا ئۆرە تۇرارلىق مادارى يوق، مەن ئۇنى دورا بىلەن ئاران ھوشىغا كەلتۈردۈم.

ـ ساڭا ئىنقىلاۋىي تاپشۇرۇق ـ بۇ مەخلۇقنى ئەتىگىچە ئۆرە تۇرغۇزىسەن! ـ دەپ قىزغا بۇيرۇق بەردى.

ـ شۇنداق قىلىپ، ـ دېدىم خىتاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۆزۈمنى ئېچىپ، ـ ئىنقىلاۋىي تاپشۇرۇقنى قاچان ئىجرا قىلىسىز؟

ـ خىتايچىنى بىلىدىكەنسىزدە؟

ـ تولۇق بىلمىسەمۇ، مەزمۇننى چۈشىنىمەن.

ـ كۆردۈڭىزغۇ، سىزنىڭ تەغدىرىڭىزنى ماڭا تاپشۇردى، ـ دەپ كۈلۈمسىرىدى سەلىمەم ۋە ئۇنىڭ يېقىملىق چىھرىسى تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتتى.

ـ تەغدىرىم ئۆز ۋەتەندىشىمغا تاپشۇرۇلسا، نىمە ئارمان، ـ دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم. ماۋچىلار ماڭا رەھىم قىلىپ داۋالاتقىنى يوق. مېنى ئەتىدىن قالماي ئېغىر ئىشقا سېلىشى ياكى باشقا بىر كۆلپەتكە گىرىپتار قىلىشى ئېنىق ھالەت. قىينايدۇ، داۋالايدۇ، يەنە قىيناپ داۋالايدۇ ـ بۇ ئۇلارنىڭ جازالاش ئۇسۇلى.

ـ باشقىلارنىڭ يۈرىگىنى موجۇش ئۈچۈن سىزنى ئىبرەت بولارلىق جازالىشى مۇمكىن.

ـ دېمەك، سىز ماۋچىلارغا ئەستائىدىل تەن بەرگىنىڭىزمۇ؟

ـ نېمە، نېمە؟! ـ سەلىمەمنىڭ يۈزى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

ـ كەچۈرۈڭ، سەلىمەم، مەن باشقىچە مەنادە سۆز قىلماقچىدىم...

ـ قارشىلىق كۆرسەتىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بارلىغىنى مەندىن ياخشى بىلەرسىز؟

ـ ھە ـ ئە، ـ دېدىمۇ، لېكىن ئۆزەمنىڭ تېخى تەجرىبىسىز خام كاللا ئىكەنلىگىمگە ئىچىمدە ئىقرار بولۇپ، چېچەن قىزنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالدىم.

ـ مەن سىزنى بىر ئامال قىلىپ قاچۇرىۋېتىشكە تىرىشىمەن، ـ دېمەسىمۇ ھەمشىرە قىز، كۈتۈلمىگەن يەردىن بۇ تېرىقە سۆزنىڭ چىقىشىدىن گاڭگىراپ قالدىم. شۇڭلاشقا نېمە دېيىشنى بىلمەي تۆرەپ قاپتىمەن.

ـ سىزنى ئىككى كۈنگىچە ماۋچىلارنىڭ قولىغا بەرمەسلىك ئامالىنى قىلىمەن. شۈڭغىچە ماغدۇرىڭىز ئەكسىگە كېلىدۇ، ـ دېدىدە، مېنىڭ جاۋاۋىمنى كۈتمەيلا، ئىلدام چىقىپ كەتتى سەلىمەم. ئۇنىڭ كەسكىن قىياپىتىدىنمۇ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىنمۇ جەزم ۋە قەتئىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

قېچىش! بۇ چوڭ ھادىسىغۇ! لېكىن نەگە قاچىمەن! ئېلىمىزنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ماۋچىلار بار ـ زۇلۇم بار. ھەتتا ئۇلار دەشتى باياۋان تەكلىماكانغىمۇ ئۇۋا ياساپ بولدىغۇ! مېنى بىر كۆرۈشى بىلەنلا سىنىماي ـ تەكشۈرمەي، قېچىشقا دەۋەت قىلىدۇ بۇ قىز. ياكى باشقىچە بىر سىر بارمۇ؟ "يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" ھەرىكىتى مەزگىلىدە ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ئىرادىسىز، قورققۇنچاق، ساتقۇن، ئىككى يۈزلىمە ئادەملەر ئاز بولدىمۇ؟ تەجرىبىسىز، ھەر كىم نېمە دېسە، شۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەگىشىدىغان نادان گۆدەكلەر بۇ ياقتا تۇرسۇن، نەچچە دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ پەيلى ـ خۇلقىنى ياخشى بىلىدىغان مىللىي رەھبىري كادىرلار، ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ كاۋىگىنى كولىشىپ، تېرە ـ پېرەڭ بولۇشتىدە، ئاخىر يەتكەن يېرىمىز موشۇ بولدىغۇ!..

ـ ئۇخلاپ قالمىغانسىز؟ ـ سەلىمەمنىڭ دىلكەش، يېقىملىق ئاۋازى مېنىڭ گۇمان ـ ئەندىشىگە تولغان ئىچكى مۇلاھىزىلىرىمنى بۆلىۋەتتى.

ـ يەڭ، يەڭ! نېمىشكە تىكىلىپ قالدىڭىز چاپسانىراق يەۋېلىڭ، بىرسى كۆرۈپ قالمىسۇن، ـ دەپ زورلىدى سەلىمەم ئاغزىمغا قوشۇقنى تەڭلەپ. مەن سەلىمەمنىڭ رايىغا بېقىپ، ئاغزىمغا سېلىنغان ئاشنى يۇتۇشقا باشلىدىم ۋە سەلىمەمنىڭ چاقناپ تۇرغان نۇرانىي كۆزلىرىدىن كۆز يۈزمەي قاراتتىم... "قەلبى دەريا، ۋىجدانى پاك ئېكەنلىكىگە خۇما كۆزلىرى گۇۋالىق بېرىپ تۇرۇپتىغۇ! بۇ قەلبى پاك ئىنسانغا بەدنىيەت گۇمان قىلىش جىنايەتقۇ!.."

ـ نېمە بولدىڭىز، يەڭ. ئاش سوۋۇپ قالىدۇ.

ـ رەخمەت، سەلىمەم، ئاۋارە بولدىڭىز، ـ دېدىم ئارتۇقچە تىكىلىپ قالغىنىمدىن ئۇيۇلۇپ.

ـ يوق گەپنى قويۇڭ، ھەر بىر لوقما تائام سىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور مەددەت.

ـ بۇ بىر چىنە ئاشنى بۆرىلەرنىڭ ئاغزىدىن يۇلۇپ چىققىنىڭىزغا كۆزۈم يېتىدۇ، سەلىمەم.

ـ بۇ گەپنى قويايلى، ئېيتىڭا، قېچىشقا قارار قىلدىڭىزمۇ؟

ـ مەن قېچىپ قۇتۇلسامۇ، مەن ئۈچۈن سىز تۇتۇلسىڭىز!....

ـ كىچىك بالىنىڭ خىيالىنى قىلماڭ. سىزنى قاچۇرۇشنى بىلگەن ئېكەنمەن، ئۆزەمنى ھىمايە قىلىشقىمۇ چامىم يېتىدۇ. ياكى ماڭا ئىشەنمەمسىز؟

ـ ئىشەنمەسكىمۇ ھەققىم بار. ۋاھالەنكى، مەۋجۇت مۇھىت شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، مېنىڭ توساتتىن غايىپ بولۇشۇم، سىزنى زالىملار قولىغا، گۆرۈگە قويۇشتىن ئىبارەت...

ـ قېچىۋاتقانلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پانا تاپماقتا، سىز...

ـ ئەپەندىلەرنىڭ پەسەندىسى ئۆلمەي قالغىنىغا ھەيرانمەندە! ـ دېگەن پېتى كىرىپ كەلدى بارات. ئۇ ئوغرى مۆشۈك بەزگە ئىنتىلغاندەك، سەلىمەمگە ئاچ كۆزلىرىنى تىكتىدە، قىز قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، ئوچۇق چىراي كۆرسەتمىگەچكە، مېنىڭ قېشىمدا توختاپ:

ـ ئاناڭ بۆلەپ قويغاندەك بىخرامان يېتىپسەندە، ئەپەندىچاق! ھېلىقى قىيىق كۆز ناجىنس جەھەننەمگە سەپەر قىلدى، ئۈزىتىپ قويمامسەن!

ـ لە ـ نى ـ تى!.. ـ بۇ ئىبارە ئاغزىمدىن چىققىنىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ نېرىسىنى بىلمەيمەن. ـ تېلىپ قاپتىمەن...

**قوشاقچى يىگىت**

مېنى كەينىمگە تىرەك قويغاندەك، كەڭ سەيناغا يۆلەشتۈرۈپ ئاپارغان چاغدا، پولات تاۋلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك جەم بولغان ئىكەن. تاكى كۆز باغلانغىچە مۇشكۇل ئەمگەككە مەھكۇم بۇ پولات "جەڭچىلىرى" ماغدىرىدىن كەتكەن، ھارغان ـ ئاچقان ھالدا ئاران ـ ئارانلا ئۆرە تۇرۇشىدۇ. مەجلىسنىڭ "جەڭگىۋار" روھىنى چۈشەرمەس ئۈچۈن ئۇلار ئۆرە تۇرۇشى ۋە روھىي كەيپىياتىنى بوشاشتۇرماسلىقى شەرت. ئەتىدىن كەچكىچە ئېغىر ئەمگەك قىلىشتىن كۆرە تۆت ـ بەش سائەتلەپ موشۇ تېرىقىدە ئۆرە تۇرۇش نەقەدەر مۇدھىش زۇلۇملىقىنى قىياس قىلىش بەسىي مۇشكۇل دېيىشىڭىزچۇ!..

مېنى سەھنىدەك ياسالغان ئېگىزىرەك تەكچىگە ئېلىپ چىقىشتى. شۇ ئان ئالدىن ـ ئالا تەييارلانغان ئايرىم ئادەملەر تەرىپىدىن:

ـ يوقالسۇن مىللەتچىلەر!..

ـ مىللەتچىلەرگە ئارىمىزدا ئورۇن يوق!..

يەنە شۇ خىلدىكى ئەن بولۇپ قالغان شۇئارلىرى ياڭراپ كەتتى.

ـ يولداشلار! ـ دېگەن تاۋۇشى ئاڭلاندى بىر ھازادا ھېۋىز ئوت قۇيرۇقنىڭ. ـ پولك بويىچە چوڭ يىغىننى ئوچۇق دەپ ئېلان قىلىمەن!..

ـ بۈگۈنكى كۆرەش يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ـ داۋام قىلدى ھېۋىز، ـ ئارىمىزغا يوشۇرۇنغان خەتەرلىك دۈشمەنلەرنى جىنايەت ئۈستىدە قولغا ئالدۇق. بۇ بولسا، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ دانا تەلىماتىنىڭ يەنە بىر زور غەلىبىسى...

ـ ياشىسۇن ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ ئۇلۇغ داھى ماۋجۇشى!

ـ ياشىسۇن ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرغان ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسى!

يەنە شۇ ئۆگىتىلگەن ئادەملەر ۋاقىرىغان شۇئارلاردىن كېيىن ھېۋىز ئالدىن ـ ئالا تەييارلانغان "نۇتقىنى" خېلە ئۇزۇن ئەزمىلەپ ئوقۇپ بەردى. ئىككى سۆزنىڭ بىرسىدىلا ئىلاھلاشتۇرۇلغان ماۋ نامىنى ئاتايتتى.

ـ مونۇ ئەشەددىي مىللەتچىلەر، ـ دېدى ھېۋىز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بىزنى قولى بىلەن جونۇپ، ـ تۆبە ئوقۇپ تۆزىلىشىنىڭ ئورنىغا، ماۋجۇشىغا، خەنزۇ ئاكىلارغا ھاقارەت، تەتۈر تەشۋىق قىلغان...

ـ تۆزەلمەس ئۇنسۇرلارغا ئۆلۈم!..

بۇ شۇئارلار تېخىمۇ سۈرلۈك، دەھشەتلىكرەك ئاڭلاندى ماڭا.

ـ مونۇ، ـ دەپ كۆرسەتتى ھېۋىز يېنىمدا تۇرغان ياش بالىنى، ـ ئۈچ قىزىل بايراق ـ باش يول، باش ۋەزىپە، خەلق كوممۇنىسى ۋە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي سىياسىتىمىزگە قارشى قوشاقلارنى توقۇپ، كاپىتالىزم يولىغا باشلىماقچى بولغان...

ـ بېرى چىقسۇن!

ھەربىي كىيىملىك چېرىك قوشاقچى بالىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ، موم ياغاچقا ئېسىلغان گازوۋوي لامپىنىڭ يورۇغىغا ئېلىپ كەلدى. مەن كۆزۈمنىڭ قىرىدا قاراپ ئۇنى تونۇدۇم، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك لوقۇلداپ كەتتى. ئۇ ـ ناخشىچى، قوشاقچى ساتتار ئىدى. ساتتارنىڭ ماۋنى ۋە ماۋچىلارنى، خۇسۇسەن مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ئۆتكۈر ھەجۋىي قوشاقلارنى توقۇغانلىغىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. ئالدىنقى كېچىسى سوغاقدا ماۋچىلار يالغاچ قىيىنغان موشۇ ساتتار ئىكەنلىكىنى ئەندى بىلدىمدە، ئۆزەمنىڭ بېشىغا چۈشكەن ۋە چۈشىدىغان كۈلپەتنى ئۇنتۇپ، يىگىرمە ياشلىق ساتتارغا ئىچىم ئاغرىشقا باشلىدى.

ـ مانا بۇ ئېزىتقۇنىڭ يازغانلىرى، ـ دەپ قويىندىن ئۈچ ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، كۆپچىلىككە كۆرسەتتى ھېۋىز.

ـ ئۆزى ئوقۇپ بەرسۇن! ـ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋازلار ئاقتۆكلەرنىڭ بولماي، كۆپچىلىكنىڭ ئىكەنلىگى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆپچىلىكنىڭ موشۇ بانىدا ساتتارنىڭ قوشاقلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن يەنە بىر قېتىم ئاڭلاش بىلەن ماۋچىلارنىڭ يىغىن ئۈستىدە مەسقىرە بولۇشىنى خالاتتى. ھېۋىز نېمە قىلىشىنى بىلمەي، مەدەت كۈتكەندەك، ھەربىي كىيىملىك خىتايغا نېمىلەرنىدۇ دېۋىدى، ئۇمۇ ھودۇقۇپ قالدى. ماۋچىلار خەلق قەلبىدىن ئورۇن

ئالغان قوشاقلارنىڭ كەڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن قورقۇشى تەبىئىي ئىدى. ئۆزلىرى ئېلان قىلىپ قويغاندىكىن، ئەندى كۆپچىلىكنىڭ تەلۋىگىمۇ ئېتىۋار بەرمەسلىك مۇمكىن ئەمەستە! خىتاي كادىر نائىلاج ھېۋىزغا: "ئوقۇپ بەر" دېگەندەك ئىما قىلدى. ھېۋىز تىترەك ئاۋازدا ئاران ـ ئاران يامداپ ئوقۇشقا باشلىدى:

يۇرتتىن ھەرگىز كەچمەيمىز،
دەرت چەكسەكمۇ، دات ئېيتمايمىز.
باسقۇنچىلارغا قالدۇرۇپ،
ۋەتەننى ھەرگىز خار ئەتمەيمىز.

ھېۋىز قوشاقنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئەتىمالىم، كانىيىغا يوغان ئۇستىخان كەپلىشىپ قالغان ئىشتقا ئوخشاش، تېقىلىپ ئۇ يان ـ بۇ يان تولغاندى. شۇ ئارىدا كۆپچىلىكنىڭ كۆلكە ساداسى ياڭراپ كەتتى. بۇ سادا قوشاقتىكى ئۆتكۈر كىنايىلەرگە ئاھاڭداش سادا ئىدى. ماۋچىلار تېلى بىلەن ئېيتقاندا: مەجلىس كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، "كۈرەش مەجلىسى" پاسسىۋ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئەندى ماۋچىلار روھىي زەربىدىن جىسمانىي زەربە بېرىش، پوپۇزا قىلىش تەرەپكە ئۆتتىدە، ھەربىي كىيىملىك خىتاي تاپانچىسىنى چىقىرىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى ـ ئۈچ پاي ئوق ئاتتى ۋە كۆپچىلىككە قولىنى شىلتىپ:

ـ ۋاللاقلاشما! ـ دەپ خىتاپ قىلدى ئۇنىنىڭ بارىچە ۋە ساتتارنى كۆرسىتىپ: ـ بۇ ئىغۋاگەرگە قاتتىق جازا بېرىلىدۇ...

ـ مىللەتچى ئىغۋاگەرلەرگە يول قويمايمىز! ـ دېگەن پېتى ئىككى ئاقتۇك سەھنىگە يۈگرەپ چىقىشتىدە، ساتتارنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ سەھنىنىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ كېلىشتى.

ـ ساڭا كىم رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئىقرار قىل!

ساتتار تېنىمىدى، تەنتىرىمىدى، دوقلارغا پىسەڭمۇ قىلمىدى. سوئاللارغا جاۋاپ بەرمەي كۆكسىنى كېرىپ بېپەرۋا تۇرىۋەردى. لاپىمىنىڭ يورۇغىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غۇرۇر ۋە شىجائەت، نەپرەت ۋە

قىساس ئوتلىرى چاقناپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ، قەلبىم يورۇپ كەتتى. كېيىنى ــ كېيىندىن بەش ــ ئالتە گۇپپاڭچى ئاقتۇكلەر سەھنىگە چىقىشىپ، ساتتارنى جونۇپ، سىلكىشلىدى، ھەتتا بەزىلىرى ياش بالىنىڭ بېغۇبار يۈزىگە تۈكۈرۈپ تۇرۇپ، سوئال ــ سوراق بېرەتتى، جاۋاپ تەلەپ قىلاتتى. ساتتار ئۇلارغا جاۋاپ بېرىش ئورنىغا، نەپرەتلىك نەزەر تاشلاتتىدە، بېشىنى ئېگىز كۆتەرگەن ھالدا مەغرۇر تۇراتتى.

ئىشتلار تالىشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئۇسۇل نەتىجە بەرمىگەچكە، ئەندى "پەدە" يۆتكەشنى قارار قىلدى ماۋچىلار.

ــ بۇ جاھىل ئۇنسۇرنى نېمە قىلىش كېرەك، يولداشلار! ــ دەپ مۇراجىئەت قىلدى مەجلىسنىڭ رەئىسلىگىنى ھېۋىزدىن تارتىۋالغان ھەربىي كىيىملىك ختاي.

ــ قاماققا ئېلىنسۇن!

ــ پۇتىغا قوش كىشەن سېلىپ، خاڭنىڭ تېگىدە ئىشلىتىش كېرەك!

" ــ شەرمەندە" ھارۋۇسىغا قوشۇپ ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ ۋاقىراشتى بىر نەچچە ئاقتۇكلەر. بۇ ئېيتىلغان جازا چارىلىرى چەكسىز ئېغىر ئېدىكى، مۇنداق ھاقارەتنى تارتىشتىن ئوغا ئىچىپ ئۆلۈشنىڭ ئۆزى يېنىك ئېدى. ساتتار شۇ دەقىقىلەردە جېنىدىن كەچكەندۇ، بەلكىم.

ــ ساتتارنىڭ جىنايىتى ئېغىر، ــ دېدى ھەربىي كىيىملىك ختاي. بىز بىلىمىز، ساتتار تېخى ياش تۇرۇپ مۇنداق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە ئۇستازلىرى بار. شۇ يول كۆرسىتىدىغان ئۇستازلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلا...

ــ ناھەقتىن ــ ناھەق قىيناپ ــ ئازاپلىغىنىڭلار ئازلىق قىلدىمۇ؟ ئەندى بىزنى كۆش ــ كۆشكە سېلىپ، ئىشت تالىشىغا سالماقچى بولامسىلەر؟ ــ ساتتار يەنە نېملەرنى دېمەكچىدېكىن، بىراق ئۇنى ئاغزىنى مەككەم يېپىپ، ئۇرغان پېتى سەھنىدىن ئېلىپ كېتىشتى.

ساتتارنىڭ پاك قەلبىدىن ئورغۇپ چىققان ھەققانىي سۆزلەر ئادەملەرگىلا ئەمەس، ھەتتا تىلسىز تاغۇ ــ تاشلارغىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغاندەك، ئەتراپ سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمۈلگەندەك بولدى. ساتتارنى نەچچە قېتىم قىيناپ، كۆپچىلىك ئالدىدا تۇۋۋا ئوقۇتماق

بولغان ماۋچىلار ئۆزلىرى رەسۋا بولۇشتىدە، "كۈرەش" مەجلىسىنى باشقۇرالماي قېلىشتى.
خەلق ئىچىدە: "ماۋزېدۇڭ ئوڭدا يېتىپ بىر سىياسەت، دۈم يېتىپ بىر سىياسەت ئويلاپ چىقىرىدىكەن" دېگەن سۆزلەر تارالغان. ئەنە شۇ سىياسىي شۇئارلارنىڭ بىرى: "ئۈچ سېسىق تېرە ئۇستىسى ـ بىر جۇگولىياڭ" بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. جۇگولىياڭ دېگەن ئادەم خىتاي تارىخىدا ئىنتايىن تەدبىرچان، چېچەن ھېساپلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۈچ سېسىق تېرە ئەيلىگۈچى ئادەمنىڭ ئەقلى قوشۇلسا شۇ جۇگولىياڭدەك بىر ئادەم ھاسىل بولىدۇ دېمەكچىمىش. ماۋنىڭ موشۇ "سىياسىي كۆرسەتمىسىنى" قىبلەنامە ھېساپلايدىغان ماۋچىلار ئۈنى ھەر ئىشتا دەستەك قىلىشىدىغان. كۈرەش مەجلىسىدىن نەتىجە چىقىرالمىغان ئەمەلدارلار "ئۈچ سېسىق تېرىچىدىن بىر جۇگولىياڭ چىقىرىش" ئۈچۈن ئۆز ئارا مۇزاكىرە قىلىشقا كىرىشىپ كېتىشتى. "پالتا كۆتەرگىچە، كۆتەك دەم ئاپتۇ" دېگەندەك، بىر دەم بولسىمۇ ئارام ئالدۇق. ساتتارنى قاياقلارغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. مېنى چېدىرغا قايتۇرۇپ ئەكىرىشتىيۇ، بۇ قېتىم ئىشىك تۈۋىگە قۇراللىق كۈزەتچى قويۇشتى. سەلىمەم كۆرۈنمىدى، ئۈنىڭ كۈمۈچ قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلالمىدىم. چېدىر تەرەپكە ھايداپ مېڭىشقاندا سەلىمەمنى يەنە كۆرىدىغان بولدۇم دەپ، يۈرۈگۈم قىنىغا پاتمىغاندەك خوشھال ئۇرۇشقا باشلىغان ۋە ساتتار ھەققىدە سەلىمەمگە سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىرىغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، سەلىمەمنى شۇ كۈنىمۇ، ئۈنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرەلمىدىم... كېيىنىسىگە تۇتقۇندا ۋە قېچىپ يۈرگەن چېغىمدىمۇ سەلىمەمنى سۈرۈشتە قىلدىم، بەختكە قارشى ئاق خالاتلىق ئۇماق قىزنىڭ ھېچ بىر دېرىگىنى ئالالمىدىم. گۆزەل، پاك، زېرەك، ئىرادىلىك سەلىمەمنى ئۆز ئانا يېرىمىز قويىنىغا ئالدىمۇ ياكى ماۋچىلار يۇتۇپ تاشلىدىمۇ، ئۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇلۇق، ھەر ھالدا ئۇن مىڭلاپ ھالاك بولغانلارنىڭ قارا تىزىملىكىدە سەلىمەمنىڭ بولۇشى شۈبھىسىز...

ـ ئەجەبا، سەلىمەم ھەققىدە ئەتراپلىغىراق سوراپ بىلمەپسىزا! ـ دېدىم مەن سەلىمەنىڭ تەغدىرىگە چەكسىز ئېچىنىپ.

ـ ئۇ دېگىنىڭىز راست، ـ دېدى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ ئىبراھىم.

ـ سەلىمەمدەك نامى ئۆچمەس قىزلىرىمىز ئاز ئەمەس، ئىبراھىم. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز شۇ كەبى كۈرەشچان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى مەڭگۈلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ـ دېدىمدە، ئىبراھىمدىن قىسسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدىم.

ـ ئەتىسى، ـ دېدى ئىبراھىم، خېلىغا سوزۇلغان ئېغىر سۈكۈناتتىن كېيىن، ـ قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدا ساتتار ئىككىمىزنى "شەرمەندە" هارۋۇسىغا قوشۇپ، رودا توشۇشقا ئەۋەتتى. ماۋچىلار "رىن بيەنچىڭ گۇي" ـ ئادەم جىن ـ شەيتانلارغا ئايلىنىدۇ، ـ دەپ تەشۋىق قىلىشىدۇ. "بەي ماۋ نيۇ ـ ئاق چاچلىق قىز" ناملىق مەشھۇر تراگېدىيەسىدىمۇ بۇ پىكرنى ئالغا سۈرۈشىدۇ. مەن شەخسەن بۇ تەبرگە ئىشىنىمەن. چۈنكى ساتتار ئىككىمىزنىڭ بويۇنلىرىمىزغا ئېشەكلەرگە كىيگۈزىدىغان بويۇنتۇرۇقلارنى كىيگۈزۈپ، ئىككى چاقلىق هارۋۇنىڭ ئىچىگە بىرىمىزنى، تېشىغا (ياندافقا) بىرىمىزنى قوشۇۋېدى، خۇددى ئىككى ئاياقلىق هايۋاننىڭ ئۆزىگىلا ئايلاندۇق، پەرقىمىز پەقەت شۇنىڭدىكى، ئېشەك تۆت پۇتلۇق، بىز ئىككى، ئېشەكنىڭ تۆت پۇتى تاقىلاغلىق، بىزنىڭ تاقىمىز يوق، خالاس! ئەمما، لېكىن پۇتلىرىمىزدا ئۆلگەن ئاتنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن شىر چورۇق بار.

يەنە بىر ئايرىمچىلىق شۇنىڭدىكى، ئېشەكلەرگە يەم ـ خەشەك تويغىچە بېرىلسە، بىزگە ئاغزىمىز نەم بولغىدەكلا چەكلىك بېرىلىدۇ. ئېشەك يۈكنى تارتالمىغاندا، هايدىغۇچى هارۋۇنىڭ كەينىدىن يۆلەپ مەدەت بېرىدىيۇ، بىز تارتالمىساق ـ ئاھانەت، دەشنەم يەيمىز ۋە يۈك ئۈستىگە يەنە قوشۇمچە يۈك قوشۇلىدۇ... "شەرمەندە هارۋا" دەپ ئاتىلىشىدىمۇ سەۋەپ بار. كۈندىلىك ئەمگەك نورمىسىنى ئورۇنلىيالمىغانلارنى "دازىباۋ ـ چوڭ خەتلىك گېزىتقا" ئالاھىدە "شەرمەندە" دېگەن بەدنام بىلەن ھەجۋىي سۈرىتىنى سىزىپ چىقىرىدىغان. ماۋچىلارنىڭ ئاساسىي تەشۋىق قۇراللىرىنىڭ بىرى

بولغان "دازىباۋنىڭ" نەتىجىسى ئۇنۇملۇك بولمىسا كېرەك، ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا مونۇ "شەرمەندە" هارۋۇسىنى كەشىپ قىلىشتى. بۇ "كەشپىيات" ئەسلىدە ئىلىنىڭ ئۈچ كەپتەر دېگەن يېرىدە سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن ۋە شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئۇمۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلغان. "شەرمەندە هارۋۇ" ئاساسەن بىزدەك نازارەت ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلارنى جازالاشنىڭ بىر تۈرىگە ئايلانغان ئىدى.

ئىرادىلىك ئادەمنىڭ غەيرىتىمۇ زور بولىدىكەن. ساتتار تېخى ياش، ئۇستىخىنى قاتمىغان كىچىك بالىلىغىغا قارىماي، هارۋۇنى مەندىن كۆرە كۈچەۋىرەك تارتىشقا تىرىشاتتى. رودېنى قاچىلايدىغان يەردىن رودا تاۋلايدىغان ئوچاق ـ پەچكە يەتكىچە ئارىلىق ئۈچ ـ تۆت يۈز مېترچە مۇساپە. بىراق بارغانچە ئۆرىگە كۆتىرىلسەن. تىك قىيا جايغا كەلگەندە يۈكلۈك هارۋۇ كەينىگە ياناپ، ساتتار ئىككىمىز خېلىلا داجىپ كەتتۇقتە، بوينىمىزدىكى بويۇنتۇرۇق گېكىتەكنى قىسىپ، جېنىمىز چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالاتتى. ئىككىمىز هارۋۇنى ئاران ئورنىدىن قوزغاپ، داۋان ئاشقان ئاتلار ئوخشاش، يەنە تىرەجەپ زورغا ئالغا سىلجاتتۇق. ئىككى ئارىلىقنى هەر بىر قاتنىغىنىمىزدا بوۋاق چېغىمىزدىكى ئوغۇز سۈتىدىن تارتىپ بەدەنگە سىڭگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت تەرگە ئايلىنىپ تېنىمىزدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

هارۋۇنى سۆرەپ ئوچاق تۈۋىگە يېتىپ كېلىشىمىزگىلا:

ـ هاڭۋېقىپ تۇرۇشماي، هارۋۇنى بوشىتۇش! ـ دەپ ۋاقىرايدۇ بىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، سوڭىمىزغا چۈشۈۋالغان بارات چۈۋىن.

ئۆز ئىتائىتىدىكى قىرىقچە ئادەمنى نازارەت قىلىشنى باشقىسىغا تاپشۇرۇپ، ساتتار ئىككىمىزنى ئەگىپ يۈرگەن باراتنىڭ مەقسىتى بىزگە مەلۇم ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، بىزنى هادۇق ئالدۇرماي قىينىماق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزگە كۆز ـ قۇلاق بولماقچى. بىز "چۈۋىننىڭ" مەقسىتىنى سەزگەن هالدا ئوشۇق ـ توشۇق گەپ قىلىشمايمىز. بارات نەچچە قېتىم ئەسەبلىرىمىزگە تېگىپ، بىزنى "سايراتماقچى" بولدىيۇ، بىز سىر بەرمىدۇق، پىسەنت قىلمىدۇق. ئۇنىڭ كۆزىچە ساتتار ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئۆچمەن ئادەملەردەك قىياپەتكە كىرىۋالدۇق. ئەتىگەن بوينىمىزغا بويۇنتۇرۇق كەپلەۋاتقان

چاغدا، ساتتار ئاستا پىچىرلاپ: "چۈشكىچە گەپ قىلىشماي بۇتناپ يۈرەيلى. بەلكىم، مونۇ "چىۋىن" بىزدىن زېرىكىپ، باشقا ياققا ئۇچۇپ كېتەر"، دېگەن ئىدى.
باشقا قارا كۆن چۈشكەندە مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىلا ساڭا قېرىشقاندەك سېزىلىدىكەن. ئەركىن چېغىمىزدا كۈننىڭ قاياقتىن چىقىپ، قاياققا پېتىپ كېتىدىغانلىقىنى سەزمەي قالاتتۇق. بۈگۈن بولسا، قۇياش دېگەن نەرسە بېزەڭلىك قىلىپ، ئورنىدىن سىلجىمەس. قۇياشقا تەلمۈرۈپ قارىغانسىرى، ئەتتەي كەينىگە داجىپ كەتكەندەك سېزىلەتتى.
ئات ھارغاندا قۇلاق تۈۋى، ئادەم ھارسا كۆز چانىغى تەرلەيدۇ، دېگەننى ئاڭلىغىنىم بار. ساتتارغا قىيا كۆز تاشلىۋېدىم، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا كۆز چاناقلىرىدىن تەر دېگەن قۇيۇلۇپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەرلىك غەيرىتى چاقناپ تۇراتتى.
ئاخىرى چۈشلۈك غىزالىنىشقا پۈشتەك چېلىندى. پۈشتەك چېلىنغان چاغدا، بىز ئاخىرقى پەللىگە كېلىپ قالغان ئىدۇق. شۇڭا دەم ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكار كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىلدامىراق مېڭىشقا قانچىلىك كۈچىسەكمۇ، ھارۋۇ كەينىگە سوقچىغاندەك، ئۆزى بىلەن قوشۇپ بىزنىمۇ ساي تەرەپكە سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن ساتتار ئىككىمىز قىيىنچىلىققا تەن بەرمىدۇق. ئەرلىك غەيرىتىمىز بىلەن خەتەرلىكنى يەڭدۇق.
ئورۇلغان بۇغداينىڭ ئېگىزىغا قونغان قارغىلاردەك، كىچىك ـ كىچىك توپ بولۇپ ئولتۇرۇشقان پولات "جەڭچىلىرى" ئۆلچەم ئوماشنىڭ بىر تامچىسىنىمۇ زايە قىلماسلىق ئۈچۈن تۈنۈكە قاچىلىرىنى ئېھتىياتلىق تۇتۇشۇپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىشمەكتە. تاماق ئۈستىدىمۇ نازارەتنى بوشاشتۇرمايدىغان "كوماندىرلار" توپنى ئارىلاپ، كىملەرگىدۇ تەنبىھ بېرىپ، كىملەرگىدۇ ئاھانەت قىلىشاتتى. دەم ئېلىش ۋاقتىنى غېنىمەت بىلگەنلەر تېگىشلىك نورمىسىنى ئىچىپ ـ يەپ بولۇشۇپ، ئولتۇرغان يېرىگىلا قىڭغىيىشىپ، كۆز ئىلىۋېلىشقا ئالدىرىشاتتى.

ساتتار ئىككىمىزنى توپقا قوشماي، نېرىراق چەتكە ئولتۇرغۇزدى. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى ئون مېترچە پاسىل. بىزنىڭ "شەرمەندە" هارۋۇ بىلەن قوشۇلۇپلا دومۇلاپ هالاك بولمىغىنىمىزغا تەئەججۈپلەنگەن بولسا كېرەك ياكى بولمىسا ئاخشامقى "كۆرەش مەجلىسى" داۋامىدا جاسارەتلىك بىلەن ماۋچىلارغا قارشى سۆزلەپ، ئۇلارغا روهىي دەككە بەرگەن ساتتارغا ئاپىرىن ئوقۇۇشۇپ، مەمنۇنىيەت بىلدۈرمەك بولۇشسا كېرەك - هەممە مەهكۇم قېرىنداشلارنىڭ كۆزلىرى بىز تەرەپكە تىكىلگەن بولۇپ، يۈزلىگەن بۇ خىيالچان، - مۇڭلۇق كۆزلەردىن تۆكۈلگەن هەم نەپەس - هىسداشلىق تۇيغۇلار ۋۇجۇدۇمىزنى ئىللىتىپ، قەلبىمىزدە ئىشەنچە سەممىيەت ۋە غەيرەت هاسىل قىلاتتى. پولات تاۋلاشتا بېهۆددە جەۋىر - زۇلۇم چېكىۋاتقان ئەشۇ خەلق ئاممىسىنى نېمە دەپ ئاتاشقىمۇ مۇۋاپىق نام تاپالمايمەن: "مەهبۇس" دېسەم، خەلق كوممۇنىسىنىڭ ئەزالىرى "كوممۇنا ئەزالىرى" دېسەم، ئورنىغا چۈشمەيدۇ، چۈنكى هەممىسىلا نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىشىدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ شۇ كۈنلەردە ئائىلىسى قەيەردە، نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل، ئائىلىدە، يۇرتتا نېمە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، هەممىدىن بىخەۋەر! بۇ ئادەملەر تاغدىكى تاشلارنى يېرىپ چىقىدىغان "قوزا ئاياق" گىياسى ئوخشىغان، ماۋنىڭ "قۇدرەت كامالىدا" تاغدىن ئۈنۈپ چىققان ۋە يوروۇق ئالەمگە كۆز ئاچقانلار ئېدىكى، ماۋغا چوقۇنۇش، ئەمگەك قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى ۋە پاراسەت قىلىشقىمۇ هەققى - هوقۇقى يوق ئېدى...

مەنمۇ ئۆزەمگە مۇۋاپىق باها بېرەلمەيتتىم: "ئازاتلىقنىڭ" دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ختاي كومپارتىيىسىگە، ماۋغا ئىخلاس باغلىغانلىغىمنى يوشۇرالمايمەن. ئۇلار بىزگە سوتسىئالىزمنى ۋە ئاخىرقى هېساپتا كوممۇنىزمنى جارىي قىلىشقا ئىشەندۈرگەنغۇ! مېنىڭ ئالدىمدا مۈكچىيىپ ئولتارغان ساتتارمۇ ئىككى يىل بۇرۇن ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرىنى "ئۇلۇغ داهى ماۋزېدۇڭغا بېغىشلاپ، ئۇنى قۇياشتىنمۇ ئۇلۇغلاپ مەدھىيىلىگەن. مانا ئەندى ماۋچىلار ئاتا قىلغان "ئاسماندىكى غازنىڭ شوۋىسىغا نان چىلاپ" قولىدىكى قۇرۇق قاچىنىڭ تېگىنى تېشىۋەتكىدەك يالاپ ئولتۇرىدۇ. ئىككىمىز يەنە

ئۇن مىنۇتتىن كېيىن "شەرمەندە" هارۋۇسىغا قېتىلىمىز. كۈن پاتقىچە بەرداشلىق بېرەلەيمىزمۇ ياكى يوك هارۋۇسىنىڭ تېگىدە هالاك بولىمىزمۇ، جاننى كاپالەت قىلىشنىڭ ئورنى يوق. تېخى ياش ئۆسمۈر تۇرۇپ زۇلۇم ـ سىتەم، دەرد ـ ئەلەم بىلەن قۇچاقلىشىپ، بۇ دۇنيادىن كۆزىمىز ئوچۇق كېتىمىزمۇ؟..

* * *

ساتتار ئىككىمىز يەنە هارۋۇغا قېتىلدۇق. چۈشتىن ئاۋال بويۇنلىرىمىزغا كىيگۈزۈلگەن يوك ئىككى مۈرىمىزگە پاتقانلىقتىن، مۈرە تېرىسى سويۇلۇپ، جاراهەت هاسىل بولغان. ئەندى جاراهەتكە بويۇنتۇرۇق تەككەندە جېنىمىز قاخشاپ، زىڭىلدىغان ئاغرىقتىن تولغۇنۇپ كەتەتتۇق. شۇنداقتىمۇ ماۋچىلار ئالدىدا ئۆزىمىزنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، "ۋاي" دەپ ئۈن چىقارمىدىغۇ، ئەمما دەردىمىز ئىچىمىزدە! باراتنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى يۆتكەلمىگەندە ئىشلەشنى رەت قىلىپ، بېشىمىزغا نىمە كەلسە كۆرۈشكە قايىل بولغان ئىدۇق. مانا، ئالدىمىزدا چىشلىرىنى هىڭگايتىپ، قۇراللىق چېرىك تۇرىدۇ.

چۈشتىن كېيىن ئىككى قېتىم قاتناپ، تاماكا چېكىش ئۈچۈن هارۋۇغا قېتىقلىق پېتىمىزچە يوغان تاشقا يۆلەندۇق. بۇ بىر جەهەتتىن يېڭى نازارەتچىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش. كۆرمەسكە سالامدۇ ياكى بارات چۈنىغا ئوخشاش ۋاقىراپ ـ جاقىراپ، هايداقچىلىق قىلامدۇ.

ـ ئىنساۋىغا ئوت كەتمىگەن نەرسە ئوخشايدۇ، قارىغىنا، كۆرمەسكە سېلىپ تەتۈر قاراۋالدى، ـ دېدى ساتتار نازارەتچى چېرىكنى ئىما قىلىپ:

ـ كىم بىلىدۇ، ماۋچىلاردىن دىلى قايتقان ئادەم بولسا...

ـ زۇلۇم ـ سىتەم يالغۇز خىتايلارنىلا ئەمەس، هەممە ئېزىلگەن مىللەتلەرنى ئىختىيارى بىرلىشىشكە، بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئاپارماي قويمايدۇ.

ـ يىگىرمىنچى ئەسىردە، تېخنىكا تەرەققىياتى يۈكسەك پەللىگە كۆتىرىلگەن دەۋىردە قېدىمىي ئوچاقلارنى ئەيىنگە كەلتۈرۈپ، "پولات تاۋلايمەن!" دەپ جار سېلىشۋاتقان ماۋ ۋە ئۇنىڭ گۇپپاڭچىلىرى راستىنلا "خۇن بەڭگىلىرى" دېگىنە! ـ دېدى ساتتار "شەرمەندە" هارۋۇسىغا قاراپ.

ـ بىزنى "كونسېرۋاتورلار" دەپ ئەيىپلەيدۇ تېخى بۇ يالاقچى بېشەملەر. ئۆزلىرى داقيانۇس زامانىسىدىكى ئاداسقىلىرىنى "مىللىي كەشپىيات، مىللىي ئەنئەنە" دېيىشىپ، پەلەككە كۆتىرىپ ماختىنىشىدۇ!..

ـ ئەندى قوزغىلايلى، ـ دېدىم ـ كۆپىردىك تۇرۇپ قالساق، نازارەتچىنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويىمىز.

ـ ئىسىت، دەسلەپتە بۇ يالغان ماركسىلارغا ئىتىقات باغلىغىنىم...

ـ يەنە قايناشقا باشلىدى ساتتار.

ـ ھەممىنى بىر قاتار تاسقاپ چىقتۇق، ـ دېدىم مەن تىرەجەپ كېتىۋېتىپ، ـ سېنىڭچە بولغاندا نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

ـ ئىككىلا يول بار، ـ جاۋاپ بەردى شۇ ئان ساتتار، ـ بىرىنچىسى، ماۋچىلارغا ئىتىقات باغلاپ تەسلىم بولۇش ـ يەنى پەسەندى، سەزگۈسىز مەخلۇققا ۋە ئىتائەتمەن قۇلغا ئايلىنىش؛ ئىككىنچىسى بولسا ـ ۋىجداننىڭ ئەمرى بويىچە قارشىلىق كۆرسىتىش، قارشىلىق!

ـ قار ـ شى ـ لىق...

ـ ھە ـ ئە! ماۋئىزم ۋە ماۋچىلارغا قارشى شەپقەتسىز كۈرەشكە ئاتلىنىش كېرەك!

ـ بىزگە خالىس ھەمكارلىشىدىغان، تايانچى كۈچىمىز يوق ھالدا قانداقمۇ قارشىلىق كۆرسەتكىنى بولار؟..

ـ ئەمسە، ـ دېدى هارۋۇنى توختاتقان ساتتار، ـ ئەمسە، ئاسماندىن قۇرال تاشلاپ، يەردىن ئەسكەر ئۈندىرىپ بېرىدىغان باش ـ پانارىڭ بارمېدى؟ قارا سېنى؟ سەن، مەن، يەنە بىزدەك ئەمەت ـ مەمەتلەر موشۇنداق سۆرەلمىلىك قىلىپ، باش پۈركەپ ياتايلى، باشقىلار چەتتىن كېلىپ بىزنى ئازات قىلسۇن، شۇنداقمۇ؟

ـ مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، ساتتار.

ــ هاي، تارىمنىڭ تاشپاقىلىرى! ــ ئورنۇڭدىلا چۆگىلىمەي، چاتىرىقىڭنى كىرىپ مىڭىش! ــ ئۆلۈك جەسەتنى ئەگىيدىغان قۇزغۇن سىياقى، پىت ــ ئۈچەي ،قان خۇمار، بارات چىۋىن يەنە پەيدا بولدى.

مەن ساتتارنىڭ كۆرەش نىشانى نېمىدىن ئىبارەت ۋە بۇ كۆرەشتە كىملەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار ياكى يوقلۇغىنى بىلەلمەي ئارماندا قالدىم.

ــ گېپىڭ ئۆزەڭدىنمۇ سېسىق مەخلۇقتە سەن! ــ دېدى ساتتار توختاپ.

ــ ئېيتىشما، پايدىسى يوق، ــ دېۋىدىم، ساتتار ئېتىۋار قىلماي تېخىمۇ كەسكىنرەك:

ــ ئەگەر ئىشلەشنى رەت قىلساق، قولۇڭدىن نېمە كېلەتتى؟ بىلىپ قوي، چىۋىن، سېنىڭدەك شەرمەندىچىلىككە بۇلغۇنۇپ كۈن كەچۈرىدىغان مىللىي مۇناپىقلاردىن ھېساپ ئالىدىغان زامان يىراق ئەمەس جۇمۇ!

ساتتارنىڭ قەلبىدىن قايناپ چىققان سۆزلىرى باراتنىڭ كۆكسىگە ئوق بولۇپ تەگسە كېرەك، ئۇ نە رەددىيە بېرەلمىدى، نە يۈگرەپ كېلىپ ساتتارنى ئۇرالمىدى ــ تاغ ئۈستىدە قېتىپ قالغاندەك دىڭگىيىپ قالدى...

بىز ھارۋۋدىكى يۈكىمىزنى تۆكۈپ بولۇپ، قايتىپ ماڭغىچە بارات چىۋىن شۇ تۇرغان جايىدىن قوزغالمىدى.

دەرۋەقە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت زۇلۇم، خەلق نادامەتلىرى، ئىجتىمائىي ئەركىنلىك بولمىغان جەمئىيەتتە شەخسىي ئەركىنلىكمۇ بولمايدىكەن. شەخسىي ئەركىنلىك بولمىسا، ئادەمنىڭ قەدرى ــ قىممىتىمۇ قالمايدىكەن. شەرقىي تۈركىستان خەلقى موشۇ ھالەتنى باشتىن كەچۈرمەكتىكى، ئاقىۋىتى نېمىگە ئاپىرىپ سوقىدۇ، پەرەز قىلىش دەھشەتلىك...

مەن ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىم:

بىرسى، ئېردە بىلەن بىللە تۇنجۇقۇش؛ يەنە بىرسى، "شەرمەندە هارۋۇ". هەر ئىككىلىسىلا ئۆلۈم بىلەن يەكمۇ-يەك ئېلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. خەلقنى دەم ئۇ كويغا، دەم بۇ كويغا سىلىشۋاتقان ماۋ ۋە ئۇنىڭ دەيدەيچىلىرى يەنە قانداق مايمۇن ئويۇننى ئويلاپ چىقىدىغانلىقىنى، خەلق تەغدىرى بىلەن قايسى يوسۇندا ئوينۇشىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن!

مېنى يېڭىۋاشتىن ئۆز گورۇپپامغا قوشۇۋېتىشتى. ساتتار ئىشلەشنى قەتئىي رەت قىلدى. بۇ دېمەك — ئىسيان! ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ كۆزىچىلا پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سالدىدە، ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋۇغا ئولتارغۇزۇپ، قۇراللىق چېرىكلەر نازارىتىدە شەهەرگە ئېلىپ كېتىشتى. بۇ قېتىممۇ ماۋچىلارنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى. توپلانغان خەلق تەۋرەنمىدى، بېپەرۋالىق ئىچىدە تۇرۇۋېلىشتى — بۇ ئۈنسىز قارشىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ماۋچىلارنىڭ هەيۋىسىگە پىسەڭ قىلمىغان ساتتار:

— يۇرتداشلار، قېرىنداشلار! بۇ مەككەر مۇستەملىكىچىلەرنىڭ هېيلە-نەيرەڭلىرىگە ئىشەنمەڭلەر! ئەركىنلىك، ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار! — دېدى.

ساتتار باشقا گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. چېرىكلەر ئۇنى هارۋۇغا بېسىپ، ئۈستىدە ئولتىرىۋالدى. باياتىن ئۆلۈم سۈكۈناتىدا جىم تۇرغان خەلق ساتتارنىڭ سۆزىدىن مەدەتلەنگەندەك، داۋالغۇپ كەتتى. خەلقنىڭ بۇ كەيپىياتىدىن تەشۋىشلەنگەن ماۋچىلار قۇراللىق چېرىكلىرىنى هەرىكەتكە سېلىپ، هەممىنى ئىش ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇشقا ئالدىراشتى. مەن هەم كۆپچىلىكنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەشۇ يالقۇنلۇق مۇراجىئەتنى كۆڭلۈمگە پۈكۈۋالغان ئىدىم. سەرسانچىلىق، مەهكۇملۇق جەريانىدا قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان ئۈچ نەپەر ياش ۋەتەنداش: قادىر، ئېردە، ساتتارلار هاياتىم بىلەن يۇغرىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ يارقىن قىياپەتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدىكەنمەن، كۆڭلۈم روشەنلىشىپ، ۋۇجۇدۇم كۈچ-غەيرەت ۋە ئىشەنچكە تولغاندەك هىسسىياتقا چۆمۈلىمەن. قەهرىمانلىقنىڭ ئۆلچىمى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ياخشى

بىلمەيمەن. كۆرگەنلا ئادەم قەھرىمان بولىۋەرمەسە كېرەك. مەلۇم بىر تارىخىي شارائىتتا ھايات ـ مامات كۈرىشى جەريانى ۋە شۇ قانلىق كۈرەش قاينىمىدا قەھرىمان يېتىشىپ چىقسا كېرەك. مۇبادا قەھرىمان بەلگۈلەش مېنىڭ قازىۋەنلىگىمگە ھاۋالە قىلىنىدىكەن، مەن: قادىر، ئېردە، ساتتارلار مىللىي قەھرىمانلار دەپ ھېتىقىماستىنلا جاكالار ئېدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ باشلىرىدا زالىمنىڭ قىلىچى، تەھلىكىسى قادىلىپ تۇرغان دەھشەتلىك پەيتلەردە رەقىپلەرگە باش ئەگمەي مەردانىلىق كۆرسەتتى. ئەشۇ ئۈچ ياشنىڭ قەلبى ۋەتەنگە مۇھەببەت، مىللەتكە ساداقەتلىق مېھرى بىلەن تولغان ئېدىكى، ئۇلار ئەركىنلىك، تەڭلىككە تەشنا ئېدى. ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە شۇ ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلەر ئورۇن ئالغاچقا، ماۋچىلار ئۇلارنى "خەتەرلىك" ھېساپلاپ خەلقتىن ئايرىۋېتىشكە ئالدىراشتى. قادىر، ئېردە، ساتتار ۋە شۇلار مىسالى ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ "بىزمۇ ئىنسان ـ ئىنسان قاتارىدا ياشاشقا ھەققىمىز بار!" دېگىنىدىن باشقا نېمە گۇناھى بار؟!

* * *

"ئادەم ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئادەم ھەممىدىن ئەلا" دېگەن سۆز ـ سۆپەتلەرنى كىتاپتىن ئوقۇپ، كىشلەر ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىم بار. بۇ يەردە "ئادەم ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئەلا" دېيىش خامۇشلۇق بولار ئېدى. تەڭسىزلىك، مىللىي كەمسىتىش، تەقىپ، سۈرگۈن، تۈرمە، قاشاقلىق ـ ئازاپ ۋە ئوقۇبەتنىڭ بارلىق تۈرى ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ئەلدە ئادەمنىڭ قەدرى ـ قىممىتى بولسۇنمۇ؟ مەن، شەخسەن ئۆزەم ماۋچىلاردىن رايىم قايتقانلىغىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇمۇمىي يۈزلۈك پاجىئەنىڭ بىۋاستە گۇۋاچىسى بولغانلىغىمدىن، بۇ خىل جەزمە قىلىشقا ھەقلىك ئىكەنلىگىمنى قەيت قىلىمەن.

...چېكىدىن ئاشقان لەخمىلىك ۋە بېئارامىلىق تۈپەيلى پۈتۈمدىن تۈتۈپ سۆرەپ، تالاغا ئېلىپ چىققانلىغىنى تۇيماپتىمەن. سالقىن شامال تەسىرىدە كۆزۈمنى ئاچسام، بارات بىلەن چېرىك ئىككىسى

بېشىمدا ئۆرە تۇرۇشىدۇ. ئۇلار مېنىڭ جۆلۈشىمنى، ئاغزىمدىن بىرەر سەۋەن گەپ چىقىشىنى پايلاپ تۇرسا كېرەك، جىم تۇرۇشاتتى. فېۋرال ئېيىنىڭ مۇز قىلتىرىق شاملى جانغا سانچىلاتتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا بەدىنىم تىكەنلىشىپ قېتىشقا باشلىدى. "توڭلاپ ئۆلگەندىن كۆرە، قاچا يەپ ئۆلەي..." دېگەن قارارغا كەلدىمدە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ:

ـ نېمە قىلىشماقچىسىلەر؟ ـ دېدىم جان ئاچچىغىمدا.

ـ كاكىرىما، ئەپەندىچاق! يەنە غىڭ قىلساڭ، ئۆزەڭنى جەھەننەمنىڭ تېگىدە كۆرىسەن! ـ دەپ سويا چىشلىق قامچىسىنى بېشىمدا ئوينىتىپ بارات.

ـ سېنى بىر دەم ساپ ھاۋا يېسۇن دەپ تالاغا كۆتىرىپ چىقتۇق، رەخمىتىڭ باردۇر؟ ـ ھۆپۈپ پىخىلدىغاندەك، تەنىلىك كۈلدى "چىۋىن". سەۋىر ـ تاقەتىنىڭمۇ چېكى بارغۇ، بۇ قېتىم باراتنىڭ ھاقارىتىگە چىداپ تۇرالمىدىم. مىللىي مۇناپىقنى ئۇرماق بولۇپ ئالغا ئىنتىلدىمىۇ، لېكىن تىرىكڭىدە يىقىلدىم...

ئاردا نېمە بولدى ۋە قانچىلىق ۋاقىت ئۆتكەنلىگىنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچسام، سەلىمەم مېنى داۋالىغان چېدىر ئىچىدە يېتىپتىمەن. گۆزەل سەلىمەمنىڭ ئورنىدا رېپىدە يۈز، قىيىق كۆز، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان كالتە چاچ بىرسى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆلمەي تىرىك قالغىنىمغا رەنجىگەندەك، قاپاقلىرىنى مۇشتۇمدەك تۈگۈپ، دومسىيىپ قارايدۇ.

"توۋۋا، ـ دېدىم ئىچىمدە، سەلىمەمنىڭ نۇرانى قىياپىتىنى مونۇ "بۇ قاپاقتا" قىياسەن سىلىشتۇرۇپ، ـ بىرى قۇياشتەك نۇر چېچىپ ئارامبەخش بېغىشلىسا، بىرى جۇدۇن ـ چاپقۇندەك قەلبىڭنى مۇزلىتىدۇ..."

ـ نېمە دەپ پىچىرلاۋاتىسەن، جىم يات!

" ـ يا، پىرى... نېمە دېگەن سوغ نەپەس مەخلۇق" دېدىم ئىچىمدە بۇ قاپاقتىن يۈزۈمنى ئۆرۈپ.

ـ دورا ئىچەمسەن؟

ـ قانداق دورا، نېمىشكە دورا ئىچىمەن؟

ـ نېمە دورىمىشا! سېنى سەگىتكەن شۇ دورىغۇ! بولمىسا بۇ چاققىچە گۆردە ياتاتتىڭ.

ـ ئىچەي، ئىچەي، ـ دېدىم ئالدىراش، بۆ قاپاقنىڭ سوغ نەپەسىنى ئاڭلاشتىن بېزار بولۇپ.

ـ مە! ـ دېدىدە، كالپۇكلىرىمنى قارىپ دورىنى ئاغزىمغا سىلىۋەتتى؛ دورىنىڭ ئاچچىقلىغىدىن ئەمەس، "بۆ قاپاقنىڭ" قاڭسىق نەپەسىدىن قەي قىلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

چىگىش مۇرەككەپ كەچۈرمىلەرگە بەنت بولغانلىغىمدىن، چىدىر ئىچىگە شىددەتلىك هالدا كىرىپ كېلىشكەن ئىككى چېرىكنى بايقىماپتىمەن. ئۇلار:

ـ تۇر! ـ دەپ بۇيرۇق بېرىشتى خىتايچىلاپ ۋە تەخىر قىلماي مېنى سۆرەپ دېگىدەك ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. كۈن ئولتارغان بولسىمۇ، ئادەملەر ئاي يورۇغىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار ئاران ـ ئاران قىمىرلاشقاندەك قىلىشىدۇ: هارسا كېرەك، تالسا كېرەك، ئاچ قوساق بولسا كېرەك.

مېنى چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان يەر تېگى زىندان شەكلىدىكى چوڭقۇر قۇدۇققا ئېلىپ كىرىشتى. قاچان ياساپ ئۈلگىرىشتىكىن، بۇ يەر تېگى ئاۋاقتا ئىچىدە نۇرغۇنلىغان تار بۆلمىلەر بارلىغى مەلۇم. تۆمۈر بىلەن قاپلانغان قاتار ئىشىكلەردىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرقى كاتەكچىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، مېنى ئىشتىرىپ ئىچكىرى كىرگۈزدىدە، تۆمۈر ئىشىكنى يېپىپ، قۇلۇپ سېلىشتى. شۇ كۈنلەردە ماۋچىلارنىڭ كۆزىدىن نېرىراق بولۇشنى، بىر دەم بولسىمۇ شۇلارنىڭ خۇنۇك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ نازارىتىدىن خالى بولۇشنى قانداقتۇ ئارام ۋە خاتىرجەملىك هېساپلايتتۇق. ئۆزەم تىرىكلەر گۆرىگە بەنت بولسامىمۇ، پۇت ـ قولۇمنى سوزۇپ، ئارامخۇدا ئۇخلاش پۇرسىتىگە يەتكەنلىگىم ئۈچۈن خوشهال بولغان ئىدىم. داق يەرگە كۆكسۈمنى يېقىپ، ئۇيقۇغا كەتتىم.

ـ بىر كۈن ئۇخلىدۇممۇ، ئىككى كۈن ئۇخلىدۇممۇ، ئېنىق بىلمەيمەن. ئەندى تىرىكلەر گۆرىگە چۈشكەندىن كېيىن مېنىڭ ئۈچۈن: كۈنمۇ ـ تۈن، تۈنمۇ ـ تۈن بولغان ئىدى. ئەس ـ

ھوشۇمنى خامۇشلىنىپ، ئەقىلدىن ئازغاندەك ھالەتكە يەتكەن ئىدىم. پىكىر - خىيالىمدا بىرلا نەرسىنى يىنىشلاپ - يىنىشلاپ زىكىر قىلاتتىم.

- قۇياش نۇرى، قۇياش نۇرى، قۇياش نۇرى!..

تۆمۈر ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئاچقان قۇراللىق مۇھاپىزەتچى:

- چىلەي، سىڭكو - (تۇر، ھايۋان) - دەپ ۋاقىرىدى. كەينىدىنلا:

- يىڭى تۇققان خوتۇندەك لاپچايماي تۇرە! - بارات چىۋىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى "جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ" دەپ پەرەز قىلغان بارات پۇتۇمدىن داقىرىتىپ سۆرىگەن پېتى سىرتقا ئەپچىقتى. قاراڭغۇ گۆردە ياتقىنىمدا قۇياش نۇرىنى ئارزۇ قىلغان ئىكەنمەن، ئەندى چاپسانىراق جېنىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىشنى تىلەيتتىم.

مېنى "پولك شتابى" دەپ ئاتالمىش بىر نەچچە ئېغىزلىق بۆلمىلەرنىڭ بىرىگە ئېلىپ كىرىشتىدە، بىر باغ چىغنى لەمپىگە تاشلىغانلەك تاشلاۋېتىشتى.

- قارا بۇ مىللەتچى مۇغەمبىرنى، يالغاندىن ئەتتەي قىمىرلىماي ئۆلتارغىنىنى! - دەپ مېنى تېپەكلەشكە باشلاۋېدى بارات، ئۇستەل بېشىدا ئولتارغان خىتاي:

- توختات! - خىتاپ قىلدى باراتقا ۋە: - بار، ئىشىگنى قىل! - دېۋېدى ئىگىسىدىن تېپەك يېگەن كۈچۈكتەك غىڭشىغان پېتى چىقىپ كەتتى بارات چىۋىن.

مۇھاپىزەتچى مېنى يۆلەشتۈرۈپ ئورۇندۇققا ئولتارغۇزدى. باراتنى ئىشت ئورنىدا ھايداپ چىقىرىۋەتكەن خىتايغا نىسبەتەن كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە رازىمەنچىلىك پەيدا بولغاندى.

- قىزىق قانلىق قىلما! ئۇمۇمەن، ئۇيغۇرلار قىزىق قانلىق، - دەپ باشلىدى سۆزىنى خىتاي، - سىلەر مەسىلىنىڭ باش - ئۇچىغا يېتەر - يەتمەيلا كېسىم قىلىسىلەر، - دېدىدە، بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ھىجايدى سوراقچى خىتاي. قىرىق ياشلاردىكى بۇ ئادەم ئۇيغۇزماي جاننى ئالىدىغانلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى چىرايى ۋە مۇئامىلىسىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ـ سەن تووۋا قىلىشنىڭ ئورنىغا، ساتتار ئوخشاشلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ . . .

ـ ساتتارنى تونۇمايمەن، بىلمەيمەن. پەقەت "شەرمەندە هارۋۇغا" بىللە قوشۇلۇپ بىر كۈن ئىشلىدۇق. قانداقلارچە تىل بىرىكتۈرىدىكەنمەن، ـ دېدىم رەددىيە تېرىقىسىدە.

ـ ساتتار ھەق ـ نا ھەقنىڭ چېگارىسىنى ئايرىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئاڭلىق ياشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغاچقا، ھازىر قىلمىشلىرىغا تووۋا قىلىشنىڭ ئۈستىدە، ئۆز تەشكىلاتىغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى كۆرسەتتى. سەن شۇلارنىڭ بىرى ئىكەنسەن . . .

ـ نېمە؟ نېمە؟ ـ ۋاقىراۋەتتىم مەن.

ـ تىڭىرقىما! ـ دېدى مۇلايىملىق پېتىنى بۇزمىغان سوراقچى. ـ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئەيىپ ئەمەس، خاتالىقنى ئىقرار قىلمىغان ئەيىپ، دەپ كۆرسەتكەن ماۋجۇشى. سەن ماۋجۇشى مەپكۈرىسىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرمىگەنلىگىڭ ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزدىڭ.

بۇ خىل پەندى ـ نېسىھەتلەر قۇلاق ـ مېيىلىرىمنى يېغىر قىلىۋەتكەن. شۇڭلاشقا سوراقچىنىڭ ئەزمىلىگىگە ئانچە ئېتىۋار قىلمىدىمۇ، ئەمما ساتتارنى "تووۋا قىلدى" دەپ يالغاننى قارىتىپ تۇرۇپلا توقۇۋاتقان سوراقچىغا نەپرەتلىك نەزەر تاشلىدىم.

ـ بەلكىم، ـ دېدىم ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، ـ داۋاملىق قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەندۇ . . .

ـ قىيىن ـ قىستاق؟ ـ ئورنىدىن چاچراپ تۇردىدە، مەن تەرەپكە شمايلىپ تۇرۇپ قالدى سوراقچى. ئۇنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرىغا خاس سىرلىق ياغاق يۈزىدە ئىبلىسانە رەھىمسىزلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ـ دېمەك، سەن موشۇنداق سۆھبەتنىمۇ "قىيىن ـ قىستاق" دېمەكچىمۇ؟ ـ ئوق ئىلاندەك بېشىنى شىڭتايتىپ، يۈزىگە جىددىي تۈس ئالدى خىتاي.

ـ ئەلۋەتتە! يوق نەرسىنى "بار" قىلىش بەزىدە قىيىن ـ قىستاق ئارقىلىق بولىدىكەنغۇ . . .

راستىنىلا ئۇق ئىلان ئىكەن، ئۇچقاندەك ئالدىمغا كەلدىدە، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆزۈمگە تەڭلەپ: - ئىيت، بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ - دەپ قادالدى.

- قار ئۈستىدە يالىڭاچ ماڭغۇزۇش، هايۋان قاتارى هارۋۇغا قوشۇش، ئورىغا دۈملەپ نەپەسنى بوغۇش، يەر تېگىگە سولاش، يەنە شۇ خىلدىكى قىيناش - ئازاپلاش "تەلىم - تەربىيە"، "مەپكۇرە يېڭىلاش" بولامدىكەن؟ - دېدىم ۋە ئىچىمدىكى ئاداپ بوشىغاندەك يېنىكلىشىپ قالدىم.

- بۇ سېنىڭ پىكرىڭ ئەمەس، ياق - ياق، سېنىڭ پىكرىڭ ئەمەس! ساتتارنىڭ ياكى شۇ سىياقىي ئەشەددىي مىللەتچىلەرنىڭ تەسرىدە شۇنداق دەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ هە، تۇرىسەنغۇ، سەن پەقەت ئەگەشكۈچى!

- ساتتار ئىقرار بولدى، - دېدىڭىز، شۇندا قتا ساتتار نېمىلەرنى دېدى؟

- توختا، گەپنى باشقا قىنغا سالما! سەن پىكىر ئوغرىلاشنى نەدىن ئۆگەندىڭ، ئاۋال شۇنى دېگىنىدە!

- بىزمۇ ئەقىل ئىگىسى، ئادەم زاتىغۇ! سىلەر بىزنىڭ بېشىمىزنى ئوماشتەك قوچۇپ، هەر سەنەمگە ئوينىتىۋاتقىنىڭلارنى سەزمەيمىزما؟

- هارامزادە! - ۋاقىراۋەتتى ختاي. ئۇنىڭ سۆرۈن چىرايىدىن: "هەجەبا، هېچ ئىشىنىپ بولمايدىغان هالەتقۇ... بىزگە نىسبەتەن غەزەپ - نەپرەت شۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ؟ مونۇ قورققانچاقتەك كۆرۈنگەن چەنتۇچاق شۇنچىلىك پىكىر قىلىشقا قادىر ئىكەن، چوڭراقلىرى نېمە دەيدىكىن..." دەپ ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

- دېمەك، - خېلىغا سوزۇلغان سۈكۈناتتىن كېيىن سۆز باشلىدى ختاي ئەمەلدارى، - ئۇلۇغ داهى ماۋجۇشىنىڭ رەهبەرلىگىدە ئازاتلىققا چىققىنىڭلارغا پۇشايمان قىلىدىكەنسىلەردە؟؟!

- ئازاتلىق موشۇنداق تۈگىمەس زۇلۇمدىن ئىبارەت بولىدىكەن، بۇ خىل ئازاتلىقنىڭ بىزگە كېرىگىمۇ يوق!..

ـ زىۋازا! ـ دېگەن پېتى تاپانچىسىنىڭ تۇتقىسى بىلەن بېشىمغا بىرنى ئۇرۇۋېدى تىرىكتىدە يىقىلدىم، ئۇنىڭ نېرىسىنى سەزگىنىم يوق.

* * *

بۇ قېتىم باشقا گورۇپپىغا يۆتكەشتى. ئەڭ بولمىغاندا بارات چىۋىننىڭ ئېچىغان چىلەدەك سېسىق گېپىنى ئاڭلىمايمەن. يەنە بىر ياخشىلىق تەرىپى ـ يۇرتدىشىم قاسىمجان بىلەن بىللە ئىشلەيمەن، بىر گەمىدە قاتارلىشىپ ياتىمەن. بۇ يىگىت چېۋەر سازەندە ۋە غەزەلخان بولغانلىقتىن، ھەممىمىز ئۇنى ئەتىۋارلايمىز. قاسىمجان: «خىتايلاردا ئۇسسۇل يوق، چەنباشچىلىق بار. ئۇلار ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ...» دەپ «سايرىغانلىغى» ئۈچۈن بىزنىڭ قاتارىمىزدا پولات تاۋلىماقتا. قاسىمجاننىڭ قولى ئەپلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ باشچىلىغىدا ئوچاق ـ پولات تاۋلايدىغان پېچ ياسايمىز.

ـ مېنى سىلەرگە نېمە سەۋەپتىن قوشتېكىن، قاسىمجان؟ ـ دەپ سورىدىم بىر كېچىسى ئاستا پىچىرلاپ. چۈنكى سوراقچى ئالدىدا قىلغان سۆزلىرىم قاتتىق جازاغا لايىق ئىدى. ۋاھالەنكى، جازا قوللىنىش ئورنىغا يېنىكرەك ئىشقا يۆتكەشتى. مەن موشۇ "چارىنىڭ" تېپ ـ سەۋەۋىنى قوغلىشاتتىم.

ـ مەنچە بولغاندا، ـ دېدى قاسىمجان قۇلىغىمغا پىچىرلاپ، ـ ئەشۇ سېنى سوراق قىلغان خىتاي ساڭا ھەمنەپەسلىك قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ـ ياقە، ئۇنداق قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ھەمنەپەس ئادەم مېنى ھوشۇمدىن كەتكىچە ئۇرامدۇ، سادده!

ـ باشقىلار ئالدىدا سېنى ئۇرغان بولۇپ، يەر ئاستى ئاۋاقتا ياكى خاڭ تېگىدە ئىشلەشتىن قۇتۇلدۇرغان.

مەن ئويلۇنۇپ قالدىم.

قاسىمجان خورەك تارتىشقا باشلىدى. مەن خىلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم. مېنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى پىكىرلەر ئاۋارە قىلاتتى. ۋەتىنىمنىڭ، خەلقىمنىڭ پاراكەندىچىلىك ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ماۋغا ئۆچمەنلىكىم قوزغىلاتتى، نەپرەت ـ غەزىۋىم ئۆرلەيتتى. ئاخىرى: "تەڭلىك ـ ئەركىنلىك ئورنىتىلمىغىچە، زۇلۇم ـ سىتەم، ھاقارەت، كەمسىتىش تۈگىمىگىچە ئۇلارغا ئىشەنمەيمەن... ئىشەنمەيمەن"، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىمدە، كۆزۈمنى يۇمدۇم.

...ئەتىسى مەيرەم كۈننى ئەسلىتىدىغان داغدۇغا بىلەن ئىش كۈنى باشلاندى. بارلىغىمىز بايراق تىكىلگەن ۋە ماۋنىڭ سۈرىتى ئېسىلغان مەيدانغا توپلاندۇق. دۇمباقلار گۈمبۈرلەپ، سۇنەيلەر چېلىنماقتا ئىدى. پلاكاتلارغا: "بۆگۈن سۇنئىي ھەمرا چىقىرىمىز!"، "كۆچمە تۈغنى ئالىمىز!" ۋا ھاكازا جاراڭلىق ئىبارىلەر يېزىلغان. باشلىقلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا قارىغاندا، بىرەر جىددىي ۋاقىئە يۈز بېرىدىغانلىقىنى مەلۇم. "ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق" دېگەندەك، ماۋچىلار ئەمەلىيەتتىن، نەتىجىدىن كۆرە قۇرۇق داغدۇغىغا ھېرىس، ۋەزىپە ـ رەقەملەردىن كۆرە جاراڭلىق ئىبارىلەرنىڭ خۇشتارمەنلىرى ئىدى.

ھەربىي تۈزۈم بويىچە: پولك شتابى قارىمىغىدىكى ئۈچ باتالىئون رودا قازغۇچىلار، كۆمۈر كولىغۇچىلار، پولات تاۋلىغۇچىلار ۋە يول ـ قاتناش، مالىيەگە ئائىت ئايرىم ئىككى روتىغا تېگىشلىك "جەڭچىلەر" ئۆز بايراق نىشانلىرى بويىچە سەپ ـ سەپ تىزىلىشىپ تۇرۇشىدۇ. پولات تاۋلاش يېڭى باشلانغان چاغدا، بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي مۇقەددەم، مەزكۇر "پولك" قارىمىغىدا ئىككى مىڭدىن ئوشۇق ئادەم بولىدىغان. ھازىر ئەندى يېرىملاپلا كېتىپتۇ. بۇ شالاڭلاش خاڭ تېگىدە ئۆلگەنلەر، ئاغرىپ ئۆلگەنلەر، تاغدىن غۇلاپ ئۆلگەنلەر، قىينىلىپ ئۆلگەنلەر ۋە جازا لاگېرلىرىغا يوللانغانلار ھېساۋىغا بولۇشى شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە! ئەندى قارىغىدەك بولساق، بۇ ئادەملەر گۆردىن يېڭىلا چىققان ئەرۋاللارغا ئوخشاپ كېتىپتۇ.

ـ كۆردۈڭمۇ، ـ دېدى ئاستا پىچىرلاپ قاسىمجان، ـ بۇ ئادەملەر ماۋجۇشى دەۋرىنىڭ ئىشچى ـ جەڭچىلىرى.

قاسىمجاننىڭ كىنايىسىگە ئىچىمدە كۈلدۈم. شۇ ئارىلىقتا قوپال تاشلاردىن قوپۇرۇلغان سۇپا ئۈستىگە ھەربىيچە كىيىنگەن بىر خىتاي بىلەن ھېۋىز ئوت قۇيرۇق كۆتىرىلدى. ھېۋىزنى كۆرۈشۈم بىلەن يۈرىكىم قارسلا قىلغاندەك ئېغىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانامنى تون ئىچىدە هايداپ كېتىشى، ئانامنىڭ: "سەن ئۆلەرمەنلەر..." دەپ مېنى جىمىلىگىنى ئېسىمغا چۈشۈپ "جېنىم ئانا، نەدە يۈرىدىغانسەن..." دەپ يىغان چىقارغانلىغىمنى سەزمەي قاپتىمەن. سەپتە قاتار تۇرۇشقانلار مەن تەرەپكە قاراشتى. قاسىمجان تەشۋىش ئىچىدە:

ـ ئۇخلاپ جۆلۈۋاتامسەن نېمە؟ ـ دېدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئەتتەي چاق ـ چاقچا ئايلاندۇرۇپ، ـ سەنمۇ، كوممۇنىزمنىڭ قىرى چاڭغۇ ئاتلىرىغا ئوخشاش ئۆرە تۇرۇپلا ئۇخلايدىغان بولۇۋاپسەن.

قاسىمجاننىڭ چاقچىغىغا ئەتراپتىكىلەر ئىختىيارسىز كۈلۈشتى. بارات چېۋىن ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدىغان ئاق تۇكلەر سەھنە ئەتراپىدا يۈرگەنلىكتىن، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر ئېلىشالمىدى.

ـ يولداشلار! ـ دەپ باشلىدى سۆزىنى ھەربىي كىيىملىك كادىر (ئۇنىڭ سۆزىنى ھېۋىز تەرجىمە قىلدى)، ـ ماۋجۇشىنىڭ ئالەمشۇمۇل دانالىغىنىڭ تەسىرى، كۈچ ـ قۇدرىتىدە بىزلەر غەلىبىدىن ـ غەلىبىگە قاراپ ئۆرلەپ كېتىۋاتىمىز. ئالەمنى يورۇتقان ئۈچ قىزىل بايراق ـ باش يول، باش ۋەزىپە، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە خەلق كوممۇنىسى پۈتكۈل ئالەمدىكى خەلقلەرگە مەشئەل بولغۇسىدۇر...

"ناتىق" سەددىچىندىنمۇ ئۇزۇن سۆزلىدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بۇ دۇنيادا ئەڭ بالدۇر خىتايدا "جەننەت" قۇرۇشنى ۋەدە قىلىپ، شۇنىڭغا ئىشەنچە ـ ئېتىقات قىلىشنىمۇ چالا قويمىدى.

ـ بۈگۈن، ـ دېدى ئۇ ئاخىرىدا دېمەكچى بولغان مەقسىتىگە توختىلىپ، ـ بۈگۈن بىز سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىمىز. بۇ ئۈچ ئايلىق جاپالىق كۈرەشنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. بىز ئۆزىمىز دەرىجىلىك ئون ئۈچ پولك بىلەن مۇسابىقە قىلىشقان. بىز ئۇزۇپ چىقىشىمىز لازىم. ئەگەردە كىمدە ـ كىم ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىگە سەل قاراپ،

تۇسالغۇلۇق قىلىدىكەن، ئۇنداقلارنى ئەكسىلئىنقىلابچى سۈپىتىدە باستۇرىمىز. "ناتىق" سائىتىنغا قارىدى ۋە ـ ھازىر سائەت ئالتە، ئەتە سائەت ئالتىنغىچە ئىشلەيمىز. يولداشلار، سۈنئىي ھەمرانى غەلبىلىك قويۇپ بېرەيلى!..

ھەربىي كىيىملىك كادىرنىڭ شۇنچە ئۇزاق سۆزلىگەن سۆزى يەرگە سىڭىپ كەتتىمۇ ياكى ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتىمۇ، ھېچ كىم تەۋرەنمىدى، قول ئۇرۇپ چاۋاكمۇ چالمىدى (ئەلۋەتتە، ئاق تۆكلەردىن باشقىسى). كۆپچۈلۈك باشلىرىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان پېتىچە شۇك تۇرۇشنى داۋام قىلدى. ئادەملەر شۇ قەدەر خامۇش، بېپەرۋادەك كۆرۈنەتتى.

مۇنداق چاغلاردا سىياسىي ئەندازىچىلىققا ئائىت ئالدىن ـ ئالا تەييارلىنىدىغان سېتىلما ـ مىللىي مۇرتەدلەردىن بىرى سۇپىغا چىقىپ:

ـ بۇ چوڭ ئىنقىلاۋىي سىناق، كىمدە ـ كىم ماۋجۇشىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىغا ئېتىقات قىلسا، بۈگۈنكى چاقىرىققا ئاۋاز قوشسۇن! قېنى، يولداشلار، ئىش مەيدانىغا قاراپ ئالغا!.. ـ دەپ ئۇنىڭ بارچە كاكىردى.

* * *

تاغ ئىچى ئوت كەتكەن ئورمانلىقنى ئەسلىتەتتى. ئوتتۇزدىن ئوشۇق چوڭ ـ كىچىك ئوچاق ـ پەچلەردىن تۆتەك ـ تۆرتەكلىنىپ چىقماقتا ۋە ئىس بۇلۇت پارچىلىرىغا ئايلىنىپ، تاغ ئېتەكلىرىنى قاپلىماقتا. ئېرىتىلگەن رودالەردىن ناھايىتى ئاز ۋە ئاستا شىرغىپ چۈشۈۋاتقان "پولات" ئېرىتمىلىرى خۇددى قېپىدىن ئېرىنىپ چىقىۋاتقان قولۇلە پۇتلىسىغا ئوخشايتتى. بۇ "پولات" ئېرىتمىلىرىنى ئايالنىڭ تۇنجا تۇغۇتىنى تەشۋىش ئىچىدە كۈتۈپ ئولتۇرغان ئاتا مىسالى، تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتۈپ تۇرۇشقان ئەمەلدارلارنىڭ كۆزلىرى ئوچاقلارنىڭ نورىغا تىكىلگەن. ئۇلار دەم ئېرىتما ھارارىتىنى، دەم رودانى ئۆستىلەپ قۇيۇشنى بۇيراتتى، ئارىلاپ ئۆزلىرى گۈجەكلەرنى

قولـلـىرىـغـا ئـېلـىـشـىـپ، شـىـددەتـلـىـك ئـىـشـلـەشـكـە كـىـرىـشـەتتى. كۆمۈر، رودا، تاش توشۇش شۇ قەدەر جىددىي ئېدىكى، زەمبىل غەلتەكلەرنى كۆتـىـرىـشـكـەن ئـادەمـلـەر چۆمـۈلـە كـۆچـىـنـى ئـەسـلـىـتـەتتى... نازارەتچىلەر ئاغزى بىسىلماي "ماڭ"، "تۇر!"، "چاپسان بول" دېيىشىپ هايداقچىلىق قىلىشىدۇ. باشلىقلارغا ياخشىراق كۆرۈنمەك بولغان ئاق تۆكـلـەر "غوجام كـۆرسۇن" قـىـلـىـشـىـپ، باشقـىـلاردىـن ئـىـلـدامـىـراق مېڭىشاتتى ۋە يۈكنىمۇ ئېغىر كۆتۈرىشەتتى.

ئالتە سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن چۈشلۈك "تاماق" بېرىلدى. كىم قەيەردە ئـىـشـلـىـگەن بولـسـا، شۇ يـەردىـلا چالا ـ پۇلا تاماقلىنىپ، ئـون مىنۇتتىن كېيىن يەنە ئىش باشلىنىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن ئىش سۈرئـىـتـى پەسـىـيـىـشـكـە، ئـادەمـلـەرنـىـڭ مـېـڭـىـشـى، هـەرىـكـەتـلـىـنـىـشـى سۇسـلـىـشـىـشـقـا باشلىدى. پەقەت بىزنىڭ گرۇپپىدىلا يېشى چوڭراق ۋە ئاغرىقچانلاردىن ئون نەچچىسى سەپتىن چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈستىگە ئارتىلغان كۆمۈر، رودا تېشى ئاستىدا قېلىپ، ياتقان يېرىدىن قوپۇشالمىدى. نازارەتچىلەرنىڭ دوقى هەتتا قامچىلاشلىرى تەسىر قـىـلـمـىـدى. كۆتـىـرەم ئـاتـلاردەك قول ـ ئاياقلىرى يـىـغـالـمـاي سۇنايلىنىپ يېتىشقانلارنى ئەخلەت ـ چوگاللارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك، كۆزدىن نېرىراق جايغا سۆرەشتۈرۈپ تاشلىشاتتى ۋە ئۇلارنى "ئىنقىلاۋىي چاقىرىققا قارشى چىققۇچى ئۇنسۇرلار" قاتارىدا تىزىمغا ئېلىپ، دازىباۋنىڭ كۆرنەكلىك جايىغا يازاتتى.

ئەتىسى سائەت ئالتىدا ئىش توختىدى. ئادەملەرنىڭ قان تەرىنى يۇتقان ئوچاق ـ پەچلەرمۇ جان ئۈزگەن ئادەمدەك، چىپ توختىدى. جاپا ـ مۇشەقەتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇمۇمىي زۇلۇمنى تەشكىللىگەن باشلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قول چوقماقچىلىرىمۇ جىمىپ قېلىشتى. ئىنتايىن چوڭ لاپلارنى ئاتىدىغان كۈندىلىك، سائەتلىك مەلۇماتلارنى خەۋەر قىلىپ تۇرىدىغان "پولك" تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ كانەيلەر ئارقىلىق ۋاقىرايدىغان جارچى ئاۋازلىرى توختاپ قالدى ـ ئۈچ ئايدىن بۇ يان ئىش قاينىمىغا، هەرىكەت قاينىمىغا ئايلانغان تاغ ئىچىدە بىردىنلا هايات توختىغاندەك گۆرستان جىم ـ جىتلىغى هۆكۈم سۈرگەندەك بولدى.

گەملەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدا، پولات تاۋلايدىغان ھەر بىر ئوچاقنىڭ بېشىدا، مەيدانچىلاردا ئېسىقلىق تۇرىدىغان چوڭ "ئىش ئۇنۇمى" يېزىلغان ۋە كېلەچەك "ئىستىقبالىنى" كۆرستىدىغان رەقەملەر پلاكاتلىرى ئىزا ـ نومۇسقا پاتقاندەك بولۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار ھەتتا: "بىزنى ئۆچۈرۈپ تاشلاڭلار..." دېيىشكەندەك چېلىقىدۇ. "بۇ تېرىقە ھالەتنىڭ تۈگۈنى نەدە؟" ـ دەپ سورىغۇچىلارغا بىر سۆز بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشكە بولىدۇ:

ـ ماۋچىلار پولات ئورنىغا داشقال ئالدى!.. مانا، ماۋچىلارنىڭ ئالەمگە جار سالغان "سەكرەپ ئىلگىرلەش" سىياستى. بۇ ۋاقىئە خەلق تەمسىللىرىدىكى: " ـ پاقا بىر سەكرەر، ئىككى سەكرەر، ئۈچىنچىسىدە ئورىغا چۈشەر" دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى، ـ ماۋچىلار سەكرەپ ئىلگىرلەشتە ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا ئۆزلىرى پۈتۈن پېتىچىلا دومۇلاپ چۈشتى... يەرنىڭ سۈنئىي ھەمراينى كوسموسقا چىقارغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەخلىت قىلىشىپ، پولاتنىڭ سۈنئىي ھەمراينى قويماق بولغان تەۋەككۈلچىلەر ئاخىرىدا قوللىرىنى چىشلەپ قېلىشتى...

## II ـ قىسىم

### بۇزۇلغان ئۇۋا

ئۆي ـ ماكان تالان بولدى،
باغلىرىمىز غازاڭ بولدى.
نائىلاج قېچىپ خەلقلەر،
ئۆز يۇرتىدىن راۋان بولدى...

يەنە بىر زور بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ، قايتىپ كېلىۋاتىمەنۇ، لېكىن راستىنى ئېيتسام، نەگە بارىدىغانلىغىمنى، قەيەردە تۇرىدىغانلىغىمنى بىلمەي تەۋەككۇلىگە كېلىۋاتىمەن...
ئەجەبا! كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، ئەر يېتىپ، بويۇم قاتقان قۇتلۇق ئۆيۈمگە ئىشەشلىك دەسسەپ كىرەلمەيمەنە؟ بوۋام ھۇلىنى قۇرۇپ، دادام ئۆرە تۇرغۇزغان ئۆي ـ ئىمارەتلىرىمىز، ئۆي بىساتـ مۈلكىمىز، تەر تۆكۈپ پەرۋىش قىلغان بېغىمىز زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىنىپ، ئىچكى خىتايدىن چىققان "چوڭ ئاكىلارغا" بېرىلگەن ئىدىكى، تالا مۆشۈگى ئۆي مۆشۈگىنى قوغلاپ چىقارغاندەك، بىزنىڭ ئائىلىمۇ ئەل قاتارى ئۆز ماكانىمىزدىن قوغلاندۇق. ماۋچىلار مال ـ مۈلكىمىزنى تارتىۋېلىش بىلەن قانائەتلەنمەي، بىزنى تېرە ـ پېرەڭ قىلىۋەتتى. ئاتا ـ ئانام "سەنگۇڭ" جاڭزا لاگېرىدا زۇلۇم دەستىدىن قازا تاپقان. ئاكام بىلەن ھەدەملەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشكەن، ئىنىم داۋۇت ئالتاي ـ سارسۇمبىدە مەن سىياقى ماكانسىز سەرگەندان يۈرەرمىش. قومى ـ قېرىنداشلىرىمدىن كىم بار، كىم يوقلۇغىنى بىلمەيمەن.
مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمگە تۆت يىلچە بولدى. "پولات تاۋلاش" ئاياقلىشىپ، بىر تۈركۈم "مىللەتچىلەرنى" ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا يۆتكەپ كېتىشكەن. بۇ جەرياندا ئىچىدە خىتاي جاللاتلىرى مېنى خېلە يەرلەرنى "سەيلە" قىلدۇردى. ئاخىرى بېرىپ چاغانتوقاي تەرەپتىكى مەھبۇسلار لاگېرىدا "ئىستىقامەت" قىلدىم. مانا ئەشۇ ئەجەل گىرىپتارلىغىدىن ئۆلمەي ـ ئۆچمەي، تىرىك قايتىپ كېلىۋاتىمەن. ئۆلۈم خەتەرلىگىدىن قانداقلارچە ئامان قالغانلىغىمنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. تىرىك قېلىشىم تەسادىپىمۇ؟ ياشلىق، تەنتەكلىك بېپەرۋالىغىمۇ؟ ياكى بىساتىمدىكى چىدامىلىق، ئىرادەمنىڭ كۈچلۈكلۈگىمۇ، ھەر ھالدا نەچچە خەتەردىن ئامان قالدىم. ھايات ئۈچۈن كۈرەش ـ ھاياتلىقتا تۈپ مەسىلە ئىكەن. مەن ھاياتلىقنىڭ تۈپ مەناسىنى جەۋر ـ زۇلۇم قايىنىمدا، خۇسۇسەن ئىنسان ھاياتى، سائادىتى ئۈچۈن جەسۇرانە قۇربان بولغان ۋە چىن مەنادىكى ھايات ئۈچۈن تەۋرەنمەستىن كۈرەشكەنلەرنى ئۆز

كۆزۈم بىلەن كۆرگەندە، جانلىق گۇۋاچىسى ۋە ھەمنەپەس بولغان چېغىمدىن تارتىپ چۈشىنىشكە باشلىدىم. ھاياتقا نىسبەتەن كۆز قارىشىم، مۇناسىۋىتىم ئۆزگەردى. ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، ھايات ئۈچۈن كۈرەشنىڭ ھاياتلىقتا نەقەدەر ئۇلۇغۋارلىقىنى دىلىمدا مۇقۇملاشتۇردۇم.

قانداق ئۇشتۇمتۇت قاماققا ئېلىنغان بولسام، شۇنداق ئۇشتۇمتۇت قاماقتىن بوشاندىم. زىنداندىن، تۇتقۇندىن قۇتۇلۇش ئىنسان ھاياتىدا ئەڭ خوشاللىق پەيت ئىكەنلىكىنى شۇ بالاغا گىرىپتار بولغان ئادەم ئۆزى ياخشى چۈشەنسە كېرەك. ئەركىنلىك، ئىختىيارىي يۈرۈش ـ تۇرۇش، دەخلىسىز مۇناسىۋەت ـ ئىنسانىنىڭ ھۆرلىكى، مەئىشەتنىڭ لەززىتىغۇ! لېكىن مېنىڭ خوشاللىقىم ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. چۆچەككە يېقىنلاشقانسىرى، كۆڭۈل شاتلىقىمنى غەمغۇسسە قاپلىۋالدى. ئائىلەم تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتسۇنۇ، يۇرتۇم قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمسۇنۇ، مېنىڭدە نېمە قىلغان شادىمانلىق بولسۇن؟..

چۆچەككە بارغانسىرى يېقىنلاپ، ئالدىراپ كېلىۋاتىمەن.

ھەر كىم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ـ ئۆسكەن يېرىنى قەدىرلەيدۇ. مېنىڭمۇ تۇغۇلغان يېرىمنى ماختاپ، قەدىرلەشكە ھەققى ـ ھوقۇقۇم بار. چۆچەك كىچىككىنە شەھەر. كۆزگە ئىلىنغىدەك مۇساپىدىن قارايدىغان بولساڭ، ئايغىرنىڭ يايلىدەكلا كۆرۈنىدۇ. ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن، نامى جاراڭلىق، داڭقى چوڭ شەھەر. ئۇيغۇر ئېلىغا، ئۇنىڭ قېدىمىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر "ئىپەك يولىنىڭ" بىر شېخى چۆچەكنى تىلىپ ئۆتۈپ روسسىيەگە كەتسە، كېيىنكى ئەسىرلەردىن بۇ يانقى سودا كارۋانلىرى دەل موشۇ شەھەرچە ئارقىلىق شەمەي، ئىرۋىت، قازانلارغا قاتنىشىدىغان ئۆتكۈل ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ياتقۇزۇلغان تاش يول بولسا، ئىككى ئەلنى باغلاپ تۇرىدۇ. چۆچەكلىكلەر ئورتاق تىلدا سۆزلىشىدۇ. بەلكىم شۇ ئالاھىدىلىك توپەيلىمىكىن، ئۇلار: ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك، تاتار ئەھلى ئىنتايىن ئىتتىپاق، قوۋناق ھايات كەچۈرۈپ، قىز بېرىپ، ئوغۇل ئۆيلەشكەن ـ ئۆگىيى يوق، ئۆزگىسى يوق ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشاپ كېلىشكەن...

ئانا ماكانىم ـ ئۇچۇم بولغان قەدىناس ئۇۋامنى سېغىنىشىم، كۆرۈشۈم بېقىياس. شۇڭلاشقىمىكىن، چۆچەككە يېقىنلاشقانسىرى، يۈرىگىم ئويناپ، تومۇرلىرىمغا ئىسسىق قان قۇيۇلغاندەك بولىدىدە، قەدەملىرىم ئىشتىكلەپ كەتتى.

قاراڭغۇ تۈننى يېرىپ، ئۇپۇقتا كۆتىرىلگەن تولۇن ئاي مەن دىلغەستىنىڭ يولىنى يورۇتماقچىدەك، يەر ـ زىمىننى نۇرغا غەرىق قىلىۋەتتى. باھارنىڭ دەسلەپكى ئىللىق پۇراقلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئەتىياز سەلكىنى كۆڭۈل غەشلىگىنى تۈگۈتۈپ ، مېھرىۋان ئانىلاردەك، يۈز ـ كۆزۈمنى يېنىككىنە سىيپاپ، تېنىمگە ئاراملىق بېغىشلاتتى. ھاياتىمدا خۇددى شۇنداق باھار شامىلى، شۇنداق ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ پەيزىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن، تېتىغان بولغىيدىم، ئەمما،ئەشۇ بېقىياس گۈزەل كېچە قەلبىمگە مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ ئورناشقان ئېدى ۋە شۇ دەم قاياقتىنىدۇر ھاسىل بولغان ئىزگۈ تۇيغۇلار تېرىقىسىدە ناخشا باشلاۋەتكىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن:

ئەتىياز پەسلى خوشاللىق پەسلى،
قىش ئازاۋىدىن قۇتۇلۇش پەسلى.
ھەممە جانلىقلار شات ـ خورامدۇر،
خويما خوشاللىق ئەتىياز پەسلى...

بۇ ناخشىنى ئۆچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۆگەنگەن. شېئىرى مەرۇپ سەئىدىينىڭ. خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغان بۇ ناخشىنى ئىنتايىن سۆيۈپ ئېيتاتتىم. ھازىرمۇ نەچچە قېتىم تەكرارلىدىم. مەكتەپ، ساۋاقداشلار، مۇئەللىملەر ئېسىمغا چۈشۈپ، يەنە خاتىرە قوغلۇشۇپ كېتىپتىمەن.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن ئاتاقلىق جاللىتى شېڭ شىسەي دەۋرىدە زىندان، سۈرگۈن ئازاۋىدىن ھالاك بولغان يۈز مىڭلىغان بىگۇنا خەلقىمىز قاتارىدا ئاتاقلىق ئەدىپ ـ شائىرلىرىمىزدىن: مەرۇپ سەئىدىي، خېلىل ساتتارىي، ئايۇپ مەڭسۇرىي، ئابدۇرىھىم (ئۇيغۇر)، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە يەنە

يۈزلىگەن مىللىي ئىپتىخارلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس قىياپەتلىرى كەينى ـ كەينىدىن كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى ۋە ئاغزىمدىن "ئاھ" دېگەن نادامەتلىك پىغان پارتلاپ چىقتىدە، بېشىم قايغان پېتى تېلىپ قاپتىمەن...

روھىي، جىسمانىي ئازاپلارنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك، كېيىنكى كۈنلەردە ئەرزىمەس رەنجىشلەرگە ئەسەبلىرىم قوزغىلىپ، بېشىم قېيىپ، سائەتلەپ ئۆزەمنى يوقۇتۇپ قويىدىغان كېسەلگە مۇپتىلا بولغاندىم. ئاردا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتېكىن، ئېسىمنى يىغىپ، كۆزۈمنى ئاچسام ئاي ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىۋاپتۇ. قورساقنىڭ ئېچىشى، تاغ تەرەپتىن ئۇرغان سوغ شامالنىڭ تەسىرىدىن جالاقلاپ تىترەپ كېتىپتىمەن. ئىككى كۈنگە ھېساپلاپ بېرىلگەن ئۈچ گۆلەك مومىدىن قالغان يېرىم مومنى ئالدىراش ئاغزىمغا سېلىۋېدىم، سوغ تىترەكتىن چىشلار ئۇرۇلۇپ، مومنىڭ نىسپى يەرگە چۈشۈپ كەتمەسمۇ، ۋاي نادامەتەي... بىر بۇردا نان ـ كۈندىلىك ھاياتنىڭ بىر ئۇلۇشىدە! يەرنى سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇردىنى تاپتىمدە، قېچىپ كەتمىسۇن دېگەندەك، ئالىقىنىمغا مەككەم قىسقان پېتىم دوڭغاسلاپ مېڭىپ كەتتىم.

"قارا ئۆڭكۈر" دېگەن كۆرۈككە يېتىپ كەلگەندە تاڭ بوزىرىشقا باشلىدى. گۆردىن چىققان ئەرۋادەك مونۇ ئىسكەتىم بىلەن ئەل ـ يۇرتنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشتىن قاچاتتىم. شۇڭلاشقا ئادەملەر ئۆزۈلمەي قاتنايدىغان چوڭ يولدا ماڭماي، چىغىر سوقماقلار بىلەن مېڭىپ، قاراڭغۇ كېچىدە چۆچەككە كىرىۋېلىشنى نىيەت قىلغان ئېدىم. ئۆز ئەل ـ يۇرتۇڭغا ئىشەشلىك قوشۇلالماي، يوشۇرۇنۇپ، ياتسىنىپ يۈرگەندىن ئېغىر ھەسرەت بولمىسا كېرەك...

تاڭ يورۇۋاتىدۇ، ئەتراپ يورۇۋاتىدۇ. چۆچەك ئۈستىدىكى تۈن پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر ئۆيلىرى، تۈرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىۋېدى، تىنەش تەسىرىدىن تېلىقىقاندەك قاراپ قاپتىمەن. ئانا ماكانىمنىڭ يۈرەك بېغىمغا باغلانغان رىشتىسى مېنى ئۆز قوينىغا تارتقاندەك، ئۆيلەر ئىشىكلەرنى ئېچىشىپ: "كەل، نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، چاپسان كەل!" دېگەندەك كۆرۈنەتتى.

مەن چىداپ تۇرالمىدىم: "چۆچەك، ئانا ماكانىم چۆچەك!" دېگەن پېتىم ئالغا ئىنتىلدىم...

## كۆچ ـ كۆچ

ئەلۋىدا، دەپ بىز كېتەرمىز، ئىلى شەھىرى، ياخشى قال، مۈلۈك ـ ئىمارەت، جاي ـ مەھەللە، ئەرز ـ ئۆي بەھرى ياخشى قال. قىلغان ئەتكەن، پەتىۋى ئىلىمىز قىلدى جۇدا بۇ يەرلەردىن، كۆز ئېچىپ كۆرگەن بۇ جايلار، بىزدىن ئەندى ياخشى قال...

ھەسرەت ـ نادامەت، جۇدالىق ۋە ئايرىلىش دېگەن بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ مىسرالارنى مەن كىچىكىمدىنلا يادقا بىلەتتىم. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېپتىخارلىرىدىن سېيىت مۇھەممەد قاشىي ئۆزىنىڭ "شەرھى شىكەستە" ناملىق داستانىدا 1882 ـ يىللىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن روسسىيەنىڭ يەتتىسۇ ئۆلكىسىگە كۆچۈپ چىقىشىنى، كۆچ ـ كۆچنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى، ئۆز ئانا ماكانىدا ئايرىلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر جۇدالىق، ساقايماس داغ ئىكەنلىكىنى چىن مەناسى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار ھاياتىدا، تارىخىدا روي بەرگەن زور پاجىئەنىڭ باياننى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. ئەندىلىكتە، 1962 ـ يىلى ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي ئىستىبداتچىلىرىنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىكى بوغداخانلارنىڭ زۇلۇمىدىنمۇ ئېغىر، مۇدھىش جەۋىر ـ جاپالىرى دەستىدىن پانا ئىزدەپ ھەر يان قاچقان خەلقىمىزنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتلىرىنى كىم، قاچان داستان قىلىپ، يېزىپ، قاشىيغا ئوخشاش ئەۋلاتلىرىمىزغا قالدۇرار ئىكەن...

ـ بىر ئەمەس، ئونلىغان داستان ـ قىسسىلەرنىڭ يېزىلىشى، نەشىر قىلىنىشى ۋە يېڭى قاشىيلارنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى مۇمكىن. مانا،

سىزنىڭ سەرگۈزەشتىڭىز شۇ قىسسىلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇشقا تېگىشلىك، دېدىم ئىبراھىمنى ئىشەندۈرمەك بولۇپ.

ـ كاشكى شۇنداق بولسا، ـ ئارمان قىلدى ئىبراھىم، ـ زىنداندا تېگىدە ياتقان چېغىمدا ئۆزەمنىڭ ھەمدەردمەنلىرىمنىڭ مۇڭ ـ زارلىرىنى ئەپكار ـ ئاممىغا يەتكۈزىدىغان پەيتلەر كېلەرمۇ، دەپ ئارمان قىلاتتىم.

ـ ئارمان قىلغان پەيتلەر كەلدى دېگەن موشۇدە!

ـ ئۇغۇ شۇنداقتۇ. لېكىن ـ ...ئىبراھىم ئەيمەندىمۇ، دېمەكچى بولغان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كېسىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان پىكرىنى تەخمىنەن ئۇلاشتۇردۇم:

ـ ھاي، جاھان ئەھلى! ھاي، ئاق نىيەت ئىنسانلار! ئاھۇ زارىمىزغا قۇلاق سېلىڭلار! ماۋ باشچىلىغىدىكى خىتاي جاللاتلىرى ئېلىمىزنى خانۇ ـ ۋەيران قىلىپ، خەلقىمىزنى دەپسەندە قىلماقتا. مىللىتىمىزنى مۇنقەرىز قىلىپ، تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش قەستىنى قىلماقتا ...ئىنسان، ئىنسان ئەركى، ئىنسان پەزىلىتى بۇ تېرىقە پايمال قىلىنىپ، مۇنقەرىزلىك ھالەتكە يەتسە، سۈكۈت قىلىپ تۇرامسىلەر؟ قېنى ھېممىشەم جار سېلىنغان ئىنسانپەرۋەرلىك؟ قېنى ئىنسانىي ھەمدوستلۇق، ھەمنەپەسلىك؟.. دەپ تولۇق ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەت قىلسام، جاھان ئاڭلىسا دېمەكچىسىزغۇ؟

ـ ئەنە - مۇراد . ئەنە شۇنداق بولغاندىلا جىمىكى تارتقان ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىم ئۇنتۇلۇپ، جاراھەت قەلبىم قايتىدىن ياشنايتتى، ـ دېدى ـ ئىبراھىم، ھاياجان ئىچىدە. ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇ ئۈمۈدنى ئىپادىلەيدىغان تەبەسسۇم ئەكس ئەتتەكەندەك بولدى.

ـ ئاساسىي مەزمۇندىن چەتنەپ كەتمەيلى، ئىبراھىم، قىسسىڭىزنى داۋام قىلىسىڭىز!

سەل چەتنەپ كەتسەم زەرىرى بولماس. ئاز بولسىمۇ ئىچىمدىكى دەردىمنى تۆكۈۋالاي دېمەكچىمەندە! ـ دېدى ئىبراھىم مېنىڭ سۆزۈمگە قانائەت ھاسىل قىلمىغان بىر كەيپىياتتا، ـ سۆز ئارىسىدا دېمەكچى بولغۇنۇم: ئۆتكەن ئەسىردىكى كۆچ ـ كۆچلەر بۇ قېتىمدىكى كۆچ ـ كۆچتىن تامامەن پەرىقلەنسە كېرەك؟

ـ دەۋىر، شارائىت، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئىككى ئەسىردىكى كۆچ ـ كۆچلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى بار، ئەلۋەتتە. بىرلا ئوخشاشلىق ـ ئۇ زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ، پانا ئىزدەشتىن ئىبارەت.

ـ مانجۇر ـ خىتاي ئىستىلاچىلىرى، ـ دېدى تارىخىي دالالەتلەرنى قەيت قىلىشنى مەنزۇر بىلگەن ئىبراھىم، ـ شەرقىي تۈركىستانىمىزنى ئىستىلا قىلغان 1758 ـ يىلدىن 1863 ـ يىلغىچە 105 يىل ئارىلىقتا 17 قېتىم كۆتۈرۈلگەن چوڭ مىقياسلىق ئازاتلىق كۈرەشلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھەر قېتىمدا قىساس، قەتلىئامدىن قېچىپ، چەت ئەلدىن پانا ئىزدىگەن خەلقىمىز ھازىرقى كۈندىمۇ شۇ تىرىقە قىساس، قەتلىئامدىن خالى بولمىسا جان كۆيۈپ، ۋىژدان ئازاپلانماي نېمە قىلسۇن؟..

ـ ئەينەن شۇنداق، ـ مەنمۇ تەسىراتقا بېرىلىپ كەتتىم ـ تۆۋەندىكى دەلىللەر ھەر قاچان ئىزناسىنى يوقاتمايدۇ. مەسىلەن، 1763 ـ يىلقى ئۇچ ـ تۇرپان قوزغىلىڭىدا، 1819 ـ 26 ـ 23 ـ يىللاردا قەشقەررقوزغىلاڭلىرىدا، 1830، 1846 ۋە 1855 ـ يىللاردا يەنە قەشقەرىيە قوزغىلاڭلىرىدا، 1864 ـ 78 ـ يىلغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن بەدەۋلەت ـ ياقۇپبەگ دۆلىتى مەركەزلەشكەنگە ۋە ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر ئون تۆت يىل جەريان ئىچىدىكى چەت ئەللەرگە قاچقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بەش يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ...

ـ ئۇھ...پىغان مېنىڭ دايىملىق ھەمرايىم بولۇپ قالامدىكىنتاڭ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ئىبراھىم.

ـ چۆچەكنىڭ كۆچ ـ كۆچىنى سۆزلەپ بەرمەكچى ئەمەسمىدىڭىز؟

ـ دېدىم سەرگۈزەشتىنى ئۆز قىنىغا سالماق بولۇپ.

ـ ھە ـ ئە! ـ دەپ باشلىدى پىكرىنى جەملىگەندەك، پېشانىسىنى بىر ئوچۇملىغاندىن كېيىن ئىبراھىم، 1963 ـ يىلقى كۆچ ـ كۆچنىڭ جانلىق گۇۋاچىسى بولغانمەن.

ئادەملەر كۆچۈۋاتىدۇ. ياق، قېچىۋاتىدۇ. توپ ـ توپى بىلەن، يالغۇز ـ يېرىم قېچىشماقتا. ئۇقۇپ قېچىۋاتقانلارمۇ بار، ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەر، تەۋەككۈلگە قېچىۋاتقانلارمۇ بار. ئاتلىق، پىيادە، يۈكلۈك،

يۈكسىزىمۇ بار. كوچىلارغا چىقساڭ ئۇۋا ـ چۇۋا كېتىۋاتقان ئادەملەر. كىم قېلىپ، كىم كېتىۋاتقانلىقىنى ئىلا ـ پەرىق قىلماق تەس. قىيا ـ چىيا، يىغا ـ زارە. كەتكەنمۇ يىغلاپ، قالغانما يىغلايدۇ ـ كۆكنى كۆتۈرۈپ، نالە ـ زار قىلىشىدۇ، قانلىق ياش تۆكۈشىدۇ. ئەگەردە جانغا تەگلىپ كەلگەن خەتەر، قارارى يوق زۇلۇم، چەكسىز ھاقارەت ھۆكۈم سۈرمىگەن بولسا، موشۇنداق قاچ ـ قاچ سادىر بولارمىدى؟ مەن شۇ كۈنى قېچىۋاتقان خەلقنىڭ روھىي ـ كەيپىياتىغا قاراپ ۋەتەندىن، قۇتلۇق ماكانىدىن، ئەل ـ يۇرت، قومى ـ قېرىنداش، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىشتەك ئېغىر جۇدالىق، پاجىئەلىك ماتەم بولمىسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىسگە كەلدىم.

قېچىۋاتقانلار بىردىن ئۈزۈلۈپ كېتىشەلمەي، ئۆي ـ روزغارلىرىنى نەچچە ـ نەچچە قېتىم ئايلىنىپ، تىكىپ ئۆستۈرگەن دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ سۇۋاقلىرىنى، بوسۇغىلارنىڭ توپىلىرىنى لاتىلارغا تۈگىشىۋېلىشاتتىيۇ، بەزىلىرى بولسا، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغرىنى يەرگە يېقىپ، تۆگلەر بوزلىغاندەك، دات سېلىپ يىغلىشاتتى. قويۇڭچۇ، ئۇ ھالەتنى ئەسلىمىگىنىم ياخشى...

مەن يۇرتداشلىرىمىنىڭ خېلىسى بىلەن ئەلۋىدالىشىپ، رائۇف دېگەن تاتار دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. رائۇف ئىككىمىز مەشھۇر مەرىپەتچى ھېسامىدىن ئەپەندىدە تەلىم ئالغان، كىچىكىمىزدىن بىللە ئۆسكەن ۋە ماۋچىلارنىڭ ئۆتكەمىسىدىن بىللە ئۆتۈپ، غەلۇۋۇرىدا توختىغانلاردىن ئىدۇق.

ـ يول بولسۇن، خالىس مىللەتچى ـ دېگەن پېتىم كىرىپ كەلدىم. رائۇفنى "خالىس مىللەتچى" دەپ ئاتىشاتتۇق. رائۇف "ئۇيغۇرستانچىلارنىڭ" بىرى ئىدى. ئۇنى كۈرەشكە تارتىپ، جازا لاگېرىغا ئەۋەتىشكەندىمۇ ئۆز پىكرىدىن قايتماي، ماۋچىلارنىڭ ساختىنا مىللىي سىياسىتىگە قارشى تۇرغان ئىدى ئۇ: "مەن "تاتارستان" تەلەپ قىلغىنىم يوق، "ئۇيغۇرستان" بولۇشقا تېگىشلىك دېمەكچىمەن" دەپ، ئۆز پىكرىدە ئازماستىن تۇردى.

ـ سەن پالاكەت ئۇيغۇرلارنىڭ ياقىسىنى يىتىمەن دەپ يەتكەن يېرىم موشۇ، ـ دېدى رائۇف مېنىڭ چاقچىقىمغا جاۋاۋەن، ـ ئەندى مانا، ئات ئايلىنىپ ئۆز قوزۇغىنى تاپىدۇ دېگەندەك، ئۆز يۇرتداشلىرىمنىڭ ماكانىنى ئىزدەشتىن باشقا ئامالىم قالمىدى.

ـ تاتارستانغا قاراپ رەھمەت دېگىن. قانچە قىلغان بىلەن سىلەرنىڭ ستانىڭلار باردە، رائۇف! ـ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىمدا، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە دوستۇمغا نىسبەتەن رەشىق ـ ھەسەت پەيدا بولغاندەك ھىس قىلدىم.

ـ سېنىڭ بار، مېنىڭ يوق، دېگەننى قويايلى. بىزلەر تارىختىن تارتىپ تەغدىرداش خەلقلەرمىزكى، راھەت ـ خوشاللىغىمىز، قايغۇ ـ ھەسرىتىمىز بىر بولۇشقا تېگىشلىك.

ـ تەغدىرىمىز بىر...

ـ مەن بۈگۈن قارام پەلەكنىڭ گەردىشىدىن نائىلاج بۇ سۆيۈملۈك ئەلنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمما، قەلبىم ھەر دايىم سىلەر بىلەن بىللە...

ـ ياخشى لەۋزىڭگە رەخمەت، دوستۇم. ئادىل نىيەت ـ مەدەتنىڭ ئىشارىسى، ئەلۋەتتە!

ـ سەن ئۆزەڭ نېمە قىلماقچىسەن؟ ـ سوئال بەردى رائۇف.

ـ ۋەتىنىمدىن رىشتىم ئۈزۈلەر ئەمەس ...ئىشلەش، ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا سېنىڭ ئىزىڭنى باسارمەن، بەلكىم.

ـ پەيتنى قولدىن بېرىپ قويما. خىتايلار بۈگۈن قېچىۋاتقانلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، چېگارانى ئوچۇق قويغىنى بىلەن، ئەتىلا بىكىتىپ، ئۆزى بىلگەننى قىلىشى چوقۇم، ـ دېدى رائۇف ۋە ئاغزىنى قۇلىغىمغا يېقىن تۇتۇپ پىچىرلىدى: ـ ئورۇسلارنىڭ پېشىنى تۇتساق، يامان كۈنگە قالمايمىز.

مەن رائۇفنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن يىتىمسىراپ تەلمۈرۈپ قالدىم.

## ماكانىدا ماكانسىز

مەن ئۆز ئېلىم، ئۆز ماكانىمدا پاناسىز بىر مۇساپىرغا ئايلاندىم. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھالىمنى نېمىگە قىياس قىلسام بولاركىن. چۆلدە تېنىگەن غازغىمۇ؟ تەنھا ئۇچقان تۇرنىغىمۇ؟ ياكى ئۆز يېرىدىن ئايرىلىپ قالغان قۇلۇنغىمۇ؟
مەن تېنەپ يۈرىيمەن. نەگە بېرىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، تەلۋىلەردەك كوچىمۇ ـ كوچا تەنتىرەپ يۈرىمەن. ئۈركۈپ قاچقان يۇرتداشلىرىمنىڭ تاشلاندۇق ئۆي ـ ئىمارەتلىرى قەبرىستاندىكى ئاغزى ئوچۇق قالغان گۆرلەرنى ئەسلىتەتتى. ئېگىسىز قالغان ئىشتلار زالىمغا زاۋاللىق تىلىگەندەك ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلىشىپ، قارا تۈننىڭ مۇدھىشىنى تېخىمۇ ئۇلغايتاتتى. ئەشۇ ئېگىسىز ئىشتلار قاتارى ئاچ قورساق سوقۇلۇپ يۈرىمەن. ئاچارچىلىق ئاپىتى بوسۇغىدىن ئاتلاپ، ئەجەل ئوقى دېرىزىدىن ئېتىلىپ كىرىۋاتقان خەۋپلىك بىر مەزگىلدە بىرىنىڭ بۇردا نېنىغا قانداقمۇ ئورتاقلىشىسەن؟ يالغۇز مەنلا ئەمەس، ماشا ئوخشاش "تامغىلىق" سەرگەندانلار ئازمىدى؟ بىرسىگە سۈركىلىپ كەتسەك كاساپىتىمىز تېگىدۇ. شۇڭلاشقا يۇرتداشلاردىن چەتنەپ يۈرىمىز. دوستۇم رائۇف قالدۇرۇپ كەتكەن ئالتە جىڭ ئاشلىق بىلىپتى "قازان تېگى" ئوزۇقلاردا بىر نەچچە كۈن جان باقتىم. بۈگۈن رائۇفنىڭ ئۆيىنى ئىچكى ختايدىن چىققان "ئاكىلار" ئىشغال قىلغاچقا، مەن يەنە كوچىدا قالدىم. ئەتراپىمدا قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ بوش ئۆيلىرى بارۇ، لېكىن ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇلارنىمۇ "ئاكىلار" ئېگىلىشى، بىزدەكلەرنى سۈرۈپ چىقىشى چوقۇم بولغاچقا، ئۇ ئۆيلەرگە يېقىن يولىمىدۇم. ئاھ، ئۆز يۇرتۇڭدا پاناسىز تېنەش ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاپ ئېكەن ـ ...
ئىبراھىم توختاپ قالدى. ئۇ شۇ پەيتتە جىسمانەن مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغىنى بىلەن، روھەن كىچىككىنە گۈزەل شەھەر چۆچەكتە ئىدىكى، ياۋۇز ختاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھاقارەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتقانلىقى، ئازاپلىنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ

بوزارغان يۈزى ۋە غەزەپ ئەلەڭگىسى چاقنىغان كۆزلىرىدىن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مەن ئىبراھىمنىڭ رايىچە بولۇپ، جىم ئولتاردىم.

ـ نېمە دەۋاتاتتىما؟ ـ بىردىن ماڭا نەزەر تاشلىدى ئىبراھىم ۋە مەن جاۋاپ بەرگىچە ئۆزى سۆزلەپ كەتتى. ـ شۇ كېچىسى ئەقلىدىن ئازغان تەلۋىدەك تاشلاندۇق ئۆيلەر، بالدۇرىراق ئېگىسىز كېلىپ، ئەسكى تاملىقتا ئايلىنىۋاتقان قورا ـ جايلارنى ئارىلاپ يۈرۈپتىمەن. ئىشىنىڭكى، شۇ كېچىدىكى يالغۇزلۇق، غېرىپلىق، جۇدالىقنىڭ تەسىرىدە سۆزلەپ قالغىلى ئازلا قالدىم. "ئىسىت ئادەملەر! ئىسىت باغلار!.. ئىسىت ئۆي ـ ماكانلار!.." دەپ نالە قىلاتتىم، تۈن كېچىدە غەم باسقان چۆچەكنى ئايلىنىپ يۈرۈپ. مېنىڭ نالە ـ پەرىيادىم، ھەسرەتلىك خىتاپلىرىمنى تاشلاندۇق ئۆيلەر، ئەسكى تاملار، پولات تاۋلاشتا قىرقىلغان چولاق دەرەخلەردىن باشقا كىمما ئاڭلىغاي، كىمما قۇلاق سالغاي. ئاخىرى بېشىم قايغاندەك بولدىدە، چولاق تامغا يۆلەنگەن پېتىم ئولتۇرۇپ قالدىم...

ئىلىچە تۇماغىڭنىڭ
قىرىنى بۇزۇۋەتمە.
بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم،
ئۈمىدنى يۈزۈۋەتمە!..

مۇڭلۇق ناخشا ساداسى بىردىنلا ۋۇجۇدۇمغا مەدەت قۇيدىمېكىن، كۆزلىرىمنى ئېچىپ، ئەتراپقا قۇلاق سالدىم. ناخشىنىڭ باشلىنىشىدىكى مىسرالىرىنى چالا ھوشسىز ئاڭلىغاندىمەن، ھەر ھالدا ناخشا تەسىرىدە ئېسىمنى يىققاندەك قىلدىم. "بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم، ئۈمىدنى يۈزۈۋەتمە" ئاتىلار ۋەسىيىتى، ئانىلار ئىلتىجاسى بۇ مەدەتكار ئىبارىلەرنى نەچچە رەت تەكرارلىدىم ۋە ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئىلدام مېڭىپ كەتتىم.

* * *

سەھەرگە يېقىن بۇلۇتلار قويۇقلىشىپ، يامغۇر سىملداپ يېغىشقا باشلىدى. نېمىشكىدۇ، بەلكىم، مۇزلىغانلىقتىندۇ، دىلىم ئۆز ئۆيىمىزگە تارتقاندەك قىلدىدە، بېئىختىيار شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

ئۆز زامانىسىدا "ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى" ئىدارە قىلغان بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئوڭغا بۇرۇلۇشىمغا چىغ ئارتىلغان ئىشەكنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئادەم ئالدىمدىن چىقىپ قالدى. ھەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزدىن ئەيمىنىپ توختاپ قېلىشتۇق.

- ھۇي، رېھىم ئاكىغۇي مونۇ! - ۋاقىراۋەتتىم ئۆزەمنى تۇتالماستىن، ئالدىمدا داڭقېتىپ تۇرغان ئادەمنى تونۇپ.

- ئىبراھىممۇسەن؟ - تىلغا كىردى تونۇشۇم، - تاڭ ئاتماستا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

- سەھەردە ساپ ھاۋا يەپ، كوچا سەيلىسى قىلىپ يۈرىمەن، - دېۋىدىم ئەزەلدىن خۇش چاقچاق رېھىم ئاكا بېئىختىيار كۈلۈۋەتتى.

- راست. ئەۋۇ ھۇۋلاۋاتقان ئاچ ئىشتلاردەك كوچا تىمىسقىلايدىغان بولۇپ قالدۇق. يامغۇردا چۆپ-چۆپ بولۇپ كېتىپسەن، يۈر ئۆيگە باشلاپ باراي.

- رەخمەت، رېھىمكا...

- مېنى ئاياپ تۇرغىنىڭمۇ؟ ئايايدىغان جان قالمىدى. بىر كۈن بولسىمۇ دىدارلىشايلى. ئەتىكىگە خۇدا ئېگەم. يۈر، قىسىنما، - بۇ تېرىقە ئەقىدە-ئەسرارلىقتىن سۇنۇق دىلىم يورۇغاندەك سېزىم ئېچىدە رېھىم ئاكىنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئاتمىش ياشتىن ئالقىغان بۇ ئادەم ماھىر موزدۇز ئېدى. رېھىمكام تىككەن ئۆتۈك ھېچ قاچان تىكىشىدىن كەتمەيدىغان. ئۇنىڭ موزدۇزخانىسى ئادەمدىن خالى ئەمەس، ھەر قاچان كۈلكە-چاقچاق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان. شەھەردىكى يېڭىلىق خەۋەرلەرنىڭ بىر قىسمى موشۇ موزدۇزخانا ئارقىلىق تارقىلىدىغان. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، رېھىم ئاكىنى چۆچەك ئەتراپىدا تونۇمايدىغان ئادەم ئاز.

- ئۇخلىماستىن، يولۇمغا قاراپ ئولتۇرۇپسەندە، خوتۇن، - دېدى قوش قوۋۇقنى ئېچىپ بەرگەن ئايالىغا رېھىم ئاكا.

ـ ۋاي، خۇدايىمەي، چۆپ ـ چۆپ سۇ بولۇپ كېتىپتىلا، چاپسان ئۆيگە كىرسىلە! ـ دېدى ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالغان ئايال.

ـ چۇلۋۇرغا ئېسىلما، خوتۇن. دەرھال مەشكە ئوت ياق، ئىسسىق چاينىڭ ئامالىنى قىل.

ـ خوپ! ـ ئايشىخان ئايلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ـ كەل، ئوغلۇم، قول ـ قولچە مونۇ جانىۋارنى ئۈستىدىكى يۈكتىن قۇتۇلدۇرايلى.

رېھىم ئاكا ئىككىمىز چىغنى لەمپىنىڭ ئاستىغا تەخلەپ، ئېشەكنى ئېغىلغا باغلاپ كىرگىچە ئايشەم ئايلام مەشكە ئوتۇن قالاپ ئۈلگىرىپتۇ.

ـ ئۈست كىيىمىڭنى يېشىپ، مەشكە قاخلا. مەنمۇ ئۆزەمنى بىر قاتار ئوڭلاپ چىقاي.

رېھىم ئاكا ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. خېلىدىن بېرى مۇنداق سەرەمجان ئۆيغۇر ئۆيىنى كۆرمىگەچمېكىن، ئايشىخان ئايلامنىڭ پاكىزە بېسىقتۇرۇلغان ئەپچىلگىنە خانىسى كۆزۈمگە بۆلەكچىلا ئىللىق كۆرۈنۈپ، ئانامنىڭ ئۆي تۇتۇشلىرى يادىمغا يەتتىدە، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى. شۇ تاپتا، بەدەستىر ھېرىپ ـ ئاچقان چېغىمدا، ئۆز ئانام بولسا، مەشنىڭ قېشىدا سۇنايلىنىپ يېتىپ، ئاپامنىڭ تىزىغا بېشىمنى قويسام، راھەتلىنىپ ئۇخلار ئىدىم...

ـ بېچارە، قېقىلىپ، سوقۇلۇپ يۈرۈپ تۈزەككىنە ئارام ئالمىغاندە!

ـ ئويغاتمىسىلا، بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ.

كۆزلىرىم ئىلىنغاندەك قىلغىنى بىلەن بوۋاي ـ موماينىڭ مېھىر شەپقەت يېغىپ تۇرغان سۆزلىرى قۇلىغىمغا كىرگەچكە، گويا ئاتا ـ ئانامغا ئەكىلىگەندەك، بىر دەم بولسىمۇ كۆزۈمنى ئاچماي يېتىۋالدىم.

ـ ئىبراھىم، ئوغاقمۇسەن، بالام؟ ـ مۈرەمدىن سىلىققىنە سىلكىدە رېھىم ئاكا.

ـ ئۇخلۇمۇدۇم، كۆزۈم سەل ئىلىنىپ كېتىپتۇ.

ـ مونۇنى ئىسسىق ـ ئىسسىق ئىچسەڭ، تەر چىقىپ، هاردۇغۇڭ چىقىدۇ، بالام، ئانىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن دەستىخاننى يېيىپ، ئالدىمغا بىر ئاپقۇر ئۇماشنى قويدىدە، ئۆزى غىپپىدە ئىچكىرى كىرىپ كەتتى موماي. شۇ قېتىم ئىچكەن ئۇماشنى نېمە دەپ ئاتىسام بولار؟..

ـ شىپالىق ئېشى.

ـ مانا، مانا! ـ خوشال بولدى ئىبراھىم لوخما سالغىنىمغا، ـ شۇ ئاش ماڭا شىپالىق بولغاندى. ئاشچامغۇر قوشۇپ ئېتىلگەن ئۇماش بەدىنىمنى تەرلىتىپ، تېرەم كەڭىيىپ، خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدىم.

ـ قىزلار كۆرۈنمەيدىغۇ، تاغا؟ ـ دېدىم ھېچ قاچان ئۇنتۇلمايدىغان مېھماندارچىلىقىقا رەخمەت ئوقۇغاندىن كېيىن.

ـ قىزلارمۇ؟ ـ تىكىرقىپ قالدى بوۋاي، ـ گەپ مانا شۇ قىزلاردا بولۇۋاتىدۇ، ئوغلۇم!

ـ قانداقچە؟

ـ قىزلارنىڭ ئۆيدە بولماسلىقى پۈت ـ قولىمىزنى باغلاپ قويدى ئەمەسمۇ، قىزلار ئۆيدە بولغاندا ئاللىقاچان ئۇ قاتتا ئولتىراتتۇق.

ـ قىزلار نەدىدى؟

ـ ئۈرۈمچىدە. بۇنداق تەپرىقە بولۇشنى بىلگەن بولسام، بوسۇغامدىن نېرى چىقارماس ئېدىم.

رېھىم ئۇستىنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بولىدىغان. ئىككى قىزىنىڭ كىچىكى ماھىنىسانىڭ تىنىق ھاۋادەك سۈزۈك چىھرىسى كۆز ئالدىمدا ئەينەن نامايەن بولدىدە، يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك، ماھىنىسانى ئۆزگىلەردىن كۈنلىگەندەك ھىسسىياتقا چۆكتۈم.

ـ شۇ كۆز نۇرلىرىمىز، ھايات بايلىغىمىز ئىككى قىزىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكىتىۋېلىش كويىدا موماي ئىككىمىزنىڭ گېلىدىن تاماق، كۆزىمىزدىن ئۇيقا كەچسۇنمۇ.

ـ بېرىپ ئېلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟

ـ مەن قانداق بارالايمەن؟ ئۇزاغىراق ماڭسام دېمىم سىقىلىدۇ، ـ زارلاندى بوۋاي. ئۇنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىگەننى بايقاپ، ئۆزەمنىڭ

دەردنى ئۈنتىغان ھالدا بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ غېمىنى قوغلىشىپ كېتىپتىمەن.

ـ ئىمكانىيەت تېپىلسا، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، قىزلىرىڭىزنى يەتكۈزۈپ كېلىشكە ياردەم قىلاي، ـ دېگەن ۋەدە ئاغزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزەمما سەزمەي قاپتىمەن.

ـ ئاتاڭغا رەخمەت، ئوغلۇم! ـ خوشاللىغىدىن قوزغىلىپ كەتتى رېھىم ئۇستا، ـ سېنىڭ بېشىڭدىن ئىسسىق ـ سوغ خېلە ئۆتكەن، سەن بىر ئامالىنى قىلالايسەن. يول خىراجەتلىرىنى جايلاپ بېرىشكە چامىم يېتىدۇ...

ئۆز ماكانىمىزدا ماكانسىز تېنەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچىگە ماڭدىم. مېنىڭ مەقسىتىم رېھىم ئاكىنىڭ قىزلىرىنى چۆچەككە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۈرۈمچىگە "سىڭىپ" كېتىش ئىدى.

## ساختا كەڭچىلىك

"چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش"، "خەلق كوممۇنىسى"، "باش يول ـ باش ۋەزىپە" نامى ئاستىدا تەركىپ تاپقان ۋە سىياسىي يۆنىلىش جەھەتتە: "ئۈچ قىزىل بايراق" دەپ ئاتالغان يۈگەنسىز كامپانىيا ئاقىۋىتىدە يۈز بەرگەن ئىختىسادىي بوھرانچىلىق، روھىي قاششاقلىق تۈپەيلى ھايات يولى قىنىدىن چىقىپ، ئەندىلىكتە ماۋچىلارنىڭ ساختا ۋەدە ئىنئاملىرىنىڭ تەسىر كۈچى قالمىغان ئىدى. ئۇلار ماۋزېدۇڭنىڭ "قۇدرەت ئىلاھى" ئىبارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خەلق ئاممىسىنى قانچىكى رىغبەتلەندۈرمىسۇن ياكى "پارلاق" ئىستىقبالغا دەۋەت قىلمىسۇن، چارچىغان، ھالىدىن تايغان خەلقنىڭ ئورنىدىن سىلجىغىدەك مادارى قالمىغان ئىدى. يۈز مىلىئونلىغان خەلق مېڭىشتىن، ئالغا سىلجىشتىن توختىدى. ئەسەبلەرنى غاجىلاپ، زەردەگەش ۋە جاندىن بىزار قىلغان چۇقان ـ سۈرەنلەر، جاراڭلىق لاپلار، ئىچى كاۋاك سىياسىي شۇئارلار بىر مۇددەت جىمىپ قېلىشتى.

دەرۋەقە، جەمىيەت قىياپىتى شۇنداق بىر ھالەتكە كەلگەن ئىدىكى، گويا قانلىق مۇھارىبەدىن ياكى بولمىسا تەبىئىي ئاپەتتىن كېيىنكى مۇدھىش مەنزىرە ھاسىل بولغاندى.

ھالاكەتنىڭ سەۋەپكارى كىم؟ باش جىنايەتچى كىم؟ بۇ تىرىقە قانۇنىي سوئاللار جاۋاپسىز قالدى، جاۋاپنى سۈرۈشتە قىلىشقىمۇ ھېچ كىمنىڭ ھەققى ـ ھوقۇقى يوق ئىدى ...ئەمما ھاكىمىيەت قۇرالىغا ئىگە ھۆكۈمدارلار خەلقنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، ئۆز جىنايەتلىرىنى نىقاپلاش ئارقىلىق باشقىلارغا دۆڭگەش ئۈچۈن يوچۇق ئىزدەشكە كىرىشتىدە، ئاخىرى: "خاتالىقلارنى تۈزەش" دېگەن ساختا لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقىشتى ۋە بىر قاتار "كەڭچىلىكلەرگە" يول قويىغاندەك بولدى. دەسلىۋىدە "چوڭ سەكرەش، پولات تاۋلاش" ئۈچۈن تاغ ـ چۆللەرگە كەتكەن ۋە نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان زىيالىلار ئاۋالقى ئىش ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلدى. موشۇ ئارىلىقتا، يەنى بىر ئاز جىم ـ جىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۆنۈملا ستۇدېنتلار بىلەن ئۇچراشتىم. غۇلجا ۋە چۆچەكلەردە يۈز بەرگەن غۇل ـ غۇلا ۋە قاچ ـ قاچلاردىن ستۇدېنتلار خەۋەردار ئىكەن. ماۋئىزم، خىتاي ھۆكۈمدارلىغىغا قارشى كەيپىياتتىكى ياشلار سوۋېتلار سويۇزىغا كېتىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىشىپ، قاتناش بېكەتلىرىگە بېرىپ بىلېت ئېلىشاتتى. ئاممىۋىي تۈس ئېلىۋاتقان بۇ ئوچۇق نارازىلىق ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۆچىگەن ماۋچىلار جىددىي چارە كۆرۈشكە باشلىدى. 1962 ـ يىلى 24 ـ ئاپرىلدىن باشلاپ قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممە تۈرى توختىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يىگىرمىدىن ئوشۇق پولىتسىيە بۆلۈملىرى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ مەمۇرىيەتلىرى ۋە ماۋچى ـ چوماقچىلار بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىشىپ، ئۈرۈمچىنى تىمىسقىلاپ، تىنەپ تارىلىپ كەتكەن ستۇدېنتلارنى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كوچىلاردىكى ئېگىسىز ئىشتلارنى تۇتقاندەك تۇتۇپ، ئۇرۇپ ـ سوقۇپ مەخسۇس ماشىنىلارغا باسقان ھالدا قاياقلارغىدۇ ئېلىپ كېتىشكە باشلىدى. شۇ "تۇت ـ تۇت" قالايمىقانچىلىقىدا

رىھىم ئۇستىنىڭ ئىككى قىزى بىلەن گەزلەشتىم. زور بىر ھامىي - يۆلەنچە تاپقاندەك ئۇلار ماڭا يېپىشتى.

- ئىبراھىم ئاكا، بىزنى چۆچەككە ئېلىپ كەتسىڭىزچۇ؟.. - نالە قىلىشتى قىزلار. قىزلارنىڭ كۆڭلى تىنغىدەك ۋەدە بېرىشكە ماجالىم يەتمەتتى. شۇ كۈنلەردە ئىككى قىزنى ئەمەس، ئۆزەمنىڭ چۆچەككە ئامان - ئېسەن قايتىپ كېتىشىمگە ئىشەنمەتتىم. مۆتىدىل كۆرۈنگەندەك قىلغان سىياسىي ۋەزىيەت بىر كۈندىلا يەنە ئۆزگىرىپ، ئۇرۇمچى ئىچى ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتكەندى.

- مانا، مانا بۇ دادامنىڭ خېتىدە ئىبراھىم ئاكاڭلار سىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ دەپتىغۇ!..

- ساموليېيۇت، ماشىنا - قاتناش ئورۇنلىرى بىكىتىلگەن. بۇ ھالەتتە سىلەرنى قانداق قىلىپ ئەپكېتەلەيمەن جېنىم سىڭىللىرىم؟

قىزلارغا ئۇزتۇرا بولالماي يەرگە قاراۋالدىم. ئىچىمدە: "ئاپام داقاق قىلىدىغان ئۆلەمەنلىرىنىڭ بىرىمەن. ئۆزەمنىڭ ھالىغا باقماي رىھىم ئۇستىنىڭ قىزلىرىنى چۆچەككە يەتكۈزۈپ كېلىشكە ۋەدە بەردىما مەن ھاماقەت!" دەپ ئۆزەمدىن - ئۆزەم نەپرەتلىنىمەن. راستىمۇ شۇدە! قولدىن كەلمەيدىغان ئىشقا تەنتەنىلىك ۋەدە بېرىپ، كىشىلەرنى ئۈمۈدكە باغلاپ قويۇشتىن ئارتۇق رەسۋاچىلىق بولارمۇ؟

- ئەك بولمىغاندا، - دېدى مەندىكى تەڭلىكنى بايقىغان چوڭ قىز، مونۇ كىچىگىمىز، كەنجىمىز ماھىنىسانى بولسىمۇ ئېلىپ كەتسىڭىز، ئىبراھىم ئاكا.

- خوپ، ماقۇل. جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ بىر ئامالىنى قىلاي، ۋەدە قىلدىم، قىزلارنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان ئىلتىماسىنى رەت قىلالماي.

قىزلار بولسا مىننەتدارلىق ئېيتىشقا لايىق سۆز تاپالمىدى، ئەتىمالىم، مېنى قۇچاقلاۋېلىشتى...

* * *

مېنىڭ ئالدىمدا ئەندىگىنە ئون يەتتە ياشقا تولغان، ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈگىنى تېتىپ ئۈلگەرمىگەن، سەبىلىك بىلەن

ئۆسمۈرلۈك پەللىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھايات ـ مەئىشىيەت يولىغا قەدەم باسقان ماھىنىسا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇڭ ياراشقان بېغۇبار يۈزىدىن، قاتار كىرپىكلىرىنى سايىۋەن قىلغان خىيالچان تۇم قارا كۆزلىرىدىن ئۇمۇد ۋە تەشۋىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ـ ئىبراھىم ئاكا، ـ دېدى ئۇ توساتتىن ماڭا تىكىلىپ قاراپ، ـ چاچلىرىمنى سېرىپ چۈشىرىپ، ئەرەنچە كىيىنىۋالسام مېنى ھېچ كىم تونالماس دەيمەن.

ـ ئىككى ئۆرۈم چېچىڭىز شۇنچە ياراشقانكى، ھۆسنىڭىزگە ھۆسن قوشۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق كۆركەم، تاپانغا چۈشۈپ تۇرغان چاچنى قىرقامدېكەن، سىڭلىم؟ ئەرەنچە كىيىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. قانداق بولمىسۇن، سىزنى چۆچەككە يەتكۈزىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، ماھىنىسا، ـ دېدىم مەسۇمە قىزنىڭ تەشۋىشنى بېسىپ، كۆڭلۈمدە، نېمىشكىدۇ، بۇ ۋەدەمگە ئانچىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى.

ـ بۈگۈنلا يولغا چىقارمىز ھە، ئاكا؟ ـ تەلمۈرگەندەك قارىۋېدى، قىزنىڭ ئۈمۈدۋار كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارالمىدىم.

ـ ئاۋال سىزنى ئىشەشلىك يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن ماشىنا ئىزدەيمەن...

ـ ۋاي، خۇدايىمەي يەنە كۈتۈش كېرەكما؟

ـ بۇ يەردە كۆپ ئولتارمايلى، ـ دېدىمدە، ماھىنىسانى ئەگەشتۈرۈپ كوچىغا چىقتىم. "ساي باغ" تەرەپتە بىر يۇرتداش بولىدىغان، شۇنى نىشانلاپ كېتىۋاتىمەن. ماھىنىسا بولسا، قولدا باققان ئوغلاقتەك، كەينىمدىن ئىز بېسىپ كەلمەكتە. تۆت يىل مۇقەددەم ئۇرۇمچىگە كەلگەنمەن. شۇندىن دەررۇ كۆزگە چېلىقىدىغان زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى شەھەرنى كەلگۈندىلەر قاپساپ كېتىپتۇدە، يەرلىك ئاھالى ئاشقا پوچاق سالغاندەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئىككىنچى زور ئۆزگۈرۈش ـ پويىز يولىنىڭ كېلىشى. بىز ساي بويىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا "شىخابا" تەرەپتىن پاراۋوز بۇقىسىنىڭ ھۆكۈرىگەن ئاۋازى ياڭرىدى. ئۇ: "ئاكا بولۇڭلار، ئىتائەتمەن پۇخرالار! ئىچكى خىتايدىن ئادەم بېسىپ چىقتىم، قايتىشىمدا شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى، ئوزۇق ـ تۈلۈك، جانلىق مېلىنى يۈكلەپ كېتىمەن!.."

دېگەندەك سۈرلۈك گۈكىرەپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى يەنە بىر قېتىم زېدە قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى.
يۈرتدىشىم تۇدۇشنىڭ ئۆيىگە خالى كوچىلار ئارقىلىق بىر ئامالىلاپ يېتىپ كەلدۇق. قاپقىنى نەچچە قېتىم قاققاندىن كېيىن، ئىچكىرىدىن ئېرىنىپ چىققان كىشى، قاپقا يوچۇغىدىن قاراپ سورىدى:
ـ كىم كېرەك؟
ـ تۇدۇشمۇ سەن؟
تۇدۇش ئۈن قاتمىدى.
ـ ئىشىگىڭنى ئاچساڭچۇ، قېرىنداش!
ئىلغۇر شاراقلىدى. بىزنى كىچىككىنە هويلىغا كىرگۈزگەن تۇدۇش تېچ ـ ئامانلىق سوراشمايلا، كوچىغا چىقىپ ئۇ ياق بۇ ياققا سەپ سېلىپ قاراپ، ئىشىكنى بىكىتتى ۋە قېشىمغا كېلىپ، ئەپۇ سورىغاندەك سۆزلىدى:
ـ خاپا بولما ئاداش، زامانەڭ موشۇنداق بولغاندىكى، ئۆزەڭدىنمۇ گۇمان قىلىدېكەنسەن، ـ ئۇ ماھىنىساغا قاراپ، ـ كەچۈرىسىز، سىڭلىم، ـ دەپ ئالاھىدە خۇشچىراي بىلەن كۆرۈشتى.
ـ ئەكسىچە، سىز بىزنى كەچۈرۈڭ، كېچىدە مالال قىلدۇق، ـ دېدى ماھىنىسا مىننەتدارلىق بىلەن.
تۇدۇش ماھىنىسا ئىككىمىزنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ دالىنىدا قاتارىغا تۆت بالا يېتىشاتتى.
ـ يۇقۇرى ئۆتەيلى، ـ ئىچكەركى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، تۇدۇش، ـ يېقىلغۇنى تېجەيمىز دەپ توخۇلار قونداققا چىققاندا بىز تەڭلا ياتىمىز.
ـ ماھىنىسا ئۆز سىڭلىمدىن چارى بولغاچقا، سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئىشەشلىك باشلاپ كەلدىم. راستلا، زېنەتخان كۆرۈنمەيدىغۇ؟
ـ هەي، ـ تۇدۇش تىكىشلىرى سۆكۈلگەن دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ياش تۇرۇپلا ئاقارغان بېشىنى قاشلىدى، ـ قوساق غېمى... زېنەت بىر نىمە تېپىپ كېلەي دەپ ئەتىگەن چىقىپ كېتتۈېدى، تېخىچىلا كەلمىدى!

ـ يۇرتداشلار مېنى ئۇرۇمچىگە يولغا سالغاندا، بىرئاز ئوزۇق ، ئاشلىق بىلىپتى يىغىپ بېرىشكەن ، بارىنى تەك كۆرەرمىز.
ئوزۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان تۇدۇش قاتار يېتىشقان بالىلىرىغا قاراپ قويدى .
ـ بالىلارنى ئويغات ، نانغا تويغۇزاي ، ئاداش ، ـ دېدىم تۇدۇشنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك .
ـ مەن چاي قاينىتاي ، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى ماھىنىسا.
ـ سەت بولامېكىن...
ـ سەتى نېمىسى؟ بىز ئۆزغۇ. ماھىنىسا سىڭلىمىز چاي قايناتقىچە ئىككىمىز كەڭكۇشادە مۇڭدىشىمىز ، ـ دېدىم .
ماھىنىسا تۇدۇشنىڭ توختىتىشىغا قارىماي ، تاشقارقى خانىدا چايغا تۇتۇش قىلدى . ئۇخلىغان بولۇپ يېتىشقان بالىلار نانىنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ، باشلىرىنى كۆتىرىشتى . ئۇلارنىڭ چوڭراقى قىز ئىكەن ، ماھىنىساغا ياردەم قىلدى .
ـ ئىمان سىرىڭنى ئېيتقىنا ، بۇ يەردە نېمىگە دەلدەڭلەپ يۈرىسەن؟ پىچىرلاپ سورىدى مېنىڭ قېشىمغا سىلجىغان تۇدۇش .
مەن بېشىمدىن كەچكەنلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ، دېدىم:
ـ قاتناش ماشىنا تاپقىچە ماھىنىسانى يوشۇرۇپ تۇرۇش كېرەك .
ـ يوشۇرۇش؟ قانداق يوشۇرالايسەن؟ ـ چۆچۈپ كەتتى تۇدۇش .
ـ ئاستا ، ئۆپكەڭنى باس .
ـ ھەر كۈنى دېگىدەك ئۆيلەرنى تەكشۈرەيدۇ . سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنى ساقچى بۆلۈمىگە خەۋەرلەپ ، تىزىمغا ئالدۇرمىسا جازالىنىدۇ .
ـ بۇ قاتاڭ تۈزۈمنى سەن دېمىسەڭمۇ ياخشى بىلىمەن . ئامال تېپىلمايدىغان ئىش يوققۇ ، ئاداش! ـ خىتاپ قىلدىم رەنجىگەن قىياپەتتە . "ئاكىلار" ئۆيىمىزگە كىرىۋېلىشتى . ئۆزىمىز يەتتە جان كاتەكتەك ئىككى ئېغىز ئۆيدە تىقىلىپ ياتىمىز . يان خوشنىلار خەتەرلىك ـ ھەر قەدىمىمىزنى پايلايدۇ ، ـ ھال ئېيتىشقا باشلىدى تۇدۇش .

ـ خـجالـەت بولما، ئاداش. ئۇششاق بالـلـق سـەندەك ئادەمگـە ئېغىرچىلىق سېلىش ئىنساپتىن بولماس.

ـ توختا، توختا! ـ دېدى نېمدۇ، ئېسىغا كەلگەن تۇدۇش تىزىمغا قولىنى قويۇپ، ـ ھېلىمە ئائىلام بۇ قىزنىڭنى سىڭدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. بۇلتۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنى يوشۇرۇپ، مونۇ گېزەندىلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان.

ـ ساڭىلا ئىشەشلىك بولسا بولدى، ـ دېدىمدە، ئورۇن تېپىلغىنىغا خوشاللىقىمدا خورجۇننى ئېچىپ، ماھىنىسانىڭ ئانىسى يېقىپ بەرگەن توغاچتىن ئونچىنى، ئىككى يىگچە سۆرلەنگەن جەرەننىڭ گۆشىنى ۋە ئون جىڭ ئاشلىق بىلېتنى تۇدۇشنىڭ قولىغا تۇتقۇزىۋېدىم، غايىپتىن چۈشكەن بۇ رىسقىغا ھودۇققان تۇدۇش رەخمەت ئېيتىش ئورنىغا مېنى مەككەم قۇچاقلاپ يۈزۈمنى شوپۇشلاپ، ئالا قويماي سۆيدى ۋە ئۆپكىسىنى باسالماي ماچىلداپ يىغلاۋەتتى.

چاي قايناتقان ماھىنىسا ھەممىمىزنى جوزا چۆرىسىگە جۇغجەم قىلدى. تۆت بالا ـ ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز. ئالدى ئون، كەينى ئىككى ياشتا ئىكەن. ھەممىسىلا بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئورۇق ـ ئاۋاق، كۆزلىرى گىرتەيگەن، قوللىرى چوقىدەك ئىنچىكە پۇۋ دېسە ئۇچۇپ كەتكىدەك رەزگى. باللار جوزا ئۈستىدىكى توغاچلارنى، پىشقان گۆشنى كۆرۈش بىلەن كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسى چىقىپ تەلمۈرگەنچە، جوزىدىن كۆز يۈزمەي بىر دەقىقە داڭقېتىپ تۇرۇشتىدە، بىردىن ھەممىسى تەڭلا نانغا چاڭ سېلىشتى.

ـ ناننى ئورنىغا قويۇش، ئۆزەم بۆلۈپ بېرىمەن! ـ ۋاقىرىدى تۇدۇش. باللار ئاڭلار ئەمەس. "ئۆلتۈرسەڭمۇ ناننى بەرمەيمەن" دېگەندەك، ئاتىسىغا غىلام قارىشاتتىدە، قوللىرىدىكى ناننى ئالدىراش چالا ـ پۇلا چايناپلا يۇتۇشقا باشلىدى. ئەڭ كىچىكى گېلىگە تۇرۇلۇپ قالغان بۇردىنى يۇتالماي تىلىقىپ قېلىۋېدى، تۇدۇش بالىنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن توڭكەيدەك نان ئورغۇپ چىقىپ، جوزا ئۈستىگە چۈشتى. بىچارە بالا، شۇ تىلىقىقان ھالەتتە تۇرۇپ، قولىنى ئاغزىدىن "قاچقان" نانغا سوزماسمۇ ...بۇ ئېچىنىشلىق ھالەتكە بەرداش بېرەلمەي تەتۈر قاراۋالدىم. ماھىنىسانىڭ

كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش كەتتى ۋە ئىككى ياشلىق بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يېرىم توغاچنى چايغا چىلاپ، بالىغا يېگۈزۈشكە باشلىدى.

- موشۇسى ئەلەم قىلىدۇدە! - پىغان چىقاردى، تۇدۇش. ئۇ ئەندى باللىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. مەن پىششىق گۆشنى ئۇششاق توغراپ باللارغا بۆلۈپ بەردىم.

ئەل ياتقۇدىن كېيىن تۇدۇش بىزنى ھېلىمە ئايلىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى.

باھارنىڭ تىنىق ھاۋاسى دىماقىقا يېقىملىق ئۇرۇلاتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتماقچىدەك چاقناپ كېتىپتۇ. ھاياتبەخش باھار تۈندە قەلبلەر ياشارغاندەك بولۇپ، دىل شاتلىقى قوزغىلىپ كەتكەن ئىدى. بىر نەپەس بولسىمۇ غەمغۇسسىدىن خالى بولۇپ، ساپ ھاۋانى ئەركىن يۇتۇپ كەلمەكتىمىز. يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك سېلىنغان ئىككى باغلىق خالتىنىڭ بىر بېغىنى مەن، ئىككىنچى بېغىنى ماھىنىسا تۇتۇپ، بىر-بىرىمىزگە قىيا بېقىشىپ قويىمىز. شۇ پەيتتە ئىككىمىزنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىمىز جوش ئۇرۇپ، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈش كەبى ئىزگۈ ئارزۇلارغا تولغان ئېدىكى، قانداقتۇ غايىۋانە خوشاللىق بەشارىتى ئىلكىدە تەپكەن ئوينىاقىي قوش يۈرەكلەر ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھاياتنا ئازدىن-ئاز ئۇچرايدىغان شادىمانلىق سېزىم تەسىر قىلغان پەيتتە بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇپ چىققان دىلكەش ئىبارىلەر ئۆمۈرۋايەت ئېسىڭدا ساقلىنىپ قالىدىكەندە، ئاقىۋەت. خۇسۇسەن، بېشىڭغا ئېغىر كۈلپەت چۈشكەندە سۈيىنىپ ئەسلەيدىكەن.

- مەن ئۈچۈن، - دېدى ھاياجان ئىچىدە ماھىنىسا ماڭا يالت ئېتىپ قاراپ، - بەخت غايىپ نەرسە ئەمەس. شۇ تاپتا ئەۋۋ ئاسماندىكى يورۇق يۇلتۇزدەك بەخت يۇلتۇزۇمنىڭ يورۇشىغا ئىشىنىمەن.

- بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ئىنسانىي ئەركىنلىك كېرەك، ماھىنىساغا بەختنىڭ چىن مەناسىنى ئۆزەمچە چۈشەندۈرمەك بولۇپ.

ـ مەن ئىمكان تېپىلسا، تىببىي دارىلفۇنۇندا ئوقۇيمەن. ھاياتلىقتا ئەڭ قىممەت نەرسە ـ ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئاسراپ قېلىشقا ئۆزەمنى پۈتۈنلەي بېغىشلايمەن...

" ـ ئادەم ئۈمۈد ـ ئارزۇ بىلەن ياشاش كېرەك" دېگەندەك، بىز ھەم كېلەچەككە ئۈمۈدلۈك قاراپ، ئىشەشلىك دەسسەپ مېڭىشىمىز كېرەك، سىڭلىم ماھىنىسا!

ـ مانا شۇ تاپتا ھېچ نەرسىدىن ئەيمەنمەي، ئىشەشلىك دەسسەپ كېلىۋاتىمەنغۇ! ـ ماھىنىسانىڭ سۆزىدىن ئۆزىگە ئىشەنچە، قەتئىيلىك ئىپادىلىنەتتى. ئەندىلا ئون يەتتە ياشقا تولغان بىر قىزنىڭ سۈرلۈك ھايات قايىنىمىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ چېنىقىشقا باشلىغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن ئىدىم. ئەينى پەيتتە ماھىنىسا ماڭا باشقىچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاياللار جىنسىغا تەئەللۇق جىمىيكى گۈزەل خىسلەت ـ خۇلۇقلارنىڭ ئۆكسەرىيىتى ماھىنىساغا بەخش ئېتىلىپ، قالغان قىسمى باشقىلارغا تەخسىم قىلىنغاندەك سېزىلدى ماڭا...

سۆھبەتدىشىم سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدىيۇ، لېكىن قىسىسىسىنى تېخىمۇ ئىزچىل بايان قىلىشقا تىرىشتى.

ـ ھەر ئىككىمىز باھار نەپەسى تەسىرىدە جوشقۇن تۇيغۇلارنى قوغلۇشۇپ كەتكەچكە، ئېھتىياتنىمۇ، خەتەرنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمىز. خەيرىيات، بىز سىياقى قونالغۇ ئىزدىگەن، ئىشتىن كەچ قايتقان ۋە ئاچ قوساقنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرگەن ئۈرۈمچىلىكلەر، ھەممە يەر جاھاننى تىمىسقىلاپ يۈرۈشكەن "قارا نوپۇسلاردىن" باشقىلار يولۇقمىدى. تۇدۇش بىزنى شەھەرنىڭ چېتىدىكى گۆرستانلىقتا چېتىلاش بىر ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. چۆرىسى چىتتە قاشالانغان ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر ئېغىزلىق ئۆي، زوڭزىيىپ ئولتارغان ئادەمدەك، چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. تۇدۇش چىتتىنىڭ ئاراش قىلىنغان يېرىدىن يانچىلاپ كىرىدە، ئىشىكنى ئاستا تاقىلدىتىپ، ئىشىكنىڭ موجۇغىغا ئاغزىنى يېقىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئىشىك شۇ ئان ئېچىلدى.

ــ ئاللاھ دېدىم ...يەنە ئىككىسى دىڭگىيىپ تۇرۇپتۇ! بۇ نېمە قىلىغىنىڭ تۇدۇش؟ ــ دېدى ئىشىكتىن چىقىپ بىزگە نەزەر تاشلىغان ئايال .

ــ كېلىۋېرىڭلار! ــ دەپ قولىنى شىلتىدى بىزگە، ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ تۇدۇش . شۇۋاق سۈپۈرگە ئوخشاش بېلىنى مەككەم باغلىغان كىچىككىنە ئايالنىڭ ئۆيىمۇ ئۆزى ئوخشاش كىچىك ئىكەن .

ــ ئۆيىنى تار كۆرۈۋاتامسەن، قىزىم؟ بۇنىڭدىن كەڭىرەك بولسىچۇ ئەۋۇ كەلكۈندى جاڭگۇدىلاردىن ئامان قالماتتى. ئولتار، قىزىم، تارتىنمىغىن، ــ ماھىنىسىغا ئورۇن كۆرسەتكەن ھېلىمە ئايلا .

ماھىنىسا يالت ئېتىپ ماڭا قارىدى ۋە ئەدەپ بىلەن تىزلىنىپ ئولتاردى .

ــ مونۇ قىز...

ــ بولدى، بىلدىم، ــ تۇدۇشنىڭ سۆزىنى بۆلدى ھېلىمە ئايلا، ــ بەش ــ ئون كۈن سۇقىپ قويماقچىسىلەرغۇ؟ گېپى بولمىسا بىر يىل تۇرسىما چېكىنى چىقارمايمەن .

ــ سۈتتىن پاك بالا...

ــ تولا گەپ ساتما، تۇدۇش! ئاغزى يېنىك، كۆپ سۆزلۈك ئادەمگە خوشام يوقلۇغىنى بىلسەڭغۇ!

ــ بۇ قىزنى تۆت ــ بەش كۈن ساڭا ئامانەت قىلماقچىمىز .

ــ ئامانەت ئېمىشا! ئامانەت قىلىدىغان ئاپپاقغوجىنىڭ ئەڭگۈشتەرىمىدى؟

ھېلىمە ئايلىنىڭ سۆزىگە ھەممىمىز بىئىختىيار كۈلۈشتۇق .

ــ قىزىمىز ساڭا، ئاندىن خۇداغا ئامانەت، ــ دېۋىدى تۇدۇش، ئۇنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغاندەك، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھېلىمە ئايلا:

ــ خاتىرجەم بولاش! ــ دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى .

ــ قاتناش تاپتىملا، كېلىمەن، ــ دېدىم ماھىنىسا بىلەن خوشلۇشۇپ ۋە خالتىدىكى يېمەكلىرنى، يەنە ئون جىڭچە ئاشلىق بىلەتنى موماي ئىككىسىگە تاپشۇردۇم .

ـ ئەتىلىككە ھەددەم بىلەن كۆرۈشسىڭىز مونۇ خەتنى بېرىپ قويارسىز دېدى ماھىنىسا شۇ ئارىلىقتا قەغەزگە نېمىلەرنىدۇ يېزىپ.
بىز خوشلاشتۇق. لېكىن شۇ بىر خوشلىشىش مەزگىلىدە ئىككىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە چېتىپ تۇرغان تىلسىم يىپ ئۈزۈلگەندەك، يۈرىكىم قارىسلا قىلىپ كەتتى...
ئەتىسى مەن كىرمىگەن تۆشۈك، چىقمىغان ئىشىك قالمىدى: شەھەردىكى ھەممە قاتناش ئورۇنلىرىنى، مېھمانخانىلارنى ئارىلاپ، چۆچەككە يۈرۈش ماشىنا تاپالمىدىم. ۋەدىمىز بويىچە خەلق تېيئاتىرىنىڭ ئالدىدا ماھىنىسانىڭ ھەدىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن سائەت ئالتىغا ئۈلگىرىپ كەلدىم. قىزلار كەلمىدى. دېمەك، ئۇلار تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ئېنىق.
ئىككى سائەتچە كۈتۈپ، ئەندىلا قايتىپ مېڭىشىمغا:
ـ توختا! ـ دېدى ئالدىمدا لەڭگىدە پەيدا بولغان ئادەم. مەن جاۋاپ قىلغىچە، يەنە بىرسى پەيدا بولدى: ھەر ئىككىسىلا پۇخراچە كىيىنگەن، ھەر ئىككىسىلا ئىشت كۆزلەر:
ـ يۈر!
ـ نەگە؟
ـ بارغاندا بىلىسەن.
"ساختا كەڭچىلىك" دېدىمۇ، لېكىن خىتاۋىمنى ئۆزەمدىن باشقا كىشى ئاڭدىمىدى...

## توقلەنەت

ئىككى تىڭچى، ساقچى خادىمى، قولۇمغا كويزا سېلىپ ماڭدى. ئىلگىرىمۇ مۇنداق ھادىسىلەر سادىر بولغاچقىمىكىن، كويزىغا ۋە تىڭچىلارنىڭ مۇئامىلىسىگە ئانچىلا پىسەك قىلمىدىم. مېنىڭ ئوي ـ خىيالىم ماھىنىسادا ئېدى. خەتەر ئۈستىدە قالغان ياش قىزنىڭ ھالىغا كۆيۈنەتتىم، تەشۋىشىم بارغانچە ئۇلغايغانىسرى، ئىچ ـ

ئىچىمدىن تىت ـ تىت بولاتتىم. "ماھىنىسا مېنى بىر كۈن كۈتەر، بىر ھەپتە كۈتەر، بەلكى بىر ئايمۇ كۈتەر، يولۇمغا ئىنتىزار بولۇپ تەلمۈرەر ...ئاندىن نېمە قىلماقچى، نەگە بارماقچى؟.." .

ـ ئولتار، ئىبراھىم! ـ بۇيرۇق قىلدى ئۈستەل كەينىدە ماشا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىرسى. مانا شۇ چاغدىلا چىرماش خىياللاردىن ئويغانغاندەك، ئەتراپىمغا سەپ سالدىم.

ـ قورقما، ئېسىڭنى يىغ، نېمە شۇنچە ئالاقزادە بولىسەن؟ ـ دېدى ئەتتەي كۈلۈمسىرىگەن سوراقچى.

ـ جىنايەت قىلمىسام، نېمىدىن قورقاتتىم؟

ـ تۇرغان ـ پۈتكىنىڭ جىنايەت! ـ ۋاقىرىدى سوراقچى.

ـ راست، تۇغۇلغاندا "جىنايەتچى" بولۇپ تۇغۇلغان ئېكەنمەن.

ـ سۆزمەن نېمە ئوخشايسەن، قەيەردە ئولتارغانلىغىڭنى بىلەمسەن؟

ـ مەن نەدىن بىلەي، ـ بىلمەسكە سالدىم.

ـ مۇغەمبىرلىگىڭنى چۆچەكتە قىل، بۇ ئۈرۈمچى. چۆچەكتىن نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ كىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ، نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ، يوشۇرماي سۆزلە! ـ سوراقچى تەلەپچان تۈسكە كىردى. ئۇ سوئال قويۇۋاتقاندا، مېنىڭ ئېسىمغا ماھىنىسانىڭ ھەدىلىرىگە يازغان خېتى چۈشتىدە، يۈرىگىم ئەنسىز تېپىشكە باشلىدى. ئوڭ قولۇمنى پەشمىتىمنىڭ يان يانچۇغىغا ئاستا سېلىپ، خەتنى مىجىغلاپ يىتىشقا كىرىشتىم.

ـ ھە، ئۈستۈڭدىن چۈشتۈممۇ، زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ كەتتىا!

ـ ئوقۇۋاتقان ئىنىمنى كۆرگىلى كەلدىم...

ـ يالغان! ـ ۋاقىرىدى سوراقچى، ـ چۆچەكتىن كىمنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن كەلدىڭ؟

ـ ئىنىمنى...

ـ ئىپلاس! ساڭا نېمە دەۋاتىمەن؟!

ـ گۇناھسىز ئادەمنى سولاش، "ئاساسىي قانۇندا" بارمىكىن؟ ـ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ باقتىم.

ـ ماھىنىسا خېنىمچۇ، بوز يىگىت؟ ـ مولۇن كۆزلۈك سوراقچىنىڭ بۇ سوئالى ئوق بولۇپ يۈرىكىمگە سانچىلدىيۇ، ئېسىمدىن كەتكىنى تاسلا قالدىم.

ـ ئەندىغۇ رەت قىلالماسسەن، قەھرىمان؟ ـ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى مولۇن كۆز. ئۇنىڭ خۇن تېمىپ تۇرغان قەبىھ ئەپتىدىن كاللا كېسەرلىك، يىرتقۇچلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ـ ماھىنىسا دېگەننى تونۇمايمەن، ـ قەتئىي رەت قىلدىم، ئۆزەمنى ئوڭشاۋېلىپ.

ـ جاھىل ئۇنسۇر ـ ...يەنە ئادەم ئاغزىغا ئېلىپ بولمايدىغان تىللىنى ياغدۇرغان سوراقچى ئىلدام كەلگەن پېتىچە كاچىتىمغا شۇنداق ئۇردىكى، كۆزلىرىمدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچىراپ، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، خىش ئېدەنگە يىقىلدىم.

ـ ئۇچىنچىگە! ـ قىسقىسىلا بۇيرۇق بەردى مولۇن كۆز ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان گۇندىپايغا. جۇسەينى تولا يەپ ئەرۋەزدەك سېسىپ كەتكەن ئىككى گۇندىپاي پۇت ـ قولۇمنى يەرگە تەككۈزمەستىن سۆرەپ ئاپىرىپ، تۆمۈر چەمبەر ئىشىكنى ئېچىشتىدە، ئەخلەت تۆككەندەك گۇندىخانىغا تاشلاۋېتىشتى. زەي، سېسىق، ھاشارەتلەر ئۆمۈلەپ يۈرگەن بۇ تىرىكلەر گۆرىگە تاشلانغان شۇ كېچىسى يەر بېغىرلاپ قانچە ۋاقىت ياتقانلىقىمنى ئېنىق مۆلچەرلەلمەيمەنۇ، بېشىمنى كۆتەرسەم، يېنىمدا ئىككى ئۇيغۇر بىر خىتاي ئولتۇرۇشىپتۇ. ئۇلار بەئەينى ئەرۋالارنىڭ ئۆزى. پەقەت كۆزلىرىدىلا ھايات بەلگىسى پىلدىرلىغاندەك قىلىدۇ...

ـ بۈگۈن مەشەدە توختىتاساق، ـ دېدىم ئىبراھىمنىڭ ئىچكى پەرىشانلىقىنى مۆلچەرلەپ. چۈنكى مەن ئۆزەم خىتاي زىندانلىرىدا يەتتە يىل ئازاپ چەككەن، ئۈچ يىل چۆل ـ باياۋانغا ھايدىلىپ سۈرگۈن دەھشىتىنى تارتقان ئادەمدە! زىندان ئەزىلدىن ئۆكتەم ئادەملەر ـ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىنسانلارنى قىينايدىغان ئەڭ دەھشەتلىك قۇراللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، زىندانغا چۈشكەن بىرىنچى كۈن ئەڭ مۇدھىش، قورقۇنۇچلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئىبراھىم مېنىڭ تەكلىۋىمنى قوبۇل قىلدى. پاجىئەلىك قىسسەسىنىڭ داۋامىنى ئىككىنچى ئولتۇرۇشتا ئۇلاشتۇردۇق.

* * *

ئادەم ئەركىنلىگىنىڭ كۆشەندىسى، كۆرمەي تۇرۇپ نامىنى ئاڭلىغاندا يۈرەك جىغىلدايدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چوڭ زىندان پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاندىكى زىندانلارنىڭ مەركىزى ھېساپلىنىدۇ. بۇ زۇلۇم ئۇچىغى ماۋچىلار ھاكىمىيەت تەختىگە مىنگەن 1949 ـ يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان. مەكتەپ، كلۇب، شىپاخانا ۋە باشقا خەلق ئېھتىياجىغا كېرەكلىك ئەڭ زۆرۈر قۇرۇلۇشلاردىن بالدۇر بىنا ئېتىلگەن "گۇن ئەن تىڭ" (جامائەت بىخەتەرلىگىنى ساقلاش) نازارىتىمۇ ئەشۇ زىندانغا چېتىلاش ـ سوراق ـ تەرگو، قىيناش ـ ئازاپلاش، ئېتىش ـ چېپىش ھەممىسى بىر يەرگە يىغىشتۇرۇلغان، بۇ مۇدھىش مەھكىمە ئۈرۈمچىنى تۆمۈر پەنجىسى ئاستىدا بوغۇپ تۇرغاندەك قىياس قىلىسەن. ئەينە، شۇ چوڭ زىندانىنىڭ ئالتە يۈرۈش گۇندىخانىسىنىڭ بىرىدىكى ز ـ كامېرىغا سولانغان ئېدىم. دەسلەپكى كۈنلەردە سوقۇمنى يەرگە تەككۈزمەي، پات ـ پاتلا سوراققا تارتىپ تۇرۇشتى. بۇ قېتىم يەنە شۇ ئەلى يۈسۈپ دېگەن سوراقچى ئاچ قالغان بۆرىدەك مېنىڭ كىرىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

ـ ئويلاشتىڭمۇ؟ ـ دېدى سوراقخانىغا قەدەم قويۇشۇمغا، مېنى تىرىك يۇتىۋېتىدىغاندەك، ئالغا شىمايلىنىپ.

ـ نېمىنى ئويلاتتىم؟

ـ ئەب ـ لەخ! ـ مولۇن كۆزلۈك ئەلى يۈسۈپنىڭ ئادەملەرنى تولا ئۇرۇپ، گەدىش بولۇپ كەتكەن مۇشى تۈگۈلدىيۇ، لېكىن مېنى ئۇرمىدى، ـ ساڭا ئىككىلا سوئال بېرىمەن. راۋرۇس جاۋاپ بەرمەيدىكەنسەن، كۆرەرىڭنى شۇنداق كۆرسىتەيكى، ئوغۇز سۈتۈڭ بۇرنۇڭدىن چىقسۇن.

ـ بىلىدىغىنىمنى بىلىمەن دەيمەن...

ـ ساڭا سوۋېت رېۋىزىئونىستلىرى قانداق تاپشۇرۇقلارنى بەردى؟

ـ نېمە، نېمە؟ ـ ھەيرانلىقتىن تىڭىرقاپ كېتىپتىمەن.

ـ سەن شۇلارنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن كەلگەن.

ـ تاپقان ئېكەنسىلەر كىمگە تۆھمەت قىلىشنى ـ ...دەۋەتتىم غەزەپ ئېچىدە. مېنىڭ بۇ تېرىقە جاۋاۋىمغا ھەيران قالدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقى ئورۇنسىز ئېكەنلىگىگە تەن بەردىمۇ، ئەلى يۈسۈپ مولۇن كۆزلىرىنى پاقىراتقان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى.

ـ بۇ ئاساسىي جىنايىتىڭ تېگى ـ تەتىگە يەتمەي قويمايمىز، ـ دېدى خېلىدىن كېيىن، ئۇ، ـ ئەندى ئۇرۇمچىدىكى سوۋېتپەرەس شۇجىڭيۈيېچىلاربىلەن مۇناسىۋىتىڭنى ئېيت.

ـ بۇ ھەم ماڭا چاپلانغان تۆھمەت، ـ قىياپىتىمنى بۇزماي تۇرۇپ رەددىيە بەردىم.

ـ موشۇ يېنىڭدىن چىققان خەتكە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسەن، توڭ گىرەن! ـ سوراقچى قۇراشتۇرۇلغان ھېلىقى ماھىنىسانىڭ خېتىنى تەنتەنە قىلغاندەك كۆرسەتتى.

" ـ ھەجەپ ئوقۇپ كۆرمەپتىمەن ...ماھىنىسا نېمىلەرنى يېزىۋېدېكىن، ـ دەتتىم ئىچىمدە ئۆزەمنى ئۆزەم ئەيىپلەپ. تېنىش، پەقەت تېنىشتىن باشقا چارە يوق."...

ـ ئەندىغۇ غىڭ ـ پىڭ قىلالماسسەن، جاھىل!

ـ بىلمەيمەن، بىرسى دۈشمەنلىك قىلىپ يانچۇغۇمغا سېلىپ قويغاندۇ...

ـ ئەب ـ لەخ! تېخى بىزنى ئالىگەدەن قىلماقچى بولىسەن؟ ـ سوراقچى خەتنى كۆزۈمگە نوقۇشتۇرۇپ: "دەھشەتلىك كورەش ئالدىدا تۇرغان سىڭلىم ماھىنىسا "...دېگەن ئىبارىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى، ـ خوش، تانغاق، خەتنى قايسى تەشكىلاتنىڭ باشلىغىغا ئاپارماقچىسەن؟

سوراقچى ئەلى يۈسۈپنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى قۇلىغىمغا كىرمىدى. ئېھتىياتسىزلىق، ھاڭۋاقتىلىق تۈپەيلى ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىغىمدىن بېشىم قېتىپ، ئەس ـ ھوشۇم خامۇشلاندى.

ـ بىزنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنىمىزنى يوشۇرۇپ، ئۆلۈمگە قاراپ مېڭىۋاتىسەن. باشقىلارنى ئاياپ ـ ئاسراپ، ئۆزەڭنى تۈگمەس توقىلەنەتكە گىرىپتار قىلماقچى بولامسەن، ئاقماق!

" ـ باشقىلارنى ئاياپ ـ ئاسراپ ـ "...تەكرارلىدىم ئىچىمدە. مولۇن كۆزنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى هوشىيارلاشتۇرغان، ۋىژدانىمنى ئويغاتقان ئېدى. ئازاپنى يالغۇز ئۆزەم تارتىپ، هەممە كۆلپەتكە بەرداشلىق بېرىمەن دېگەن قارارغا كەلدىم.

ـ خەتنىمۇ، ماھىنىسا دېگەننىمۇ بىلمەيمەن.

ـ دا! دەپ ۋاقىرىدى كانىيىنى سوزغان مولۇن كۆز. شۇ ئان ئىككى گەۋرىلىك گۈندىپاي مېنى تېپەكلەپ، ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا دومۇلىتىشقا باشلىدى...

ئىككىنچى كۈنى هوشۇمغا كەلسەم، بىللە ياتقان ئۈچ نەپەر يولداشلىرىم روهچۇشنلاردەك بېشىمدا ئولتۇرۇشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى مېنىڭ مۈرەمدىن يۆلەپ، يەنە بىرى هېجىردىكى ئۇسسۇزلىقنى تۇتتى، خىتاي يىگىتى بولسا، لاتىنى هۆلدەپ ئاغزىمغا سۇ تېمىتىشقا باشلىدى. ئۇ خىتايچىلاپ نېمىلەرنىدۇ غۇدۇڭشاتتى ۋە بىرسىنىڭ يۈزىگە تۆكەرگەندەك، غەزەپ بىلەن يەرگە تۈكۈرەتتى.

مەن تۆت كۈنچە نىمجان هالەتتە ئورنۇمدىن قوزغالماي ياتتىم. ئارىدا بىر نەچچە قېتىم قان قۇستۇم. بۇ هالنى خىتاي يىگىتى جاۋ تەشۋىشلىنىپ، نەچچە رەت زىندان ئىشىگىنى ئۇرۇپ، مېنى داۋالاشنى تەلەپ قىلدى. ماۋچىلار مېنىڭ ئىرادەمنى سىنىماقچى بولۇشتىمىكىن، هېچ قانداق تىببىي ياردەم بېرىشمىدى.

مېنى زىنداندىكى يولداشلىرىم پەرۋىش قىلدى. دەردىمگە دەرمان، رەنجىمگە شىپا بولۇشتى. ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى قىيىپ، مېنى تويغۇزۇشتى. ئۈچ يولدىشىمنىڭ بىرى غۇلجىلىق ئابلىز. ئالتە يىلدىن بۇ يان قاراڭغۇ زىنداندا ياشلىق دەۋرى ئۆتكەن. ئابلىزنى تۆمۈر يول، كۆمۈر كان ئىشچىلىرى ۋە ئۇلانباي مىللىي پولك بىلەن بىرلىكتە "شەرقىي تۈركستان جۇمهۇرىيىتى" قۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ گورۇپپا باشلىقى دەپ ئەيىپلەنگەن. يەنە بىر يولدىشىم ـ كورلىلىق ئىلاخۇن. "بىزگە ياردەمگە ئەمەس، بىزنى بوزەك قىلغىنى كەلگەن" دېگەنلىكى ئۈچۈن "خىتاي ئاكىلارغا قارشى ئۇنسۇر" دەپ قاماشقىنىغا ئىككى يىل بولغان. خىتاي يىگىتى جاۋ بولسا، شاڭخەيدىن خىزمىتى يۆتكىلىپ چىققان ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ،

ماۋچىلارنىڭ مىللىي سىياستىدىكى ساختىپەز ـ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىپ پىكىر بەرگەنلىكى ئۈچۈن "ئوڭچى ئاغمىچى" ھېساپلىنىپ، زىندانغا تاشلانغىنىغا تۆت يىلدىن ئاشقان. جاۋغا خىتاي گۇندىپايلىرى ۋە زىندان باشلىقلىرى بىزگە نىسبەتەن بىر قەدەر پەرىقلىق مۇناسىۋەت قىلاتتى، زىندان ئىچى، تېشىدىكى ئەھۋاللاردىن جاۋ خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ئۇ زىنداننىڭ تاڭ ئاتمايدىغاندەك مۇدھىش كېچىلىرىنىڭ بىرىدە چوڭقۇر ھالسىرىغان بىر قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

ـ بەزى ئادەملەر ئۇمۇمەن خىتايلارغا ئۆچلۈك قىلىپ، نەپرەت ئوقۇيدۇ. بىر ھېساپتا بۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ ھەققىمۇ بار. خىتاي ئەمەلدارلىرى يەرلىك خەلقنى ئېزىپ، قاششاقلىققا گىرىپتار قىلغانلىقى راست، ئەلۋەتتە.

ـ شۇنداق ئىكەن، نېمە سەۋەپتىن نەپرەتلىنىشكە، ئۆچمەنلىك قىلىشقا ھەققىمىز يوق؟ ـ دېدى ياتقان ئورنىدىن قوزغالغان ئابلىز.

ـ شۇ نەپرىتىمىز كۆچلۈك، تەشكىللىك قارشىلىققا ئايلانسىدى كاشكى، ـ مەنمۇ سۆزگە ئارىلىشاتتىم.

ـ مەن ھەقىقەتنى يېپىش تەرەپدارى ئەمەسمەن، دەپ باشلىدى خېلىدىن كېيىن جاۋ، ـ خىتاي ئەمەس مىللەتلەرنىڭ يېرىنى قۇرال كۈچى بىلەن بېسىۋالغان XVIII ئەسىردىكى چاڭ لۇڭ ـ خان ۋە ئۇنىڭ قاتىل گېنېراللىرى جاۋ ـ خۇي، ئېخاشەن XIX ئەسىردىكى جاللات زو زۇڭ ـ تاڭ، XX ئەسىردىكى چاڭ كەيشى، شېڭ شىسەي ۋە ھازىرقى كۆندە ماركسىزم ـ لېنىنىزم نىقابىغا يوشۇرۇنغان ماۋ ۋە ئۇنىڭ شايكىسىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ جىنايىتى دېيىشكە بولامدۇ؟

ـ ئەلۋەتتە، پۈتۈن خەلق، جاۋاپكەر ئەمەس، ماۋچىلار خىتايلارغىمۇ خائىنلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەندى سىنىڭ سۆزۈڭگە، ـ دېدى ئابلىز جاۋغا جاۋاۋەن، ـ سەن ۋە ساڭا ئوخشىغان كىشىلەر مەملىكەتنى باشقۇرغان چاغدىلا ئىشىنىشكە بولار. شۇندىمۇ ۋەدىگە ئەمەس، ئەمەلىيەتكە قارايمىز، ـ دەپ قوشۇمچە قىلدىم.

ـ ماۋچىلارنىڭ دەشنىمى ۋە تايىغىنى يېمىگەن بولساڭلار، بەلكىم مۇنچىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولماس ئىدىڭلار.

ـ تاياق يىلىنىمۇ "موللا" قىلىدۇ دېگەن سۆز بار. ئەپسۇسكى، تېخى غەپلەت ئۇيقىدا ياتقانلار ئاز ئەمەس دوستۇم جاۋ! ـ دەپ ھەسرەت قىلدى ئابلىز.

1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرىدىكى مىللىي مەسىلىگە دائىر بەس ـ مۇنازىرىدە ساختىا مىللىي سىياستىنى پاش قىلىپ، دادىل پىكىر بەرگەن بەزى بىر مىللىي رەھبەردىن ئۆزگە بىر مۇنچىلەر ماۋچىلارغا ئەگىشىپ، ھەققانىي سۆزلىگەنلەرنى ئورىغا ئىشتىرىپ بېرىشكەن ئىدى. ئەندىلىكتە ئۇلار كولپەت ئۆز باشلىرىغا چۈشكەندە پۇشايمان قىلىشىدېكەن. ئىرادە ۋە چۈشەنچە مەسىلىسى مۇرەككەپ مەسىلە ئىكەنده!..

مېنىڭ مۇلاھىزىلىرىم ئاياقلاشمايلا، تۆمۈر ئىشىك شاراقلاپ ئېچىلدى، قولچىراغ تۇتقان گۇندىپاي:

ـ تۇر، ئورنۇڭدىن! ـ دەپ ۋاقىرىدى.

ئەلى يۈسۈپ بۇ قېتىم پۇخراچە كىيىمدە ئەمەس، ساقچى فورمىسىدا كىيىنگەنلىكتىن، كۆزۈمگە سۈرلۈك جاللاتنىڭ ئۆزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ يالغۇز ئەمەس، بىر چەتتە يۈزى ياغاچ قوشۇقتەك، كۆزلىرى بولسا، تۇگمىدەك پۈلتىيىپ تۇرغان خىتاي ئولتۇرۇدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە پۇتلىرىنى لاخشىگىردەك ئالماشتۇرۇپ، غودىيىپ ئولتارغىنىغا قارىغاندا ئەلىدىن ئۈستۈن دەرىجە بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا كىيىم پىچىدىغاندەك بېشىمدىن ئايىغىمغىچە چەنلىگەندىن كېيىن، يۈزىنى بىر قىسما پۈرۈشتۈردى ۋە ئەلى يۈسۈپكە:

ـ بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمدا راستىنى ئېيتسۇن، ـ دېدى. ئەلى تەرجىمانلىق قىلدى.

ـ يالغانىنى قۇراشتۇرغۇم كەلمەيدۇ، ـ دېدىم.

ـ بىز ساڭا ئەمەس، سېنىڭ خاتا مەپكۇرەڭگە قارشى. سېنى خاتا يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن داۋالىماقچىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەپكۇرە كېسىلىڭنى يوشۇرماستىن ئېيتىشىڭ كېرەك، ـ دېدىدە، ماڭا تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدى، قوشۇق يۈز خىتاي.

ـ كوچىدىن، لالما ئىشتلارنى تۇتقاندەك، كېتىپ بارغان يېرىمدىن تۇتىۋېلىپ، ئۇرۇپ ـ سوقۇش "داۋالاش" بولامدىكەن؟

ـ بىز ساقا ئەمەس، سەن بىزگە جاۋاپ بېرىشىڭ لازىم. مۇلايىم بولمايدىكەنسەن، جېنىڭنى قىيناۋالىسەن. ـ بۇ قېتىم غازىنىڭكىدەك ئىنچىكە ئۇزۇن بويىنىنى مەن تەرەپكە سوزۇپ، دېۋىنغاندەك قىلدى قوشۇق يۈز.

ـ ئادەم بالىسى بىزدىنمۇ يۇۋاش، مۇلايىم بولارمۇ؟ نېمە دېسەڭلار، شۇنى قىلىۋاتىمىزغۇ! ـ دېيىشىمگە، ئوق ئىلاندەك شىڭتەيگەن سوراقچى مېنى ئۇرماقچى بولۇپ ئېتىلىپ كەلدىيۇ، نېمىشكىدۇ، ئۇرماستىن، ئەلى يۇسۇپكە قارىدى.

ـ ئەشەددىي جاھىل! ـ غەزەپ بىلەن قول شىلتىدى غوجىسىغا يان باسقان ئەلى.

ـ سەن، ـ دېدى ئۆزىنى سالماقلىق تۇتۇشقا تىرىشقان خىتاي سوراقچى، ـ سوۋېتنى ياقلايسەن. سەن ـ شۇجىڭيۈيىچى!..

ـ سوۋېتلەر سويۇزنى ياقلاش يامانلىقمىكىن؟

ـ سەن ـ جاسۇس! سەن ـ رېۋىزىئونىست! ـ قارا ـ قويۇق ۋاقىراشقا باشلىدى تەڭپۇڭىنى يوقاتقان سوراقچى.

ـ تۆھمەت!

ـ سەن سىياقى سوۋېت سۆيەر زەھەرلىك چۆپلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايمىز، بىلدىڭمۇ، جاسۇس!

مەن تىلىقىپ قالغاندەك، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. سوراقچىنىڭ سورىغانلىرى مېڭەمگە سىغماتتى. خىتاي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشى، ئىختىسادىي قۇرۇلۇشلارنىڭ تىكلىنىشى سوۋېتلەر سويۇزىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ موشۇنداق سەمىمىي غەمخورۇش بەدىلىگە سوۋېت ئېلىنى قارىلاش، يامانلاشقا قانداقمۇ ئېغىز بارار؟

ـ ئاغزىڭنى كىتىلداتماي، ئىچىڭدىكى سىرتىڭغا چىقار!

ـ ئەجەبا، ـ دېدىم، غەزەپتىن ئويغانغاندەك بېشىمنى كۆتىرىپ، ـ چوڭ ئاكىمىز، سوۋېتلەر سويۇزىدىن سوۋېتلەر سويۇزى ئۆگىنىمىز، دەپ جار سالاتتىڭلارغۇ، ئەندى...

ـ خې، سەن تېخى بىزنى رېۋىزىئونىست قىلماقچىمۇسەن، هارامزادە،
ـ دېدى ئىرغىپ تۇرغان سوراقچى. ئۇ دەس ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كنوپكىسىنى باستى، ئەتىمالىم، ئادەم قىينايدىغان بەستلىك ئىككى گۇندىپاي هازىر بولدى.

نېمىدۇ بىر نەرسە دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ.

مېنى ئەسكى پالاسنى سۆرىگەندەك داقىرىتىپ يەر تېگىگە سۆرەپ چۈشۈشتى.

ماۋچىلارنىڭ ئادەمنى قىيناش ئۇسۇللىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل تۈرلىرىنى مەهبۇسلارنىڭ ئاڭلىغان ئۆزەممۇ "پولات تاۋلاش"، "ئەمگەك لاگېرى" ئوخشىغان ئازاپ كانلىرىدا بەزىلىرىنىڭ "تەمىنى تېتىغان" ئىدىم.

ئىككى گۇندۇپاي مېنى ئۇزۇن بەلدىڭگە ياتقۇزۇپ، چىگە ئاغامچا بىلەن ماتاشتى، ئاغزىمغا كەپلەپ پاختا تىقىشتى. ئاندىن كېيىن ئىككى چېلەك سۇنى ئۇستۇمگە قۇيۇۋېدى، چىگە ئاغامچا كىرىشىپ، بەدىنىمنى شۇنداق قىسىشقا باشلىدىكى، تېنىم نەچچە يەردىن ژېرتىلغاندەك بولدىدە، دەهشەتلىك ئازاپتىن هوشۇمدىن كېتىپتىمەن...

مېنى قايتىلاپ هوشۇمغا كەلتۈرۈشكەندە، كۆزۈمنى ئاچسام، ئىككى جاللات خىتاي ۋە ئۇيغۇر سوراقچىلىرى تاماشە كۆرۈشكەندەك قېشىمدا تۇرۇشۇپتۇ.

ـ ئەندىغۇ نېمە تاپشۇرۇق بىلەن كەلگىنىڭنى، ئۇرۇمچىدىكى سەپداشلىرىڭنى ئېيتىپ بېرەرسەن؟

مەن تىل قاتمىدىم، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

ـ سەن نادان ئىكەنسەن، ـ دېدى ئەلى ئۆزىچە مېهرىۋانلىق ئاهاڭدا، ئورۇسلارنى دەپ، بىكاردىن ـ بىكارغا قىينىلىۋاتىسەن. قېنى ساڭا ئارا بولۇپ قۇتۇلدۇرۇپ ئالسۇنچۇ؟ ئاللمايدۇ! هېلىغۇ سەن ئىكەنسەن، كونسۇلخانىدا ئىشلىگەن تاشپولاتمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا...

ـ سوۋېتلەر سويۇزنى يامانلاشقا هېچ كىمنىڭ هەققى يوق! ـ جېنىمنىڭ بارىچە خىتاپ قىلدىم.

ـ ئورۇسپەرەس سېتىلما ـ هەر ئىككى جاللات تەڭلا ۋاقىراشتى.

مەن گەرچە كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتقىنىم بىلەن ئىچىم قايناپ، ماۋچىلارغا نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرىتىم ئۇلغىياتتى.

ـ بىرلا ئېغىز سۆز بىلەنلا ئازاپتىن قۇتۇلىسەن، ئىبراھىم، ياشلىغىڭنى ئايا، ـ دېدى پەندى ـ نىسەھەتكە ئۆتكەن، ئۆزىنى مەنمۇ "ئۇيغۇر" دەپ ماڭا يېقىن كۆرسەتمەك بولغان ئەلى غالچا.

ـ ئۆزەم يالغانچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋېتىپ، باشقىلارغا يالغان ـ تۆھمەت چاپلىمايمەن!

مېنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىمنى ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىغان جاللاتلار ئۇرۇپ ـ تېپىشكە باشلىدى...

ئىككىنچى قېتىم ھوشۇمغا كەلگىنىمدە، ئەلى قوشۇق بىلەن ئاغزىمغا سۇ قۇيۇۋېتىپتۇ.

ـ قانچە قىلغان بىلەن ئىككىمىز قان قېرىنداش. ساڭا كۆيىنىمەن، ئاغرىنىمەن. ئورۇس كاپىرلار ئۈچۈن قىينالغىنىڭغا ئېچىنىمەن.

ـ تولا كاپشىما...سات ـ قۇن ـ ...دەلەلىدىم زورغا.

ـ ئەشەددىي رېۋىزىئونىست ـ چىدىمىغىنىدىن چىقىرىۋەتتى قوشۇق يۈز سوراقچى ۋە: ـ ئالتىنچى ئىشقا سېلىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئازاپ گۈندىپايلىرى بەلدىڭگە ماتالغان پىتىچە بېشىمنى تۆۋەن، ئاياقلىرىمنى يۇقۇرى قىلدى. بىر ھېجىر ئوغىدەك ئاچچىق لازىجاڭنى شىلانكا بىلەن بۇرنۇمغا قۇيۇشقا باشلىدى ...ئاھ، نېمە دەپ، نېمە دەپ بۇ ئازاپنى تەسۋىرلەي ...دىماقلارنى بويلاپ كىرگەن ئوت ـ چوغنىڭ بىر كارنەي ئارقىلىق ئىچىمگە، يەنە بىر ئۇچى مېڭەمگە، كۆز چاناقلىرىمغا قاراپ تارقالدىدە، پۈتۈن ئەزالىرىم لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى ـ ھايال قىلماي، يەنە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن...

* * *

بىز، ئۇششاق باللار، مەھەلىمىزدىكى لالما ئاتالغان بىر ئىشتنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، تاشلار ئاستىغا كۆمۈۋەتكەن ئىدۇق. شۇ ئۆلدى دېگەن ئىشتىمىز ئەتىسىگىلا خوشنىمىزنىڭ كاتىگىدىن بىر

قىزىل خورازنى ئوغرىلاپ يېگەنلىگىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان. شۇنىڭ سىڭرى مېنى قىيناپ ـ قىيناپ ئۆلدىگە چىققان ماۋچى جاللاتلار ئۆلۈكلەرنى ۋاقىتلىق ساقلايدىغان بۆلمىدە بىر كۈن ياتقۇزۇپ، ئەتىسى كېچىسى كۆمۈشكە ئېلىپ ماڭغان چېغىدا بېشىمنى كۆتەرگەن ئېكەنمەن، زەمبىلنى كۆتىرىپ ماڭغان ئىككى گۇندىپاي "ئەي ـ يا دەپ ۋاقىراشقان پېتى زەمبىلنى تاشلاپ بەدار قېچىشتى. ئاندىن تۇغما ھالدا ئوچۇق ھاۋادا خېلىغىچە ياتتىم. ساپ ھاۋا دىماققا ئۇرۇلغاندا ھوشۇمغا كەلسەم كېرەك، كۆزۈم يورىغاندەك بولۇپ، ئۆزەمنى تېتىك ھىس قىلدىم. ئەينە شۇ دەقىقە ھېلىقى تاشقا كۆمۈلگەن ئىشت يادىمغا كېلىپ، ئۆزەمنىڭ شۇ لالما ئىشتتىنمۇ بەتەر خورلانغىنىمغا ئۆكۈندۈمدە، قاتتىق يىغلاۋەتتىم.

ئاڭغىچە ماللىماتاڭ بولغان چېرىكلەر توپلىشىپ كېلىشىپ، تىرىلگەنلىگىمگە ھەيران بولۇشتى، ئەتىمالىم، بىر قاتار تېپەكلەشكەندىن كېيىن، ئۆز كامېرامغا ئېلىپ كېلىپ، داق يەرگە تاشلاشتى ...

مېنىڭ چۆرەمدە يەنە شۇ ئۈچ غەمگۇزاشتلىرىم: ئابلىز، جاۋ، ئىلاخۇنلار. مەن نارېسىدە، ئۇلار ـ ئانا، مەن مايۇرە، ئۇلار ـ ھەمشىرە، مەن كېسەل، ئۇلار ـ تېۋىپ. مانا موشۇ تېرىقە مېنىڭ جان كۆيەر قەدىناس يولداشلىرىم مېنى پەرۋىش قىلىپ، قايتىدىن تىرىلدۈردى...

بۇرنۇمغا قۇيۇلغان قىزىل لازىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك، يۈز ـ كۆزۈم، بەدەنلىرىمنى قىزىل چىققاندەك جاراھەت پۈركەپ كەتتى. قول ئەمەس، كۆينىگىم تېنىمگە تېگىدىغان بولسا، پۈتۈن ئەزالىرىم ھۆلۈلدەپ ئېچىشىدۇ. نە يانچە، نە ئوڭدا، نە دۈمچە ياتالمايمەن. نەچچە سائەتلەپ تاپاننى بېسىپ ئۆرە تۇرىمەن، پۇتلىرىم تېيىلسا تىزلىنىمەن. شەپىرەڭ سىياقى مۇئەللەق تۇرۇپ ئۇخلايمەن. يولداشلىرىم يۆلەنچە بولىدۇ، ماڭا ئارامىلىق ئىزدەيدۇ. ئون كۈن ئۆتكەندە جاراھىتىم سەلساقىيىپ ئۇخلايدىغان دەرىجىگە كەلدىم. ئۇھ، قېنىپ ئۇخلاشتىن راھەت نەرسە بارمېكىن، دۇنيادا!

ئادەم مۇئەييەن مەقسەت ۋە ئارزۇ بىلەن ياشىسا، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە ئىرادىسىنى بوشاتمىسا ئاسان ئۆلمەيدىكەن. مېنى قانچە قىينىغانسىرى، ماۋچى مۇستەملىكچىلىرىگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىكىم، غەزەپ ـ نەپرىتىم ئۆلغىيىپ، دۈشمەنگە قارشى نەپرىتىم شۇنچە كۈچىيەتتى.

زىنداندا بىللە ياتقان بىلىملىك، تەجرىبىلىك ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ، پولات ئىرادىلىك كۈرەشچىلەرنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولدى. ھەق، ناھەقنىڭ چېكىنى، كىم دوست، كىم دۈشمەن، ئەزگۈچى كىم، ئېزىلگۈچى كىم ئېكەنلىكىنى بارا ـ بارا چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلىدىم. جاپا ـ مۇشەققەت مېنى چىنىقتۇردى، تاۋلىدى. ئەڭ مۇھىمى ـ ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتتىم...

ئون يەتتە ئاي زىندان ئازاۋىنى تارتىش جەريانىدا قىرىق ئىككى قېتىم ئالداش، قورقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن سوراق قىلىشتى. ھەممىسىگە چىدىدىم، لېكىن ماۋچىلارغا تەن بەرمىدىم. كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە نەچچە قېتىم كامېرىدىن كامېرىغا يۆتكەلدىم. كۆپ بىللە ياتسا سىرداش ـ پىكىرداش بولۇپ كېتىدۇ دەپ قورقسا كېرەك، مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. كۆپ يۆتكىلىش مەن ئۈچۈن پايدا بولغاندى.

ئىنسان، ئىنسان بولىدىكەن، مۇقۇم بىر غايە ۋە ئىرادە ئىگىسى بولۇشقا تىگىشلىكقۇ! ئەكسى ھالدا مەخلۇقاتتىن نىمە پەرقى بولغاي؟ مەن زىندان ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم. بۇلار ئىچىدە: ئىشچى ـ دىھقان، مۇئەللىم ـ ستۇدېنت، ئەدىپ ـ سەنئەتكار، ئالىم ـ كەشپىياتچى، ھەربىي ـ مۇھاپىزەتچى، ئەرباپ ۋە باشقا ساھا ۋەكىللىرى باركى، بۇلار جىنايەتچى ياكى ئوغرى ـ قاراقچى ئەمەس!

بۇلار ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى، ئىنسانىي ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچى ئىنسانپەرۋەرلەر. بۇلار ماۋئىزم ۋە ماۋ ئىستىبداتىغا تەن بەرمىگەن ھەقىقىي ئىنسانلار. مەن زىندان يولداشلىرىمنى دايىم

ئەسلەيمەن. ئۇلار ئىچىدىكى ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ھايات يولۇمدىكى مەدەتكارلىرىم، ئۇستازلىرىم دەپ ھېساپلايمەن.

## شوباخۇ لاگېرى

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
زىندانىدا دەڭلار.
بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان،
يىغلايدۇ دەڭلار.

دەرۋەقە، قان ـ ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقانلارنىڭ سانى ھېساپسىز. گۆزەل ئۇيغۇر ئېلى زىندان، ئازاپ لاگېرىغا ئايلانماقتا...

"شو باخۇ" لاگېرى كۆلەمى كەڭ، مەھبۇسلار سانى كۆپ، مەمۇرىي تەرتىپ، ئەمگەك ئىنتىزامى ماۋزېدۇڭ دىكتاتورىسىغا ماسلاشقان لاگېرلارنىڭ بىرى. بۇ لاگېر"سانجى تۇنگان ئاۋتونوم ئوبلاست" تەۋەسىگە جايلاشقان. ئالتە مىڭدىن ئارتۇق (شۆبىلىرىدىن باشقا) مەھبۇسلارنىڭ مىڭغا يېقىنى ئاياللار. لاگېر قورغىنى پۇختا ئىماتىلەنگەن، سېپىل سىمان قورغاننىڭ تۆت بۇجىگىدە پىلىمۇتلار قويۇلغان پوتەيلەر تىكلەنگەن. قورغان ئىچىدە سولاقخانىلار، جازالاش كامېرلىرى، سېمۇنتتىن قاتۇرۇلغان مەخسۇس يەر ئاستى گۇندىخانىلار ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇدھىش لاگېر ھاياتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

"شو باخۇ" لاگېرى ماۋ ھاكىمىيىتى بىلەن بىر ياشلىق. ئەللىگىنچى يىللار بېشىدا "پانتۈركىست"، "تەتۈر ئىنقىلاپچى"، "پانئىسلامىست"، "زومىگەر ـ پومېشچىك" ۋە ھاكازا دېگەن نام ئاستىدا ھەر جايدىن كەلتۈرۈلگەن تۇتقۇنلار ۋە ئالتاي، جوڭغار تاغلىرىدىكى كۆچمەن قازاق خەلقىنىڭ مۆتىۋەر ۋەكىللىرى بۇ جازا لاگېرىنىڭ دەسلەپكى "ئۇيۇتقىسى" بولغان.

كېيىنكى مەزگىلدە ساناقسىز سىياسىي كامپانىيالەر قۇربانلىرىنىڭ بىر قىسمى موشۇ لاگېرنى "ئاۋات" قىلغان. لاگېر تەرتىۋى ھەربىي رېجىم ئاستىدا. ئەتىگەندە ئىشقا تىزىلىپ ماڭغان چاغدا ماۋجۇشىنى ئۇلۇغلايدىغان شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ، "ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن" قۇراللىنىش لازىم. سەپتە كېتىۋېتىپ، ئۇچ قەدەم سىرتقا چىققان كىشى شۇ جايدا ئېتىپ تاشلىنىدۇ. بەزىدە ئاچ قورساق، نەپسىنى يىغالمىغانلار پىشقان بۇغداينىڭ باشاقلىرىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، دېنىنى ئاغزىغا سېلىشقا ملتىق ئوقىدىن ئۇچۇپ چۈشىدۇ. ئاياقلىرى كىشەنلەكلىك مەھبۇسلار سەپتىن قالماي مېڭىشقا تىرىشىلىك، ئايرىلىپ، يېتىشەلمەي قالغانلىرى ئېتىپ تاشلىنىدۇ. بۇ لاگېردىن يۈزدىن بىرى قۇتۇلۇپ چىقمىسا، قالغانلىرى جازا، ئازاپ، زورۇقۇش، ئاچلىق، كېسەللىكتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۆلگەنلەرنىڭ ياكى ماۋچىلار سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: "چىقىم بولغانلارنىڭ" ئورنىنى يېڭى "رېزېرۋلار" تولۇقلاپ تۇرىدۇ.

مېنى يۈزچە كىشى بىلەن "شى گوبى" لاگېرىدىن 1964 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، "شو باخۇ" لاگېرىغا يۆتكەپ كېلىشكەن. ئات ـ كالىلارنى بېشى بىلەن تېگىشكەندەك، مەھبۇسلار لاگېردىن ـ لاگېرغا تېگىشىلىپ تۇرىدۇ، ـ ھايۋاندىن ھېچ پەرقىمىز يوق. ئەگەر پەرىق بولىدىكەن، ھايۋانلار بىزدىن ئەتىۋالىغىراق ـ ئاغرىسا ئەملىنىدۇ، ھارسا ئارام بېرىلىدۇ.

دوزاقتىن دوزاقنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن، زىنداندا يېتىپ، ھۆكۈم قىلغان تۆت يىلنىڭ قالغان ئىككى يىلىنى بىر ئاماللاپ تۈگىتىشنىڭ كويىدا باشقا چۈشكەن ھەممە ئازاپقا چىداپ، ھايات قېلىشقا تىرىشتىم.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاڭقىغان ئاپتاپتا ئوما ئورۇۋاتاتتۇق. يېنىمىزدىن بىر تۈركۈم ئاياللارنى ھايداپ ئۆتتۈشتى. قورايدەك سارغىيىپ سولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، كىشىلىك ھاياتىغا نازاكەت ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى دىلرابالارنىڭ بۇ تەخلىت ئېچىنىشلىق ھالىغا كۆيۈنگەن مەھبۇسلارنىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاقتى. بۇ ھالەت ئەرلىك تۇيغۇسىمۇ ياكى ئادەمزاتنىڭ ئانىسى ھېساپلىنىدىغان ئاياللارغا

نىسبەتەن چەكسىز مېھىر ـ شەپقەت، ۋىجدان ئەمرىمۇ؟ ھەر نەرسىكى، ئۆز بېشىمىزدىكى بوغدا تېغىدىنمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئۈنتىغان ھالدا ئايال قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پۇچۇلغان، يانچىلغان، ھاقارەتلەنگەن، خارابىلاشقان تۇرقى ـ سىياقىغا قاراپ، چىداپ تۇرالمىدۇق. ئەشۇ بىر توپ مەزلۇمەلەر ئىچىدە ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈلباھارنى كۆرۈپتىمەنۇ، قولۇمدا ئوغاق تۇتقان پېتىم ئولتۇرۇپ قاپتىمەن...

## گۈلباھارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

قاماقتا ئېلىنىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۈرۈمچىنىڭ "شى داچاۋ" يېنىدىكى ئاشپۇزۇلغا كىردىم. چۆچەكتىن يېڭى كەلگەچكە، يېنىمدا ئاشلىق بىلېتى بولىدىغان. بىر تەخسە سەي بىلەن تۆت جىڭموما ئېلىپ يەپ ئولتۇراتتىم. ئون ئالتە ـ يىگىرمە ياشلار ئارىسىدىكى ياش قىزلاردىن ئۈچ ـ تۆت قىز كىرىپ كېلىشتىدە، كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكىشتى ۋە مېنىڭ ئالدىمدىكى مومىلارنى كۆرگەندە كالپۇكلىرىنى يالىشىپ، يېقىن كېلىشتى.
زالىملار زۇلۇمى، پەلەكنىڭ گەردىشىدىن ئائىلىسىدىن ئايرىلغان ۋە ئۆيسىز ماكانسىز، ئىشسىز نورمىسىز تېنەپ يۈرگەن قىزلار ئاز ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەتتا ئامالسىز تېنىنى سېتىپ كۈن كۆرىدىغانلارنىڭ بارلىغىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. قىزلارنى كۆرگەندە خىتاي ئەمەلدار پەسەندىلىرىنىڭ بۇ خىل ھاقارىتى، ئايالىلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى دەپسەندە قىلىشۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كەلدىدە، ئاشپۇزۇلنى تاشلاپ مېڭىشىمغا، ھېلىقى قىزلارنىڭ بىرى ئالدىمنى توراپ جىلۋە بىلەن مۇنداق دېدى:
ـ نەگە ئالدىرايدىلا ئاكىسى؟ توتىيادىنمۇ ئەتىۋالىق غىزانى تاشلاپ ماڭدىلىغۇ، ھە؟!
ـ ئالدىراش ئىشىم بار...

ـ ياق، ئاكىسى، سىلى بىزدىن قىچقىرىۋاتىدىلا، نېمىشكە؟ بىز شۇنچە يىرگىنىچلىك مەخلۇقلارمۇ؟
ـ ئۇنداق ئەمەسۇ، ئەمما ھەر قانچە قىيىنچىلىقلار بولغاندىمۇ...
ـ ھە، مانا! ـ دېدى قىز سۆزۈمنى ئۈزۈپ ئۇتتۇرىدىن بۆلۈپ، ـ ئەندى كۆڭۈلدىكىنى ئېيتتىلا. سىلەر ئەرلەر ئەرلىك كۆرسەتكەن بولساڭلار، بىزلەرمۇ بۇ كۈنگە قالماس ئىدۇق!
قىزنىڭ يوغان قارا كۆزلىرىدىن رەنجىش ـ تەنە ئۇچقۇنلىرى چاقنىغاندەك قىلدى. مەن تاقەت قىلالمىدىم ـ يەرگە قاراۋالدىم.
ـ تۇرمۇشىڭىز ياخشى ئوخشايدۇ، ئاكىسى. موما ـ سەيلەرنى ئالدىڭىزغا قويۇۋاپسىز، ـ داۋام قىلدى زەھەرخەندىلىك بىلەن قىز، ـ شۇڭلاشقا بىزگە ئوخشاش ئاچ ـ يالىڭاچلاردىن بەدار قېچىپسىز دە؟!
ـ سىلەرنى كۆرۈپ، ۋىجدانىم چىدىمىدى...
ـ مەنمۇ ۋىجدان ئېگىسى ئېدىم ـ ...قىز تەۋرەنگەنلىكتىن، ئۈنى تىترەپ چىقتى، ـ مېنىڭ ۋىجدانىمنى، ئىپپەت ـ نومۇسۇمنى بۇلغاشتى ...مەن ئەندى ئىنسانچىلىقتىن چىققان، يولدىن ئازغان بىر مەخلۇقمەن، ئۆزەمدىن ـ ھەممىدىن نەپرەتلىنىمەن!..
ـ ئاداشقان بولسىڭىز، قايتىدىن توغرا يولنى تېپىش مۇمكىنغۇ!
" ـ توغرا يول" ئېمىشا! قەيەردېكىن شۇ "توغرا يول"؟ ئەتراپىنىڭ ھەممىسى ئالدامچى، مەككار، ساتقۇنلارغا تولغان ...
ـ ساتقۇنلۇق، ـ تەكرارلىدىم، قىزنىڭ ھاياتتىن قاتتىق رەنجىپ، ئىخلاسى قايتقانلىغىنىڭ سەۋەپلىرىنى بىلىشكە قىزىقىپ، ـ بىز ئەرلەرنىڭ ساتقۇنلۇغىنى دەلىللەپ بېرەلەمسىز؟
ـ دەلىللەپ بەرەيچۇ، ئاڭلاشقا تاقىتىڭىز يەتسىلا مەن تەييار! ـ خىتاپ قىلدى قانداقتۇ ـ بىر قەتئىيەتلىك بىلەن، ھاياتتىن رەنجىگەن قىز.
ـ ئۇنداق بولسا، سىز مونۇ غىزانى يەۋېلىڭ، مەن سىرتتا كۈتۈپ تۇرىمەن، ـ دېدىمدە، قىزنىڭ جاۋاۋىنى كۈتمەيلا، ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كەتتىم.

ـ كەينىمدىن قارامنى كۆرۈپ مېڭىڭ، ـ دېدى ـ كەينىمدىن سوڭدىشىپ دېگىدەك چىققان قىز ۋە ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭدى. "شى داچاۋ" كۆرۈكتىن ئۆتۈپ، سولغا بۇرۇلغاندا توختاپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىدە، ئىلدام مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن قالماسقا تىرىشتىم. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى "يى پو چىڭگۇڭ" دەپ نام ئالغان ۋە ئادەم ئاتىدىغان سۈرلۈك جاي ـ مويتۇۋگزىغا يېقىنلاشقاندا تەشۋىشلەندىمۇ، لېكىن قىزنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاشقا قىزىققانلىقىمدىن كەينىمگە قاراپ كەتمىدىم. بىز خىتايلار قەبرىستانلىقىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، دۆڭلۈكتىن تۆۋەن جىلغىغا چۈشكەندە قىز توختاپ، مېنىڭ يېتىپ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇردى.

ـ ئاپپاقغوجىنىڭ سەيلىسىدىنمۇ كۆڭۈللۈكرەك سەيلە قىلدۇقتە!

ـ دېدىدە، شۇنداق قاقاخلاپ كۈلدىكى، ئەتراپ جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى. مەن قىزنىڭ غەيرى ـ تەبىئىي قىلىقلىرىغا ھەيران بولدۇم ۋە:

ـ مەشەدە گەپلىشىمىزمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدىم، مېنىڭ سۆزۈمگە پىسەڭ قىلمىغاندەك كەلگەن تەرەپكە تىكىلىپ تۇرغان گۈلباھار بىردىن سول قولۇمنى مەككەم تۇتتىدە، سۆرەپ دېگىدەك ئېلىپ ماڭدى. بىز سوقما تاملىرى پۇچۇلغان تاشلاندۇق قوراچىنىڭ ئىچىگە كىردۇق.

ـ مانا، ـ دېدى قولىنى شىلتىغان گۈلباھار، ـ سىزدەك ئەزىز مېھمانلارنى كۈتىۋالىدىغان مېھمانخانىمىز. مۇنداقلاردىن شەھەر ئەتراپىدا نەچچىسى بار. مەرھەمەت ئولتۇرۇڭ، كۆرپە ـ ياستۇقلارغا يۆلىنىڭ.

ـ رەخمەت ـ ...گۈلباھارنىڭ كىنايە سۆزلىرى ۋە غەلىتى قىلىقلىرىغا ھەيران بولغىنىمچە، قاراپ قاپتىمەن.

ـ كېلىڭ، قىسىلماڭ! ـ دەپ يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى، خۇددى كۆرپە ـ ياستۇقتەك تەيلەنگەن زىغىر پاخالنىڭ ئۈستىگە ئولتارغان گۈلباھار ۋە ماشا ئويناقى كۆزلىرى بىلەن لاپپىدە قاراپ:

ـ نېمىدىن باشلايمىز؟ ئىشرەتتىنمۇ ياكى ھەسرەتتىنمۇ؟

ـ بىز دەردمەنغۇ، سىڭلىم، ئەلۋەتتە، دەردلىشىمىزدە! ـ دېدىم "سىڭلىم" ئىبارىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ.

ـ ھەم ـ ...تېڭىرقىغاندەك خېلىغىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى قىزنىڭ ۋە چوڭقۇر خۇرسىنغاندىن كېيىن، بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، خىيالچان بىر قىياپەتتە سەرگۈزەشتىسىنى باشلىدى:

ـ مەن ياركەنت شەھىرىدە ئۇستا ئابدۇقادىرنىڭ قىزى بولىمەن. بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى مەن، ئىككى سىڭلىم، بىر ئىنىمنى قوشقاندا ئائىلىدە ئالتە جان. 1958 ـ يىلى كوممۇنىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ماڭغاندا 4 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئون ئۈچ ياشلىق قىز ئىدىم. بىر كۈنى بىزنىڭ ئائىلىنى يەر ئاغدۇرۇپ، ئۈچ خانىلىق ئۆيىمىزنى خىتاي جاڭگودىلەرگە بەرمەك بولۇشقاندا، دادام تىك تۇرۇپ: "بوسۇغىنى ئاتلىغان ئادەمنىڭ كاللىسىنى چاپىمەن" دەپ ئايپالتىنى قولىغا تۇتقان پېتى ئىشىكتە توغرىسىغا تۇرۇۋالدى. ئۈچ كۈن ئۆتىپ قۇرال كۈچى بىلەن بىزنى يېزىغا كۆچۈرىشتى. دادامنى "بۇزۇق ئۇنسۇرغا" چىقىرىپ، قاياققىدۇ ئېلىپ كەتتى. ئانامنىڭ ئەمگەك بەدىلىگە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغانلىقتىن، كىچىك بولساممۇ ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەمگەككە چىدىدىم، خورۇشقا، كامسىتىشقا چىدىمىدىم. قارشى تۇراي دېسەم، قولۇمدىن نېمە كەلسۇن؟ ئۆمۈرۋايەت موشۇنداق، ئاچ ـ زېرىن، خورۇش كەمسىتىشلارغا چىداپ كۈن كەچۈرۈش كېرەكمۇ؟ ـ دەپ كۆپ ئويلايدىغان بولدۇم. ئاخىرى بېرىپ ئازاپ كانى كوممۇنىدىن قېچىپ ياركەنتكە كەلدىم، مېنىڭ بېشىمنى سىلىغىدەك باش ـ پانا چىقمىدى. ئاشخانىلاردا قاچا ـ قوموچ يۇيۇپ بىر ئايچە جان باقتىم. ئۇ چاغدا مەن ھەقىقەت مەركەزدىكى چوڭلاردا، تۆۋەندىكى پارچە ـ پۇرات باشلىقلار ماۋجۇشىنىڭ يولىنى بۇزغانلار دەپ ھېساپلايتتىم. ئۈرۈمچىگە يېتىۋالسام، تەييار ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيمەن دەپ ئىشىنەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مېھرىۋان ئاتا ـ ئانامنى، سۆيۈملۈك ئۇكىلىرىمنى، قۇتلۇق ماكانىمنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە ھەقىقەت ئىزدەپ ماڭدىم. ئائىلىمىزدە بالىدىن ـ بالىغا يالداما بولۇپ كېلىۋاتقان ئالتۇن زىرە بولىدىغان. شۇ "ئەڭگۈشتەنى" ئانام تۇماچە قىلىپ مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىپ قويغان. ئالتۇن زىرىنىڭ مەرىدىن كېچىش ـ جاندىن كېچىش بىلەن باراۋەر ھېساپلىناتتى. باشقا

چۈشكەندە ئالتۇن زىرنى خىتاي شوفىرغا بېرىپ، يۇك باسقان ماشىنىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالدىم. ياركەنتتىن چىقىپ، ئۈرۈمچى يولىغا بۇرۇلغان چاغدا مېنى ياركەنتكە باغلاپ تۇرغان كۆڭۈل رىشتىم ئۈزۈلگەندەك بولدىدە، ئۆزەمنى يوقاتقان هالدا دۈم چۈشۈپ يىغلىدىم. ئەينە شۇ چاغدىلا تۇغۇلغان ـ ئۆسكەن يەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، قېدىناسلىغىنى هىس قىلدىم. نەچچە قېتىم ماشىنىنى توختىتىپ كەينىمگە قاراپ قېچىشقا تەمشەلدىمۇ، لېكىن كوممۇنىدىكى زوراۋانلارنىڭ دىل ئازارلىغى كۆز ئالدىمدا تىككە تۇرۇپ، قېچىش پەيلىمدىن ياندىم.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ماشىنىنى تاش يولدىن چەتكە بۇراپ، سۇ بويىدا توختاتقان شوفىر:

ـ مەشەدە قونىمىز، ـ دېدى.

ياز پەسلى بولغانلىقتىن، ئېقىن سۇنىڭ سالقىن تەپتى، ئېرىق بويىدىكى يېشىل مايسىلار ئۆزىگە جەلىپ قىلغاندەك خۇش كەيپىيات هاسىل قىلاتتى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپلا سۇ بويىغا يۈگەردىم. يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ، سالقىن سۇدىن ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ يۇرىگىم قانغىچە ئىچتىم. ئانا يۇتۇمدىن ئايرىلىپ، غېرىپلىق ئەسىر قىلغان پەرىشانلىق قەلبىمدىن كۆتىرىلگەندەك بولدى. ئىككى شوفىر خىتاي چىمەنلىككە كۆرپىلەرنى يېيىپ، مېنى قاتار يېتىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ پەيلى يامانلىغىنى سەزدىم. نېرىراق بېرىپ، سۇ بويىدا ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ، ئۇخلىماي، دىك ئولتۇرىمەن.

دۇنيادا ئەڭ ئەزىز، ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ قەدىناس ئاتا ـ ئانامدىن، بىر تۇققان قېرىنداشلىرىمدىن، قۇتلۇق ماكانىمدىن ئايرىلىپ، بىر چۆل ـ باياۋاندا ئولتۇرىمەن: نېمىشكىدۇ قورققۇم كېلىپ، تىترەپ ئولتىرىمەن.

بىر هازادا ئىككى قارا نىيەت شوفىر قېشىمغا كېلىپ، بىللە يېتىشقا زورلاشتى. قارشىلىق كۆرسىتىپ، ۋاقىراپ داتلىدىم. مېنىڭ دات ـ پەريادىم تىنىق كېچىدە ئەكس سادا چىقىرىپ يىراقلارغا كەتكەندۇ، لېكىن ياردەم قولىنى سوزغان بىرمۇ ئىنسان بولمىدى.

بۆرە ئۇغلاقنى يۇدۇپ ماڭغاندەك مېنى كۆتىرىپ ئاپىرىپ، نومۇسۇمغا تېگىشتى...
مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئىپپەت ـ نومۇسى بۇلغانغان، ھاقارەتلەنگەن ئۆيغۇر قىزى گۈلباھارنىڭ مىسلىسىز جەۋرىلەنگەن، ھاقارەتلەنگەن سىماسى گەۋدىلەندى ۋە:
ـ لەنىتىلەر! ـ ھەسرەتلىك پىغان چىقارغىنىمنى ئۆزەم سەزمىدىم.
ئۆز دەردىگە گۈلباھارنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى قوشۇپ ياش تۆكۈۋاتقان ئىبراھىم بولسا، ھەسرەت ئىچىدە قىسمەتلىك قىسسىنى داۋاملاشتۇردى:
ـ زارلىدىم، قاخشىدىم، ـ دەتتى دەرتمەن قىز، ـ مېنىڭ ئاھ ـ زارىمغا كىم يەتسۇن. زادى بىزدەك خارلانغان ئاجىزلارنىڭ ئاھ ـ زارىنى ئاڭلايدىغان، ھىسداشلىق قىلىدىغان ئىنسانلار بارمۇ بۇ دۇنيادا؟.. شوفېرلار پۇت ـ قولۇمنى ماتاپ ماشىنا ئۈستىدىكى يۈكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇشتى. كېچىلىرى يەرگە چۈشۈرۈپ، زورلاپ تاماقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن خوتۇن قىلىشىدۇ... ئەتتەي كېچىكتىمېكىن، ئالتە كۈن دېگەندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. شەھەر چېتىدە مېنى يەرگە چۈشىرىشتىدە، تاشلاپ كېتىشتى. بەخت ئىزدىگەن "بەخت كەبىسىگە" كېلىپ تېنىدىم. مەندەك "ياۋا توخۇلار" ئۈرۈمچىدە ئاز ئەمەس ئېكەن، شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتىم. ئاپايدىغان نېمە قالدى؟ نومۇسۇم ـ ۋىجدانىم بۇلغاندى... ئەندى مەن كىمگە كېرەك؟ خۇدا مېنى بۇزۇقچىلىق، پاھىشە قىلىشقا، ئاش ـ نان ئۈچۈن بىرەۋنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشقا، كۆرۈنگەننىڭ ئاياق ئاستى بولۇشقا ياراتقانمېكەن؟! ئاق سۈتىنى بېرىپ، بۆشۈگۈم بېشىدا كېچىلىرى ئۆيقىدىن بىدار پەرۋىش قىلغان ئاتا ـ ئانام مېنىڭ موشۇنداق پاھىشە بولۇشۇمنى تىلىگەنمېكەن؟ بۇنداق شۇم ھاياتقا تۈمەن مىڭ لەنەت!.. ئۆزەمدىن، ھەممىدىن تويدۇم، كۆرەر كۆزۈم يوق، يوق!..
شۇنچە ئەزىيەت چەككەن، ۋۇجۇدى دەرت ـ ئەلەمگە تولغان قەلبىگە ساقايماس داغ ئورناشقان گۈلباھار دەردىنى ئېيتىدېكەن، بىر تامچا ياش تۆكمىدى. بۇ ھالەتكە ھەيران بولدۇم. بەلكىمبا، ئەقلى

بۇلغانغان، كۆڭلى قارايغان بۇ قىز ھەممىگە بىپەرۋا قارايدىغاندۇ. ياكى بولمىسا، يىغا ـ زاردىن ھېچ نەرسە ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى ئۆز ھاياتىدا كۆرگەن، بىلگەن گۈلباھار غەزەپ ـ نەپرىتىنى قەلبىگە جەمغۇرۇپ، ۋىجدانەن ئىسيان قىلىدىغاندۇر؟ ھەر ھالدا مەۋجۇت زوراۋانلىققا، تۈزۈمگە ئۆچمەنلىكى چەكسىز ئىدى.

ـ سىز ئۈرۈمچىگە قاچان كەلگەن؟ ـ دەپ سورىۋىدىم، گۈلباھار:

ـ كۈن ساناشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ قىش ـ كۈزى، باھار ـ يېزى ئوخشاشلا جەۋىر ـ زۇلۇمغا بۇ جاھاننىڭ! ـ دېدى ئەسەبىي ھالدا ۋە ماخوركىنى تىترەك قوللىرى بىلەن ئوراشقا باشلىدى. سامان قەغەزگە ئورالغان ئاچچىق تاماكىنى تېز ـ تېز شوراپ، كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياش چىققىچە يۆتەلدى، بەلغەم تۈكۈرۈپ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. "ئاھ، رەھىمسىز پەلەك ...گۈل ـ غۇنچىدەك بىر قىزنى موشۇ ھالەتكە يەتكۈزگەنسەن "...ئۆكۈندۈم ئىچىمدە.

ـ نەدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرىسىز؟ ـ دەپ سورىۋىدىم، ئەجەپلەنگەن گۈلباھار مىيىغىدا كۈلۈپ دېدى:

ـ ئائىلىسىز، ماكانسىز ئادەمنىڭ ياتىغى ـ سايدىكى كوداڭلىق، تالاڭلىق ـ جاڭگاللىق، ئەسكى تاملىق، ئېتىزدىكى سامان ـ توپان ... ماۋچىلارنىڭ قولىغا چۈشكىچە شۇنداق جايلاردا ھەم ساياھەت، ھەم تىجارەت قىلىمىزدە!

ـ يۇرتىڭىزغا قايتىپ كەتسىڭىز بولغان ئىكەن...

ـ نى ـ مە؟! ـ چۆچۈپ كەتتى گۈلباھار، ئۇنىڭ بىر يېرىنى سانچىۋالغاندەك، ـ ئەجداتلىرىمدىن مىراس قېلىپ كەلگەن پاك قۇتلۇق بوسۇغامنى ئاتلاشقا ھەققىم قالمىدى. مېنىڭ ماكانىم ئەندى موشۇنداق پاسكىنا ـ پەس جايلار. ھەممە بالا ـ قازا مەن بىلەن كەتسۇن ...ئەۋلادىمغا نەسلىك ـ كاساپىتىم تەگمىسۇن...

گۈلباھاردىن ماڭا شۇ ئېچىنىشلىق خاتىرە قالدى. ئۆز قىسمەتلىرىمگە گۈلباھارنىڭ قىسمەتلىرى قوشۇلۇپ، قەلبىمگە ساقايماس داغ بولۇپ ئورناشتى...

# جەللىگۇر مۇئەللىم

"تاغلاردىن ماكان تۇتتۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
كۆرگەن كۈنىمىز موشۇ،
رەقىپكە بويۇن ئەگمەي...

بۇ غەزەل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى ئەكس ئەتتۈرگەچكە، پۈتكۈل شەرقىي تۈركستانغا كەڭ تارالغان. ئۆز ۋەتىنى، ئۆز ئېلىغا ئېگە بولالماي تاغ ـ تاش، چۆل ـ باياۋانلارنى ماكانلىغان، ئەلھاسىل، چەت ئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان ئۇيغۇر ئەھلىنىڭ مۇڭ ـ زارى قاچان تۈگەيدۇ دەيسىز...

بىزنىڭ ئارىمىزدا باشقا جازا لاگېرىدىن قېچىپ تۇتۇلغان نادىر ئىسىملىق بىر يىگىت بار. يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، دۇمۇلاقىنا يۈزىدە تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىت ئىنتايىن خۇشخوي، سۆزمەن ۋە دىلكەش ئېدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولساڭ زېرىكتۈرمەيدۇ، ئېغىر غەمدىن خالى بولۇپ قالىسەن. ئۇ بىلمەيدىغان يېڭى ناخشا يوق. يۇقۇرىدىكى ناخشىنى بىرىنچى قېتىم نادىرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاندا، مەھبۇسلار تەسىرلىنىپ يىغلاشقان ۋە لاگېرنىڭ جەھەننەم قارا تۈنلىرىدە ھەممىمىز نادىرجاننى ئەگىشىپ، بۇ مۇڭلۇق ناخشىنى ئېيتىپ، يىغانىمىزنى چىقىرىدىغان ئېدۇق. ھاياتخۇمار نادىرجان پۈتىدا ئېغىر كىشەن، بىز بىلەن تەڭ يۈرۈپ، تەڭ ئىشلەيدىغان. قېنالغانلىقىنى بىلدۈرمەسكە سىلىپ، بىزنى كۈلدۈرۈشكە تىرىشىدىغان.

ـ كىشەن ئۇسسۇلىنى ئىجات قىلىمەن، ـ دەيتتى كەتمەننى چىپپۇېتىم، پۈتىدىكى كىشەننى شاراقلىتىپ، ـ كۆردۈڭلارمۇ، پۈتلىرىغا قوڭغۇراق ئېسىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ھىند قىزلىرىدىنمۇ ئەۋرىشىم جىلۋە قىلغىنىمنى! ـ ئۇ ئوك، دەم سول

پۈتىنى يېنىك كۆتىرىپ ئۈسسۈل ھەرىكىتىگە تەخلىت قىلاتتى، بىزنى كۈلدۈرەتتى.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، كۆكتاتلىقنى سۇغىرىش ئۈچۈن نادىر ئىككىمىزنى تەييارلاشتى. بۇ خىل قۇدۇقلار كۆپ بولغاچقا، ھەر بىر قۇدۇقتا ئىككىدىن ئادەم ئىشلەيدىغان. چاڭقاق چۆلگە تېرىلگەن كۆكتاتلارنى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ سۇغا قاندۇرۇش نەقەدەر مۈشكۈل ئېكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلگۈلەنگەن كۈنلۈك ئىش نورمىمىزنى توشقۇزالمىساق ھاقارەت ۋە جىسمانىي جازانىڭ مۇدھىشلىقىنى ئەسلىگەندە قويقا چېچىمىز تىك تۇرىدىغان.
شۇنداق بىر ھالەتتە پۈتىدا كىشەن نادىرنىڭ ئېغىرلىقى ماڭا چۈشسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغىنىمغا خوشال بولغان ئىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ قىزىق ـ كۈلكۈلۈك سۆزلىرى ۋە كۆڭۈلنى ئېرىتىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى تەسىرىدە كۈننىڭ كەچ كىرگەنلىكىنى، ھارغىنلىقنى سەزمەي قالىسەن.
ـ مەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ بېرەي، سەن نوغا قويۇپ بەر، ـ دېيۈدىم ئاچچىقى كەلگەندەك بولغان نادىر:
ـ ئېغىرىنى سەن قىلۇ، يېنىكىنى مەن؟ ياق ئاكىسى! ـ دېدىدە، پۈتىدىكى كىشەننىڭ ئىككى تۆشۈكىسىنى ئوشۇقتىن يۇقۇرى سېرىپ ـ تارتىپ، كۆينىكىنىڭ بىر يېڭى بىلەن سول ياچپىشقا ماتىدى ۋە لىپپىدە قۇدۇق كويۇسىنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ـ كۆردۈڭمۇ، ئەندى سېپىل تېمىغىمۇ سەكرەپ چىقالايمەن.
"پەمسىز كۈچىگە زورلار، پەملىك ئېقىلىغا" دېگەندەك، نادىر بىلەن بىللە ئىشلىگەن كۈنۈم جاپا تارتمىدىم.
ماۋچىلارنىڭ "ۋاقتىنى تېجەش" دېگەن قائىدىسى بويىچە ئىش مەيدانىدا تاماقلاندۇق. مەھبۇسلارنىڭ تاماقخانىغا كېلىپ ـ كېتىش ۋاقتىنى "ئىختىساد" قىلماقچى بولغان ماۋچىلار، چۈشلۈك يېمەكنى ئىشلەۋاتقان جايىمىزغا ئەكىلىپ بېرىدىغان. تاماقلىنىش ۋە دەم ئېلىش ۋاقتى بولسا ـ ئوتتۇز مىنۇت.
ـ بىزمۇ "ئەڭ، ئەڭ ئۇلۇغ داھىنىڭ" كۆرسەتمىسى بويىچە ۋاقتىنى تېجەيلى، ئىبراھىم ئاكا، ـ دېدى قولىنى يۇيۇۋېتىپ نادىر.

ـ ئۇتتۇز مىنۇتنىڭ نېمىسىنى تەخسىملەيسەن؟

ـ مونۇ غاز تۇخۇمىدەك ئىككى گۆلەك مومىنى ئىككى يالماپ يۇتۇشقا ئىككى مىنۇت كەتسە، بىر ھېجىر قايناق سۈيۈگە تولا بولسا ئىككى مىنۇت كېتەر. قالغان ۋاقتىڭنى كەتمەن سايىسىدا ئۇڭدا يېتىپ ئۇخلىساڭ، سەندىن بەختلىك ئادەم بولامدۇ. قانداق دېدىم؟ ـ نادىر مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا دېگىنىنى قىلدى. ھەش ـ پەش دېگىچە يەپ ئىچىپ، كەتمەننى تىكلەپ بىر تۈرتەك چۆپنى قويىۋېدى، كىچىككىنە سايىۋەن ھاسىل بولدى.

ـ مېڭەڭدىن ئاپتاپ ئۆتمىسىلا بولغىنى، ـ دېدىدە، سۇنايلىنىپ ياتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدىم.

ـ قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ بەش مىنۇتىنى "ئەللەيگە" سەرىپ قىلساق قانداق؟

ـ ئەللىيىڭ نېمىسى؟ ـ سورىدىم ھەيران بولۇپ.

ـ ناخشىدە، ئۇيقا سەپىرىگە ئاتلانغىچە بىر قەپەز سايرىۋەتەي دەيمەنا!

ـ كامال تاپ، ئۇكا، كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ جۇمۇ!

بىزنىڭ يەرلەر توتىيا،
قۇرۇماتتى گۈل ـ گىيا.
ماۋزېدۇڭ زامانىدا
ئۈنمەس بولدى بىر گىيا...

باغلارنى قۇرۇت يېدى،
قويماستىن سورۇپ يېدى.
ماۋچىلارغا بەرمىسەڭ،
ئۆلتىشىپ ئۇرۇپ يېدى...

نادىرنىڭ لەرزان، لېكىن مۇڭ ـ زارغا تولغان ناخشىسى قەلبىنى يېرىپ چىققاچقىمىكىن، ئېغىر سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسكە سالاتتىدە، دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرەتنى قوزغايتتى.

مەن چىرماش خىياللارنى قوغلىشىپ، ناخشىنىڭ توختاپ قالغىنىنى سەزمەي قاپتىمەن.
- ئۇخلاپ قالدىڭمۇ نىمە؟
- ئۇخلامدىغان، خىياللىرىمنى قوغلىشىپ كېتىپتىمەن.
- ئېھ، ئالدامچى خىياللار! - ختتاپ قىلدى نادىر ۋە نىمە ئۇچۇندۇ بېشىنى كۆتىرىپ، ئەتراپىغا قاراپ، - ئېيتقىنا، قېرىنداش، نىمىنى خىيال قىلدىڭ؟ - دەپ سورىدى بېشىنى قايتىدىن تۇرتەك چۆپكە قويۇپ.
- سېنى ئۇكا، سېنى...
- مې - نى؟! - مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، ماڭا تىكىلىپ قارىدى نادىر.
- ھە، سېنى. سەندەك بىر تۇغما سەنئەتكار بېھۆددە خارۇزار بولىۋاتسا...
- يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ، - دەپ سۆزۈمنى بۆلدى نادىر ۋە: - مەندەك بىر جەللىگۇرنى "سەنئەتچى" دېسەڭ، ئاغزىڭ قىڭغىر چىقار!
- نىمە؟! - چۆچۈپ كەتتىم، - چاقچىغىڭنى قوي، ئۇكا! سەندەك ئادەم قانداقلارچە جەللىگۇر بولسۇن؟.. تىترەك قوللىرىم بىلەن تاماكا ئوراشقا باشلىدىم. ھەر ئىككىمىزنىڭ ئەسەبلىرى قوزغىلىپ، ئارام - ئۇيقىمىز قاچقان ئىدى.
- ئىشەنمىسەڭ، ئاڭلا! - دېدى نادىر مەن سۇنغان تاماكىنى بىر شورىغاندىن كېيىن ۋە خىيالچان بىر قىياپەتتە دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى:
- ئۈچ يىل مۇقەددەم مىللەتلەر دارىلفۇنىنى ئەلا دەرىجىدە تۈگىتىپ، كورلا شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تارىخ مۇئەللىمى بولۇپ بەلگۈلەندىم. كىچىكىمدىنلا تارىخىمىزنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياقىم كۈچلۈك ئىدى. ئۆزەڭ بىلىسەن، بىز، ئۇيغۇرلارنىڭ، تارىخى تەتقىقاتسىز كېلىۋاتىدىغۇ! نە بىر تارىخىمىزنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان كىتاپنىڭ يوقلۇغىغا كۆپ ئېچىناتتىم. مانا، موشۇ تۈپ - سەۋەپلەر تۈپەيلى ئۆز ھاياتىمنى، تارىخىمىزنى مۇپەسسەل ئۆگىنىشكە بېغىشلىغان ئىدىم. تىرىپ - تىنىپ دېگەندەك، ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر خىلە مەلۇمات دالالەتلەرنى توپلاپ، ختتاي

مەنبەلىرىدىن بېۋاستە پايدىلىنىش مەقسىتىدە، خىتايچە تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىم. شۇ تېرىقە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا تارىختىن دەرىس، يەنە بىر تەرەپتىن تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىپ يۈرگىنىمدە، مەكتەپ مۇدىرى جاڭخۇ (ئۇيغۇر مەكتىۋى بولغىنى بىلەن مۇدىرىمىز خىتاي بولىدىغان) مېنى بۆلمىسىگە چاقىرىپ:

ـ نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ ـ دەپ سورىدى سوغ بىر قىياپەتتە. مەن جاۋاپ بېرىش ئورنىغا جاڭخۇنىڭ سوغ تېلەتىگە قارىغىنىمچە، تۇرۇپ قاپتىمەن.

ـ زۇۋانىڭ كېسىلگەنمۇ، نېمىشكە جاۋاپ بەرمەيسەن؟

ـ مېنىڭ مەكتەپ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈرگىنىم سىزگە...

ـ ۋاللاقىلما! ـ سۆزۈمنى بۆلدى مۇدىر، ـ سەن تارىخنى بۇرمىلاپ، ماۋجۇشى تەلىماتىغا قارشى چىققىنىڭنى يوشۇرماق بولىسەن، بۇزۇق ئۇنسۇر!

ـ مەن تارىخىي ھەقىقەتنىڭ سىرتىغا چىقماسقا تىرىشتىم...

ـ تارىخىي ھەقىقەت ئېمىشا! ـ سوغ كۈلدى جاڭخۇ، ـ ئالىي قوماندانلىرىمىز جاڭ خۇي بىلەن زو زۇڭ ـ تاڭلارنى باسقۇنچىلار دېيىشىڭدىن تانالامسەن؟

ـ يالغانمۇ؟! ـ بۇ ئىبارە ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدىم.

ـ يوقال، يوقال! ـ ۋاقىرىدى جاڭخۇ.

كاچىتىمگە شاپىلاق تەككەچكە ئۆزەمنى سىرتقا ئالدىم. جاڭخۇ كەينىمدىن تىل دېگەننى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇپ قالدى.

ـ مۇئەللىم نېمە بولدىڭىز، بىر يېرىڭىز ئاغرامدۇ؟ ـ دېيىشىپ مېنى ئوراۋېلىشتى، سىنىپقا كىرىشىمگە، شاگىرتلىرىم.

ـ ھېچ نەرسە بولمىدى، جايىڭلارغا ئولتىرىشىڭلار! ـ دېدىم ئەسەبىتىن ئۆزەمنى زورغا تۇختىتىپ.

ـ ياقۇپبەگ بارىگاھ تىككەن باغراش بويىدىكى تۇرنى قاچان كۆرىمىز، مۇئەللىم؟ ـ دەپ سورىدى مېنىڭ دىققىتىمنى جەلىپ قىلماق بولغان سىنىپ باشلىغى. قالغان ئوقۇغۇچىلار بولسا، مېنىڭ

ئادەتتىكى ئۇچۇق ـ يورۇق دەرس بېرىشىمنى كۆتۈشكەندەك، دىققەت ئېچىدە جىم ئولتىرىشاتتى.

ـ زو زۇڭ ـ تاڭ ۋە جاۋخۇيلەر ھەققىدە كىم قىسقىچە ئىزاھلاپ بېرىدۇ؟ ـ دېدىم مەن خېلىغا سوزۇلغان سۈكۈناتتىن كېيىن. شۇ كۈنكى دەرسكە ھېچ بىر مۇناسىۋىتى يوق سوئالنى بەرگىنىمگە ھەيران بولۇشقان ئوقۇغۇچىلىرىم بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قېلىشتىيۇ، لېكىن مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەن قەمبەرنىسا:

ـ رۇخسەت بولسا، مەن سۆزلەپ بېرەي، ـ دېدى.

ـ مەرھەمەت، سۆزلەڭ!

ـ ئون سەككىزىنچى ئەسىردە مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەجاۋۇز قىلىپ، ئېلىمىزنى خانۇ ـ ۋەيران قىلغان خىتاي گېنېرالى جاۋخۇي بولسا، ئون توققۇزىنچى ئەسىردە ياقۇپبەگ دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، يۈز مىڭلىغان خەلقىمىزنى قەتلىئام قىلغان قاتىل گېنېرال زو زۇڭ ـ تاڭ ئېدى.

ـ ئېپارخاننى تۇتقۇنغا ئېلىپ، چەن لۇڭ ـ خانغا تۆھپە قىلغان يەنە شۇ جاللات جاۋخۇي ئېدىغۇ! ـ دەپ قوشۇمچە قىلدى بىر بالا.

ـ قىسقىسى، ـ دېدى سۆزىنى خۇلاسىلىگەن قەمبەرنىسا، ـ خىتاي خاندانلىرىنىڭ تەجاۋۇزكار خاھىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان جاۋخۇي بىلەن زو زۇڭ ـ تاڭ كەبى قانخور قاتىللارغا نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرىتىمىز ھېچ قاچان ئۆچمەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قاتىل دۈشمىنىمىز...

ـ توغرا! ـ تەستىقلەشتى ئوقۇغۇچىلار.

ـ قەمبەرنىسانىڭ قىسقىچە ئىزاھى ئىنتايىن ئورۇنلۇق، ـ دېدىم شاگىرتلىرىمنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگىنىگە مەمنۇن بولۇپ، ـ مەسىلە شۇنىڭدىكى، بەزىلەر تارىخىي ھەقىقەتنى بۇرمىلاشقا، ھەتتا ئۆتمۈشتىكى مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلماقتا...

ـ ئۇنداق نامۇۋاپىق سەپسەتىلەرگە قەتئىي رەددىيە بېرىش كېرەك!

ـ يالغانچى ـ بوھتانچىلارغا دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن جاۋاپ بېرەلەيمىز!

ياش شاگىرتلىرىمنىڭ بۇ تىرىقە قەتئىي ۋە دەلىل جاۋاپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاز بولسىمۇ بەرگەن تەلىم ـ تەربىيەم بىكارغا كەتمىگەنلىكىگە تەۋرىنىپ كەتسەم كىرەك، ئەتىمالىم، جاڭخۇننىڭ دىل ئازارلىغى كۆڭلۈمدىن كۆتىرىلىپ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ خەن، تاڭ، سۇڭ سۇلالىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر ئېلىغا قارشى يۈرگۈزگەن تەجاۋۇزكارلىق سۈيىقەستلىرىنى باياننلاپ كىتىپتىمەن. پەقەت ئىلمىي مۇدىر كىرىپ، ئوقۇش سائىتى تۈگىگەنلىگىنى ئەسكەرتكەندىلا سۆزۈمنى توختاتتىم. شۇ كۈنى باللارنىڭ سىنىپتىن چىققىسى كەلمىگەندەك، مىنىڭمۇ ئۇلارغا بىلگەنلىمنى كۆپىرەك ئېيتىپ بىرىش خاھىشىم كۈچلۈك بولدىكى، تا مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى بۇقا خاندىن تارتىپ، ياقۇپبەگ دۆلىتىگە قەدەر بولغان مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ قىسقىچە مەنزىرىسىنى سىزىپ بىرىشكە تىرىشتىم...

ئەتىسى ئەتىگەنلىگى دەرىسكە كىرىش ئالدىدا مىنى بۆلمىسىگە چاقىرغان مۇدىر:

ـ بۈگۈندىن ئېتىۋارەن مەكتەپتىن بوشىدىڭ! ـ دىدى.

ـ نىمە دىگىنىڭىز؟ ـ ئۆز قۇلىغىمغا ئىشەنمىگەندەك، سوراۋىدىم، ئۇ مىنى زاڭلىق قىلغاندەك شۇنداق ھىجايدىكى، تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ شۇ قەبىھ ئەپتى كۆز ئالدىمغا كەلگەندە تىنىم شۈركىنىدۇ.

ـ بو ـ شان ـ دىڭ! ـ خىتاپ قىلدى زەھەرخەندىلىك بىلەن، ئۇيغۇر مەكتىۋىگە ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋالغان ھوقۇقدار.

سۆيۈملۈك كەسپىم، مەكتىۋىمدىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كەلگەچكە، ئېسىمدىن ئايرىلغاندەك تىلىقىپ قاپتىمەن. شۇ ھالدا مەكتەپتىن چىقىپ، ئۆيگە قانداق يىتىپ كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. "نىمە گۇناھ قىلدىم؟ نىمە سەۋەپتىن مەكتەپتىن قوغلاۋەتتى؟" موشۇ سوئاللارنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاتتىم. "ئەگەر ئۇيغۇرلار تارىخىنى تارىخىي ھەقىقەتلەرنى ئۇيغۇر باللىرىغا ئۆگىتىش جىنايەت بولىدىكەن، ئۇ ھالدا نىمە سەۋەپتىن تارىخ دەرىسىنى پروگراممىسىغا كىرگۈزۈشتى؟ ياق، ياق! بۇ يەردە قانداقتۇ چۈشەنمەسلىك بار ...جانخۇ ماڭا ئۆچمەنلىك قىلدى ...مىنىڭ

ئوقۇغۇچىلار ئالدىدىكى ھۆرمىتىمنى كۆرەلمەي، قىتىغۇرلىق قىلدى. مائارىپ بۆلۈمىگە بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىشىم كېرەك "...دېگەن خۇلاسىگە كەلدىمدە، كورلا ۋىلايەتلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا يولۇقتۇم، ئۇ جاناپمۇ:

ـ مەكتەپ مۇدىرى جاڭخۇ ـ پارتىيەنىڭ ۋەكىلى. سىنى مۇئەللىملىكتىن بوشاتقان ئىكەن، دېمەك، ئۇ ھەقلىق. سەن ئەندى كوممۇنىغا بېرىپ ئەمگەك قىل، دېھقانلارغا ئۆگەت، ماۋجۇشى مەپكۇرىسى بىلەن قوراللىنىپ، ئۆزەڭنى تۈپ ـ ئاساسىدىن ئۆزگەرت!

ـ دەپ بۇيرۇق بەردى.

زور بىر ۋىلايەتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان شەخس مەندەك بىر مۇئەللىمگە يۈز تۇرا سۆزلىشىشكە تاقىتى يوقلۇغى، ئۇنىڭ تەتۈر قاراپ ماڭا ئەمىر ـ پەرمان بېرىشى چىداپ تۇرۇشقا بولمايدىغان كامىستىش ھاقارەت بولسىمۇ، سەۋىر قىلدىم.

ـ ئىش ـ ھەرىكىتىمدە بىرەر خاتالىق ياكى كامچىلىق يەتكۈزمىسەم، نېمە سەۋەپتىن ئىشتىن بوشىتىسىلەر؟

ـ مانا، مانا! ـ دەپ بىردىن شىڭتەيدى تەتۈر قاراپ تۇرغان باشلىق ـ موشۇ سوئالنى بېرىشىڭ زور خاتالىق. باشلىغىڭ نېمىنى لايىق دەپ بىلسە، شەرتسىز ئىجرا قىلىشىڭ شەرت!.. ئۇ شۇنىڭ بىلەن "سۆزۈم تامام" دېگەندەك، ئىشىكنى كۆرسەتتى.

مائارىپ بۆلۈمىدىن قوغلانغان بولسامۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ھەقىقەت بارلىغىغا ئىشىنەتتىم. راستىنى ئېيتسام: شۇ كۈنلەردە ماۋزېدۇڭغا ئېتىقاتىم كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى بىزدەك ياشلار جاراڭلىق شۇئارلارغا، داغدۇغىلىق ۋەدىلەرگە بېرىلىپ، بۇ تېرىقە ئىبلىسانە مەككارلىق، ئالدامچىلىق تەكتىدە رەزىل مەقسەتلەر ۋە قەبىھ سۈيىقەستلەر يوشۇرۇنغانلىغىنى سەزمىگەندە!

مەن يەنە شۇ "ئېتىقاتىمغا" ئىشەنگەن ھالدا، ھەقىقەت قوغلىشىپ، ئۈرۈمچىگە كەلدىم. شىنجاڭ ـ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازارىغا يولۇقتۇم. سىگارېتىنى توغرا چىشلىگەن نازىر مېنىڭ دادىمنى ئاخىراغىچە ئاڭلىماستىنلا:

ـ قەيەردىن كەلگەن بولساڭ، شۇ يەرگە كەت! ـ قىسقىچىلا بۇيرۇق بەردى.

ـ دېمەك، ھەممىڭلارنىڭ گېپى بىر ئېكەندە؟! ـ دېدىم بۇ قېتىم تەڭپۇڭىمنى ساقلىيالماي.

ـ ماقۇل، ـ دېدى ماڭا شىڭتىيىپ قارىغاندىن كېيىن، نازىر جاناپلىرى، ـ ھەقىقەتنى داۋا قىلىپ كەپسەن، ھەقىقەتنى كۆرستەيلى، ـ نازىر ئىلدام ماشىنىچە ئىككىنچى بۆلمىگە كىرىپ كەتتى. مەن زور ئۈمىد ئىچىدە نازىرنىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتاردىم. ئىچىمدە "مەركەز دېگەن مەركەزدە" دەپ ئۇرۇمچىگە كەلگىنىمگە خوشھال بولدۇم. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي مۇئاۋىن نازىر ئورنىغا ئىككى پولىس چېرىگى پەيدا بولۇشتى ۋە:

ـ تۇر، ماڭ! ـ دەپ خىتاپ قىلىشتى.

ـ نەگە؟ ھەيران بولۇپ سورىدىم.

ـ بارغاندا بىلىسەن، تۇر!

ئىككى كۈندىن كېيىن (سوراق ـ تەرگوسىزلا) ئۈچ يىلغا "ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە" ھۆكۈم قىلىدىدە، "7 ـ ماي" ناملىق مەھبۇسلار لاگېرىغا يوللاندىم. ئەينە شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ئالدانغانلىغىمنى، خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن ۋاپا، مېھىر ـ شەپقەت كۈتۈش ـ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئېكەنلىگىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

"نېمە قىلىش كېرەك؟ ـ دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزەمگە، ـ خورلىسا، بوزەك قىلسا، جازالىسا باش ئېگىپ، تىز پۈكۈپ ياتىۋېرىمىزمۇ؟ قوي چېغىدا كانىيىغا پىچاق سۈرگەندە تىپىرلايدىغۇ!.." موشۇنداق چىگىچ پىكىر ـ خىياللار مېڭەمنى چۇلغاپ، ۋىجدانىمنى ئازاپلايدىغان بولدى.

تارىخىمىزدىكى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكەن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ، ئەرباپلىرىمىزنىڭ جاسارەت يولىنى، كۈرەش ئۇسۇللىرىنى تەتقىقلەپ، ئاخىرى شۇلار ئىزىدىن مېڭىشقا قارار قىلدىم. بۇ پىكرىمنى لاگېردىكى يولداشلىرىمدىن ئۈچىگە ئىزاھ قىلىپ، ئۇلارنى كۆندۈردۈم ...بىز لاگېردىن قېچىپ، سىرتتا ماۋ

ئاسارتىنگە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا قەسەم ياد قىلىشتۇقتە، زىرائەتلەرگە سۇ تۇتۇپ يۈرگەن كېچە پەردىسىدىن پايدىلىنىپ، قېچىپ كەتتۇق...
بىر ـ بىرلەپ قېچىپ توپلىشىدىغان شەرتلىك جاي ـ سانجى دەرياسىنىڭ بويىدىكى توقايلىق ئېدى. مەن يولداشلىرىمنى شۇ جايدا ئىككى كۈن كۈتتۈم. كەلمىدى. يولداشلىرىم تۇتۇلۇپ قالسا كېرەك. قېچىپ كېتىۋاتقىنىمدا جېسەكچىلەرنىڭ سۈرەن ـ شاۋقۇن كۆتەرگەنلىكى، بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىلغانلىغىنى ئاڭلىدىم. ئەندى ئۇلارنى ئايلاپ كەتسەمۇ كەلمەسلىگىگە كۆزۈم يېتىپ، يولغا راۋان بولدۇم.
نەگە بېرىش كېرەك، يانچۇقتا پۇل، توگۇشتە ئوزۇق يوق، كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەك زۆرۈر بولغان ـ خۇكۇ (نوپۇس دەپتىرى) يوق. بىللە ئۈچ يولدىشىم: بىرى ئىشچى، ئىككىنچىسى دېخان، ئۈچىنچىسى ناۋاي بولىدىغان. مانا شۇ ناۋاي يولدىشىمىز بىزنى ئۈرۈمچىدىكى كەسىپداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر مەزگىل، خەلق ئىچىگە سىڭگىچە، ئاسرىماق بولغان ئېدىيۇ، ئۇ ئىمكانىيەتتىنمۇ مەرھۇم قالدىم.
ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگىچە تارتقان ئاچلىق ئازاۋىنى، يول مەشەقەتلىرىنى سۆزلەپ ئولتارمايمەن. سېرىق بۇيا يىلتىزى بىلەن زىرىق ئوزۇغۇم بولدى. ئىككى ئوتلاپ يۈرگەن سىيىر پادىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، پادىچىدىن ئوغرىلىقچە سىيىرنى ئەمگەن يەرلىرىم بولدى. ئۈرۈمچىگە يېتىشنى يەتتىمۇ، ئۆزەمنى سىڭدۈرىدىغان جاي تاپالماي قالدىم. مەندەك قاچقۇن قانداق قىلىپ بىرسىنىڭ ئىشىگىنى قاقالىسۇن؟ مېنىڭ ماكانىم ـ كۆرۈك ئاستى، تاشلاندۇق ئۆي، ئارىلاپ مېچىت ئىچى، پولات تاۋلىغان چاغدىكى تاشلاندۇق ئوچاق ـ ئورىلار، ئوزۇغۇم بولسا ـ شەھەر ئەتراپىدىكى كوممۇنىلار كۆكتاتلىغى بولدى.
بىر كېچىسى "ساي بويى" مېچىتىنىڭ قۇتۇب پەشتىغى ئۈستىدە ياتتىم، دېرىزىنىڭ چېقىلغان كۆزىدىن بىر كىشى شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئىچكىرى كىردىكى، خۇددى ئوغرى مۆشۈكنى ئەسلەتتى. ئۇ

قىشمىغا كەلدى ۋە مېنى كۆرۈپ كەينىگە نەچچە قەدەم داجىپ بېرىپ توختاپ:

ـ قايسىڭ؟ بىزنىڭ "پۇخرا" بولساڭ، تۆۋەن چۈش! ـ دېدى.

مەن تۆۋەن چۈشتۈم.

ـ سېنى بىزنىڭ توپ ئىچىدە كۆرمىگەندىم، قانداقلارچە بۇ يەرگە كىرىۋالدىڭ؟ ـ قانداقتۇ ـ بىر گۇمان ئىپادىسى بىلەن سورىدى، سەرەڭگە تۇتىپ، يۈزۈمگە سەپ سالغاندىن كېيىن ئۇ:

" ـ پۇخرا" دېگىنىڭ نېمىسى؟ ـ جاۋاپ بېرىش ئورنىغا قايتۇرۇپ سوئال بەردىم.

ـ پۇخرا دېگەن سۆزنى بىلمىسەڭ، بۇ يەردە نېمە پۇتلىشىپ يۈرىسەن؟

مەن سەرگۈزەشتەمنى يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىۋېدىم، يوچۇن يىگىت ئۇھ تارتتى ۋە ئوڭ قولىنى مۈرەمگە قويۇپ، قانداقتۇ ـ بىر قېرىنداشلىق مېھىر بىلەن دېدى:

ـ سەن مۇئەللىم، مەن ئەدلىيە خادىمى. پەرقىمىز شۇلا ئىكەن. بېشىمىزغا چۈشكەن كۈلپەت بولسا ـ پەرقى يوق. بىز ساڭا، ماڭا ئوخشاشلار، بىر ـ بىرىمىزنى "بىزنىڭ پۇخرا" دەپ ئاتىشىمىز. ماۋچىلار بىزنى "جەمىيەت سۈپۈرەندىلىرى" دەپ ھاقارەتلىك ئاتىشىدۇ.

ـ ئىسمىڭ نېمە؟

ـ قاۋۇل! ـ جاۋاپ بەردى قولىدىكى تۇگۈننى يېشىۋېتىپ ۋە: ـ قوسىغىڭ ئاچتۇر، تارتىنماي يە ئاداش، ـ دەپ توروملىنى ئالدىمغا يايدى.

قاۋۇل بىلەن تونۇشۇپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى شېرىكلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن شەھەردىن خېلىلا يىراققا باشلاپ باردى. چاتقاللىقنى خېلىلا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئىشتىك ئاقىدىغان ئېقىن سۇدىن ئۆتكەندە ئەتراپىغا زەڭ سېلىپ قارىدى قاۋۇل ۋە خۇددى ئوغلاق مەرىگەندەك بەلگۈ بېرىۋېدى، ھايال قىلمايلا ئەينەن جاۋاپ قايتۇرۇلدى.

ـ يۈر، ئۇكا "پۇخرالار" جۇغجەم ئوخشايدۇ ـ دېدىدە، سول قولۇمنى تۇتقان پېتى مېنى چاتقال ئارىلىتىپ باشلاپ ماڭدى.

گەۋدىلىك قاۋۇلىنىڭ چاقىقانلىغىغا ھەيران قالدىم. كۈندۈز كۈنىمۇ تەسلىكتە يول تېپىپ ماڭىدىغان بۇ چىغىتماق سوقماق يولدا كېچىسى تەمتىلمەي كېتىۋاتقان قاۋۇلغا بۇ ئەتراپ بەش قولدەك ئېنىق ئىكەندە! بىز بۇ زىرىقلىقتىن چىقىشىمىزغا شۇنداق بىر مۇڭلۇق سادا ئاڭلاندىكى، ئورنۇمدا توختاپ قالغىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن.

دۇتا چالىمەن ئۆزەم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
ئۆز يۇرتۇمدا مۇساپىرمەن،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسراسىغا بىر نەچچە ئاۋاز قوشۇلغاچقىمىكىن، دەسلەپكى نەپسىلىكنى بۇزغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن يۈرەكلەرنى يېرىپ چىققان ھەسرەت ـ پۇغان تەسىرىدە ھاۋا گۈمبىزى جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى.

ـ بۇ غەزەلنىڭ باشلامچىسى ـ شەرىخان، ـ دېدى مېنىڭ تەسىرلەنگەنلىگىمنى سەزگەن قاۋۇل، ـ بۇ قىزنىڭ لېۋەن ۋە دىلكەشلىگىنى دېمەمسەن...

بىز چوققا ئايلانغان گۈلخاننى چۆرەدىشىپ ئولتىرىشقانلارنىڭ قېشىغا بېرىشىمىزغا ناخشا توختىدى. پاكاغىنا بىرسى ئورنىدىن دەس تۇرغان پېتى قاۋۇلنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ سېپىتنى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، قانداقتۇ ـ بىر تەشۋىشلىك ئاۋازدا.

ـ بىللە كەتكەن سەن بىلمىسەڭ، مەن نەدىن بىلەي، ـ دېدى قاۋۇل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ۋە پاكا بوي جاۋاپ بەرگىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ، سېپىتنى يالغۇز تاشلاپ قېچىپسەندە؟!

ـ يالغۇز تاشلاپ؟! ئاغزىڭنى چايقاۋەت! قاچان مەن يولدىشىمنى تاشلىغان؟.. ـ پاكا تېرىكتى. ئۇ قاۋۇلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلماق بولدىمىكىن، قوللىرىنى شىلتىگىچە قاۋۇل ئۇنى كىچىك بالىنى

كۆتەرگەندەك، قولتۇغىغا قىسىپ، ئاۋال ئولتارغان جايىغا ئاپىرىپ قويىدى.

تېرىكمە، كالتەك. ئەگەر سېيىت قولغا چۈشىدىكەن، مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن!

ـ سەرۋاز خاپا بولمىغاي، ـ سۆزگە ئارىلاشتى چوققا قويۇلغان چىلەكتىكى ئاتىلاسىمان تائامنى قوچىۋاتقان قىرما ساقاللىق بىرسى.

ـ سېيىت "لاچىن" دەپ بېكار نام ئالمىغان، ئۇ ئاسان قولغا چۈشمەس.

ـ سەرۋاز ئولتار، ـ دەپ ئورۇن بوشاتتى يەنە بىرسى.

ـ مېهمان ئۆرە تۇرۇپ قالمىسۇن، مەرھەمەت! ـ دېدى راۋاپ تۇتقان قىز ۋە يېنىدىن ماڭا ئورۇن كۆرسەتتى.

ـ بىز، ـ دېدى غەمكىن قىياپەتتە قاۋۇل، ـ بىر ـ بىرىمىزگە ئەزىز ۋە قەدىرلىك. ھەر قانداق شارىئىتتا بىللە بولۇشىمىز شەرت!

ـ شېكەر لەۋلىرىدىن، سەرۋازىمىز، شۇ دېگەنلىرىگە راۋاپنى بىر سايرىتاي، ـ دېدىدە، راۋاپنى چېلىشقا باشلىدى شەرىخان:

سۆزلىسەڭ يامان دەيدۇ،
ماختىغىن هامان دەيدۇ،
چوڭ ـ كىچىك يالاڭغىداق،
نان ئەمەس، گۆلەك يەيدۇ...

شەرىخاننىڭ راۋاپ ساداسىغا تەڭكەش ئىنتايىن يېقىملىق، يۈرەك قېتىدىكى ھىس ـ تۇيغۇلارنى قوزغاش كۈچىگە ئىگە مۇڭلۇق ئاۋازى كېچە سۈكۈناتىنى بۇزۇپ، يۇلتۇزلۇق ھاۋا گۈمبىزىدە ياڭراشقا باشلىدى.

ئاھ، نەقەدەر نەفىس ۋە تەۋرەتكۈچ كۈچكە ئىگە نەپەس ...يۈرەك دېغىنى قوزغايدىغان ناخشىنىڭ مۇڭ ـ زارىغا غەرىق بولۇپ كەتسەم، ئەتىمالىم، ئۆزەمنىڭ ئەلەم ـ ھەسرەتلىرىمنى ئۇنتىغان ھالدا بۇلماقتەك ئاپپاق شەرىخاننىڭ قايغۇسىغا پېتىپ، موشۇنداق تۇغما قابىلىيەتلىك، ئىنسان بالىسىغا روھىي ۋە ئىلھام بېغىشلىغۇچى

دىلرابا قىزغا كۆيۈندۈم، ئېچىندىم، شەرىخان ۋە شەرىخان مىسالى مىڭلىغان قىز ـ جۇگان ھەمشىرىلەرنى ختاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قولىدا ئاياق ئاستى بولىۋاتقانلىغىغا باش ـ پانا بولالمىغانلىغىمىز ئۈچۈن ئۇيالدىم. خۇشنەپەس قىزنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى نومۇس ھېساپلىدىم ۋە نومۇستىن كېچىپ ئۆزەمنى ئاستا چەتكە ئالدىم.

يەنە بىر نەچچە كۈن سۇقىنىپ ـ مۆكۈنۈپ يۈردۈم. مەندەك بىر لاگېردىن قاچقان "تامغىلىق"ئادەمگە كىممۇ باش ـ پانا بولالىسۇن؟ كىممۇ مېنى خىزمەتكە ئېلىپ، قولتۇغىغا قىسالىسۇن؟ ئاخىرى بىر كۈنى قاچقان جايىمغا ـ جازا لاگېرىغا قايتىپ كېتىشنى جەزم قىلىپ، مېڭىشىمغا قاۋۇل يولۇقۇپ قالدىدە، ئۇنىمغىنىمغا قويماي، ئۇرۇمچىنىڭ غەربىدىكى خۇشەنزى تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

ـ بۇ مېنىڭ قىشلىق "ئوردام" ـ دېدى، مېنى غار ئىچىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرگەن قاۋۇل، ـ ئولتار، مېھمان قىلىمەن، بۈگۈن تاپاۋىتىم جايىدا.

قاۋۇل مومشامنى يېقىپ، چىراقپايىسىمان تاشقا ئورناتتى. قولتۇغىغا قىسىۋالغان تۈگۈنچەكنى يېشىپ، جوزا ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە ئىككى يىڭچە پىشقان گۆش، بەش گىردە نان، بىر شىشە جۇن ـ ھاراقنى قويدى ۋە قوللىرىنى ئۇگىلاشتۇرۇپ:

" ـ يەك نەپەس ھۆزۈر ـ دۆلىتى سۇلايمىنى" دېگەندەك، بىر دەقىقە بولسىمۇ غەمنى سىلكىۋېتىپ، كۆڭۈل ئاچايلى. كەل، ئۇكا، بارىغا دەتتىكام!

ئاچ ـ زېرىن ئادەم نان، گۆشنىڭ ئالدىدا تاقەت قىلىپ تۇرالامدۇ؟ مەن گۆشنىڭ مايلىق يېرىدىن بىر پارچىنى ئاغزىمغا سېلىپ، چاينىمايلا يۇتۇۋەتتىم.

ـ توختا ئۇكام! ھەممىنى بىر ئۆزەڭ يېساڭمۇ يېگىن، لېكىن پۈتۈن يۇتما.

ـ كەچۈر، قاۋۇل ئاكا، نەپسىمنى باسالمىدىم...

ـ مونۇڭدىن بىرنى پەلەمما قىلىۋالساڭ، تېخىمۇ ئىشتىھا بىلەن يەيسەن، ـ دېدىدە، ئالدىمغا لىپمۇ ـ لىپ بىر پىيالە ھاراقنى قويدى قاۋۇل.

ـ مەن بۇ نەرسىنى زادىلا ئىچىپ كۆرمەپتىكەنمەن...

ـ كىمنى ھاراقكەش دېۋىدىڭ؟ ـ رەنجىگەندەك ماڭا تىكىلدى قاۋۇل، ـ ھاراق ئەمەس، دەرت ئىچىمىز جۇمۇ. دېدىمغۇ بىر دەقىقە بولسىمۇ غەمدىن خالى بولايلى!..

قاۋۇل پىيالىدىكى ھاراقنى دەم ئالماي ئىچىۋەتتى.

مەن قىينالسامۇ قاۋۇلنىڭ رايىچە بولدۇم، ھاراقنى ئىچىۋەتتىم. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەدەھنى زورلىمىسىمۇ، ئۆزەم تەلەپ قىلىپ ئىچتىم...

ـ مەن سېنى جەللىگۇرلۇككە سايى قىلمايمەن، ـ دېدى خېلە قىزىۋالغاندىن كېيىن قاۋۇل ساپال، ـ ئۆزەممۇ، بۇ پەسكەشلىكتىن جاق تويدۇم. ھەر قېتىم بىر كىشىنىڭ يانچۇغىغا قول سېلىپ پۇلنى ئالغىنىمدا، ئۇنىڭ يۈرىگىنى سۇغىرىپ ئالغاندەك ھىس قىلىمەن...

قاۋۇل ساپال سۆزلەيدېكەن، ئەندىككەندەك، ئۆپكىدىگەندەك، ئۇنىڭ ئۈنى تىترەك ئارىلاش چىقاتتى.

مەن ئۈن قاتمىدىم. لېكىن ئىچىمدە قاۋۇلغا ھەمنەپەسلىك ئىزھار قىلدىم. دەرۋەقە، ـ دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزەمگە، ـ تاشنى تالقان قىلارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە مونۇ ساغلام يىگىت جىسمانىي ئەمگەكتىن قاچارمىكىن؟ ھايات كەچۈرگىدەك قىلچە ئىمكانىيەت، باش تىققىدەك پانا بولسا موشۇ ھالەتكە قالارمىدى: ئۇ شۇ تاپتا قىلىۋاتقان "ئىشىدىن"، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ نەپرەتلىنىدۇ، ئىنسان بالىسى ئۆزىدىن ـ ئۆزى نەپرەتلىنىش دەرىجىسىگە يېتىشتىن ئېغىر پاجىئە بولارمۇ؟

ـ بېشىڭغا سايە بولغىدەك جاي، قوساق تويغىدەك ئوقەت تاپالىساڭ ئۇكا، بىزگە يېقىن يولىما! ـ خىتاپ قىلدى مېنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىمنى سەزگەندەك قاۋۇل.

ـ يوغۇسى، مەن سىلەردىن ھەرگىز نەپرەتلەنگىنىم يوق، ـ دېدىم ئالدىراش.

ـ خالىساڭ، ـ دېدى خېلىغا سوزۇلغان سۈكۈناتتىن كېيىن قاۋۇل، ـ خوشنا ئەللەرنىڭ بىرىگە ئۆتۈپ كېتەيلى...

ـ ياق، ياق! نېمە بولسام، ئۆز ئېلىمدا بولاي!..

ـ بىقىنىڭغا نەشتەر سانجىغاندەك تولىدىڭا، ئۇكا! ـ دەپ كۆلۈۋەتتى قاۋۇل ۋە ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ، ـ بۇ جەھەتتىن ئىككىمىزنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئىكەن. مېنى بىللە كېتىشكە دەۋەت قىلغانلارغا: "يات ئەلدە سۇلتان بولغىچە، ئۆز ئېلىڭدا ئۇلتان بول" دېگەن دانا تەمسىل بىلەن جاۋاپ بەرگەنمەن. ئۇكا، "ئۇلتان" بولساقمۇ، ئۆز ئېلىمىزنى دەسسەپ تۇرغىنىمىز ئەلا جۇمۇ!

شۇ كېچىسى غىمسا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە قاۋۇل ئىككىمىز مۇڭداشتۇق، سىرداشتۇق. غۇلجا ۋىلايىتى، نىلقا ناھىيەسىنىڭ ئەدلىيە بۆلۈم باشلىقى قاۋۇل "مىللەتچى" قالپىقىنى كىيىپ "ئۇچ كەپتەر" دېگەن جايدا رودا قازغان يېرىدىن زۇلۇمغا چىدىماي قېچىپ كەتكەن.

ـ مەن ساڭا ئېيتتىم، ئۇكا، دەرتسىز ئادەم يوق. قېنى دەرتنى تارتىپ تۇرايلى، ئاخىرى بىر يەردىن چىقار، ـ دېدى ئەسنەك ئارىلاش قاۋۇل، ـ تاڭمۇ ئېتىپ قالدى، كۆز ئىلىۋالايلى.

ـ بىر يەردىن چىقار ـ ...غۇدۇڭشىدىم مەن ۋە زۇلۇمغا قارشى ئوچۇق نارازىلىق كۆرسەتمەي، ھەرىكەتسىز ياتقىنىمىزغا زەردەگۈش بولسامۇ، لېكىن نېمە قىلىشنى، نېمىدىن باشلاش زۆرۈرىيىتىنى ئوچۇق ئاڭقىرالماي بۇرۇقتۇم بولاتتىم...

ئەتىگەنلىكى قاۋۇل ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۆڭكۈرنىڭ بىر بۇلىڭىدىن بىر بولاقنى ئېلىپ يەشتى ۋە ئونچە قاتقان گىردىنى مېنىڭ ئالدىمغا قويدى.

ـ مانا، ئۇكام، ئەگەر بىزدىن بۆلەك بولۇشنى خالىساڭ مونۇنى ئالدە، يولۇڭغا راۋان بول. ئامان بولساق، يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز. توشقان بالىسى بۆجەنگە: "غانجۇغىدا كۆرۈشەرمىز" دەپ ئېيتقاندەك، زامانىڭ موشۇنداقلا بولسا، بىزمۇ لاگېر ياكى زىنداننىڭ بىرىدە ئۇچرىشىپ قالارمىز تېخى.

ـ ياق! ـ دېدىم قاۋۇلغا جاۋاۋەن، ـ ئەندى نېمە بولساق، بىللە بولىمىز...

شۇ كۈنىلا قاۋۇل ساپال مېنى "ھۇنەر" ئۆگىتىشكە شەرىخانىغا تاپشۇردى.

— نادىرجاننىڭ، — دېدى شۇ كۈنىلا شېرىكلىرى ئالدىدا شەرىخان، — قول سۆڭەكلىرى ئەۋرىشىم ئىكەن. ھەر قانداق "پەدىگە" ئويناي كېلىدۇ. ئون بەش كۈن ئىچىدە تەييار قىلىمەن!..

ئۈچ كۈندىن كېيىن "ئەمەلىيەت" باشلاندى. مېنى بىر قاتار كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ كەلگەن شەرىخان قايتىپ ئۆڭكۈرگە كىرىۋاتقىنىمىزدا چىرپاپ ئۆتكەندەك بولدىدە، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— يانچۇغىڭىزغا قاراڭا، — دېدى. مەن ئىچ يانچۇغۇمغا قول سالسام، قاۋۇل بەرگەن ئون يۈەن ئاخچا يوق.

— راستىنلا چېۋەر ئىكەنسىز، شەرىخان.

— كاشكى موشۇ چېۋەر، ئەۋرىشىم قوللاردا نەقش ئويۇپ، گۈل چەكسەم ياكى راۋاپ ئويناپ قەلبلەرنى تەۋرەتسەم، نادىرجان، — شەرىخان بۇ ئىبارىلەرنى شۇنداق بىر غەمكىن، مەھزۇن قىياپەتتە ئېيتتىكى، مېنىڭ ئىچىم سىرىلىپ، ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم.

— گايىدا، — دېدى ئۇششاق قوللىرىنى ئەندى كۆرۈۋاتقاندەك سىلىق ئۆگلاپ تۇرۇپ شەرىخان، — ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان بۇ قوللارنى كەكە بىلەن كېسىپ، قىرقىپ تاشلىغىم كېلىدىيۇ يەنە قانداقتۇ غايىپ ئۈمىد - ئارزۇلار تەسىرىدە پەيلىمىدىن قايتىمەن!.. — شەرىخاننىڭ نەپسى قىسىلدى، ئەتىمالىم، ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى يۈلۈپ دېگىدەك ئېچىۋېتىپ، ماڭا تىكىلگەن پېتى سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئېيتىڭا، قېرىنداش، مەن سىياقى قىزلار موشۇنداق ئىپلاس ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن يارالغانمىكەن؟ بىزنى موشۇنداق پەسكەشلىككە گىرىپتار قىلغان، مەجبۇرلىغان كىم زادى؟ خىتاي ئەبلەخلىرىمۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ شورىمۇ؟ نېمىشكە شۇك تۇرىسىز، زۇۋان چىقارمايسىز؟..

مەن شەرىخاننىڭ سوئاللىرىغا چاك باسقاندەك جاۋاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدىم: راستىنى ئېيتسام، شۇ پەيتتە ئۆزەمنى شەرىخاندىن ئاجىز، چارىسىز بىچارە ھېس قىلدىم. ئۇيغۇر نامىنى كۆتىرىپ يۈرگەن مەندەك بىر ئۆلەرمەننى نەچچە كۈندىن بۇ يان شەرىخان بېقىۋاتىدىغۇ! شۇ كۈنى، شۇ پەيتتە شەرىخاننىڭ سولغان، پۇچۇلغان

ۋە ئەينى ۋاقىتتا گۈزەللىك ئەكس ئەتكەن قىياپىتىدىن ئەيمىنىپ، ھايات مەئىشىيتىنىڭ كۆركى ـ گۈزەللىگى بولغان كۈللى ئايال ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىككە پاتتىم. "ئەگەردە، ـ دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزەمگە، ـ بىز، موشۇ زاماننىڭ ئەرلىرى، ئەجداتلىرىمىز كەبى جاسارەت ـ شىجائەت ئېگىلىرى بولساق ئىدۇق، ئانا ماكان ۋە ئايال ـ ئانىلار دۈشمەنلەرنىڭ ئاياق ئاستىدا پايمال بولماس ئىدى ."...مەن بۇ كەچۈرمىلەرنى شەرىخاندىن يوشۇرۇپ، ئۆزەمگىلا خىتاپ قىلدىم، خالاس!

ئىككى كۈندىن كېيىن شەرىخان ئىككىمىز "سەيلىگە" چىقتۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ، مېنىڭمۇ "ماھىرلىغىم" كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، باي خىتايلارنىڭ يانچۇغىغا چۈشۈپ، كۈنىمىزنى كۆرۈشكە باشلىدۇق...

ـ مانا، ـ دېدى نادىرجاننىڭ سەرگۈزەشتىسىنى يەنە قەيت قىلماقچىدەك ئىبراھىم بىردىن ماڭا بۇرۇلۇپ، پەلەكنىڭ گەردىشىدىن ئاق نىيەت، پاك ۋىجدان بىر ئىنسان ئوغرى ـ جەللىگۈرگە ئايلىنىپتۇ. ئاھ، قايسى بىرسىنى ئېيتاي...

ـ ماۋئىزم ۋە ماۋچىلار كاللا كېسەرلەر ئادەملەرنى سەزگۈسىز مەخلۇقاتقا ئايلاندۇرماق ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلماقتىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان پەزىلىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە ۋىجدان پاكلىغىنى بۇلغىماقتا. گۈلباھار، نادىر، قاۋۇل، شەرىخان ۋە شۇ كەبى مىڭلىغان ياشلار ئەينە شۇنداق رەزىل سىيىقەستلەرنىڭ قۇربانلىرىدۇر. بۇ تېرىقە ۋەھشىلىك پەقەت خىتاي ئەمەلدارلىغىغا، ماۋچىلارغا خاس خۇسۇسىيەت، ئەلۋەتتە! ـ دېدىم مەن سۆھبەتدىشىم ئىبراھىمنىڭ نادىر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى قۇۋۋەتلەپ ۋە نادىرنىڭ كېيىنكى ھاياتىنى ئېيتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدىم.

ـ خوپ، ـ دېدى ئىبراھىم ۋە پىكرىنى جەملىگەندەك بىر دەقىقە خىيال سۈرۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، ـ نادىر كۆپ ئۆتمەي قايتىلاپ "تورغا" چۈشىدۇ، ئۇ شۇ ئارىلىقتا بېشىدىن كەچكەن ھادىسىلەرنى جەملەپ، مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن:

ـ مېنىڭ جەللىگۈرلىگىم ئۈزۈنغا سوزۇلمىدىيۇ، لېكىن يانچۇغۇم ئاخچىغا خېلىلا تومپۇيۇپ قالدى. بۇ ئارىلىقتا قاۋۇل باشلىق ئىككى يېگىتىمىز قولغا چۈشۈپ، ئىزسىز يوقاپ كېتىشتى.

ئۈرۈمچىدە مەن سىياقى سەرگەردانلارنىلا ئەمەس، ئىش ئىزدەپ كېلىپ قالغان ۋە يەنە ئۈرۈمچىدىكى ئىدارە ـ جەمىيەتلەردىن شالىنىپ قوغلاندى بولغان "گۇمانلىق" ئۇنسۇرلارنى يىغىشتۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى.

بۇ خىل "جەمىيەت سۈپۈرەندىلىرىنى" كۆرگەن يەردىلا تۇتۇپ ـ قاماپ، ئۈستى يېپىق ماشىنىلارغا "قاچىلاپ"، تەكلىماكان ئەتراپىدىكى ئەمگەك لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىش باشلاندى. خەتەر كۈچەيدى. شېرىكلەر سېپىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە شالاڭلىششقا باشلىدى.

ـ نېمە قىلىش كېرەك، شەرىخان؟ تەكلىماكان چۆلىدە قاق بولىمىزمۇ ياكى باشقا ئوقەت قىلىمىزمۇ؟ ـ دېدىم شەرىخان ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا. راستلىغىنى ئېيتسام، شەرىخانغا شۇنداق ئىجىللىشىپ كەتتىمكى، شۇ ھالەتتە ئۆزەمدىن كۆرە راۋاپچى قىزنىڭ غېمىنى تولىراق يەيتتىم.

ـ چۆلنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، خەلق ئارىسىدا بولغىنىمىز ئەلا!

ـ بۇ دۇرۇس شەرىخان، ئاخىرقى نەپەسكىچە ئېلىشىپ كۆرەيلى.

ـ سوغۇرۇلۇپ ـ سوغۇرۇلۇپ تۆتەيلەن قاپتىمىز. ئەندى ئۈرۈمچىدە بىر كۈنمۇ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئورۇن يۆتكەش كېرەك، ـ دېدى شەرىخان. ئۇنىڭ ئەپتىگە قارىغاندا جەزمىسى كۈچلۈك ئىدى.

ـ قەيەرگە سوقۇنساق بولار؟

ـ قۇمۇلغا! ـ ئويلىمايلا جاۋاپ بەردى شەرىخان.

ـ قۇمۇلنى دەڭا...

ـ ھە ـ ئە! زىندان، لاگېردىن قاچقان بىر تۈركۈم ياشلار قۇمۇل تېغىغا يوشۇرۇنغانلىغى مەلۇم. قانداق قىلىپ بولمىسۇن شۇلارغا قوشۇلۇۋېلىش كېرەك.

ماۋچىلارنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىگە قارشى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئۇچقۇن چاچىرىغاندەك كىچىك ـ كىچىك نارازىلىق ـ قارشىلىقلار پاللىدە يېنىپ ئۆچۈپ قالغىنى بولمىسا، چوڭ كۆلەملىك ۋە تەشكىللىك

قوزغىلاڭ تېخى روي بەرمىگەن. بىز تەغدىرىدىن رەنجىگەن بىر تۈركۈم ياشلار خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە، مەۋجۇت مەمۇرىي تۈزۈمگە قارىتا غەزەپ ـ نەپرىتىمىز كۈچلۈك بولغىنى بىلەن يەلكىمىزگە مىنىۋالغان ھۆكۈمدارلارنى قانداق قىلىپ ئۆرگىتىپ تاشلاشنى ئۆيۈشۈپ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى بىلەلمەي باش قاتۇراتتۇق. بىزدەكلەرنى ئۆيۈشتۈرىدىغان، باشلاپ ماڭىدىغان تەدبىرچان رەھبەرلەرنىڭ بار ـ يوقلىقىدىنمۇ ھازىرغا بېخەۋەر ئىدۇق.

ـ بىر تۈركۈم ياشلار قۇمۇل تېغىغا يوشۇرۇنغان دېدىڭىزما؟ كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ ـ ئېنىقلىماقچى بولدۇم.

ـ مۇنداق مىش ـ مىش قاۋۇل "تورغا" چۈشمەستە باشلانغان. بىز ئانچە ئىشەنمىگەچكە كۆڭۈلمۇ بۆلمىگەن...

ـ كونا گەپ ئېكەندە!

ـ سەۋىر قىلىڭ، گېپىمنى بۆلمەڭ، ـ دېدى رەنجىگەن شەرىخان،

ـ تۈنۈگۈن ئايىسخان ئايالمدىن ئېنىغىنى ئۇقتۇم.

ئۈرۈمچىنىڭ "خوتەنگەي" كوچىسىدا ئايىسخان ئايالمنىڭ ئىككى ئېغىزلىق كىچىككىنە ئۆيى بولىدىغان. ھېچ كىم كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ قېرى ئايالنىڭ ئۆيى بەزىدە قاچقان ـ مۆككەنلەرگە بىر ـ ئىككى كۈنلۈك پانا بولۇپ كەلگەنلىگىنى بىلەتتىم. ئايىسخان ئايالم شەرىخاننىڭ يېقىن تونۇشى، شەرىخان ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدۇ. بىز ئۆز ئارا بۇ ئۆيىنى "ياۋدەن" ("ئۆتەڭ") دەپ ئاتىشاتتۇق. ئايىسخان ئايالم بولسا، كەلگەن ـ كەتكەنلەردىن بەزى خەۋەر ئەھۋاللارنى ئېلىپ تۇرىدىغان. شۇڭلاشقا شەرىخاننىڭ سۆزىگە چىنپۈتتۇم.

ـ ئايىسخان ئايالم دېگەن بولسا، راست خەۋەر. ئەندى تەخىر قىلماي يولغا چىقىشىمىز كېرەك، ـ دېدىم قانداقتۇ تاقەتسىزلىك ۋە خوشاللىق ئېچىدە، ـ ھاياتىمىزنىڭ بىر كۈننى بولسىمۇ، ياخشى ئىشقا بېغىشلايلى، قەدرىلىك سىڭلىم!

ـ زوردۇن بىلەن ئاۋۇتلارنى بىللە كېتىشكە سايە قىلىشىمىز كېرەك.

ـ ئەلۋەتتە، قانچە كۆپ بولساق، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ؟

شۇ كۈنى كېچىسى كەسپداش شېرىكلەردىن "تورغا" چۈشمەي ئامان قالغانلار: شەرىخان، زوردۇن، ئاۋدۇن تۆتىمىز مۇسۇلمانلار گۆرستانلىقىدىكى "خىلۋەت" ماكانىمىزغا يىغىلدۇق. كۈندۈزىمۇ ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدىغان كونا كەبىر - پۈچۈق گۈمبەزنىڭ ئىچىدە پىلدىرلاپ يانغان شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا چۆرەدەپ ئولتىرىشىپ، مەسلىھەتنى پىشىرىۋالدۇق. قۇمۇل تېغىدىكى زۇلۇم - ھاقارەتكە قارشى باش كۆتەرگەنلەر سېپىغا قوشۇلۇشقا قەسەم ياد قىلىشتۇق. ھاياتىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكىم باشقىلارغىمۇ كېرەك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ، قۇمۇلغا چاپسانىراق يېتىشكە ئىنتىلدۇق.

- مەنچە بولغاندا، - دېدى شىمايلانغان زوردۇن، - ھازىرلا يولغا چىقىشىمىز كېرەك، قورقىدىغان نېمىسى بار؟

- ھازىر تەپتىش - تەكشۈرۈش ئىنتايىن كۈچلۈك، يولخەتسىز قانداق ماڭىمىز؟ - دېۋىدى، ئارىمىزدا يېشى چوڭىراق ئاۋۇت ئۇستا، مەن جاۋاپ بەرگىچە:

- پۇل بولسا، يولخەت تېپىلىدىغۇ، - ئىشەشلىك جاۋاپ بەردى.

- راست دەۋاتامسىز؟..

- قاچان مەتەم تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلغىنىم بار؟ - رەنجىپ جاۋاپ بەردى شەرىخان. - ھازىرقى زاماندا ھەممىنى پۇلغا سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. قېنى، ھەر قايسىڭلار ئەللىك يۈۋەندىن بېرىڭلار، - دېدى ئىشەشلىك ھالدا شەرىخان.

- مانىنكام، ئاپپاق سىڭلىم! - دەپ ئەللىك يۈەننى ساناپ بەردى ئاۋۇت. بىزمۇ ئاۋۇتقا ئەگەشتۇق.

بىز چوڭ سەپەر - بەخت - سائادەت سەپەرگە ماڭغاندەك، خوشھال - خورام يول تەييارلىقىنى قىلدۇق. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئىككىگە - شەرىخان بىلەن مەن، زوردۇن بىلەن ئاۋۇت بۆلۈنۈپ ماڭماقچى بولدۇق...

* * *

ئاخشامدىنلا سىم ـ سىم يېغىشقا باشلىغان يامغۇر ئەتىگەنلىكى ئۇۋاق قارغا ئايلاندى. شەرىخان ئىككىمىز كىچىچە پېتىقنى كېچىپ يول ماڭدۇق. بەزىدە ئارتۇقچە ئېھتىياتنىڭ زىيىنى كۆپ بولىدىكەن. بىز "ئىز ئۆچىرىش" مەقسىتىدە ئۇرۇمچىدە پويىزغا ئولتارماي ئون سەككىز كىلومېتر نېرىدىكى سەيپو ئىستانسىسىغىچە پىيادە ماڭماقچى بولدۇق. مانا، ھېمىشەم تىنىم تاپمايدىغان سەيپۇنىڭ سوغاق شامىلى قار ئارىلاش ئۇششاق تاشلار بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى ساۋىماقتا. كاشكى، كىيىملىرىمىز پۈتۈن بولسىچۇ ...ھودىكامدەك ئۇ يەر، بۇ يېرى بۆسۈلگەن ياماق چاپاندىن ئۆتكەن سوغ شامالدا بەدەن توڭۇپ، ياغاچتەك قېتىشقا باشلىدى. شامال قارشىسىغا ماڭغاچقا، نە كۆزلەرنى ئاچقىنى بولغاي.

شەرىخاننىڭ تۇمشۇغىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى بەكمۇ ئاۋارە قىلدى. پات ـ پاتلا توختاپ ئەسكى لاتىلار بىلەن تۇمشۇغىنى چۇڭكەپ مىڭىشىنى داۋاملاشتۇراتتى. شۇندىمۇ غەيرەتلىك قىز راۋاۋىنى باغرىغا مەككەم بېسىپ، مېنىڭ ئالدىمدا ماڭدۇ. خېلە يىراقتىنلا پويىز ئىستانسىسىدە مىغىلدىغان ئادەملەرنى كۆرۈپ توختىدۇق. ئادەملەرنىڭ كۆپلىگى شۇنچىلىك ئېدىكى، قۇرۇتتەك مىغىلدىشاتتى.

ـ بۇ شۇنچە قاياقتىن پەيدا بولغان ئادەملەركىنە!

ـ قارا نوپۇسلار، ـ دېدى شەرىخان.

دەرۋەقە، شەرىخان ئېيتقاندەك، قارا نوپۇسلار ئۆلكىمىزنى قاپلاپ كەتكەن ئېكەن. ئىچكى خىتايدىن شەرقىي تۈركستانغا قىيان سۈيىدەك ئېقىپ كىرگەن بۇ خىتاي ئەھلىنى يەرلىك خەلقلەر "قارا نوپۇسلار" دەپ ئاتايدىغان. يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ بۇ بىچارە قارا نوپۇسلارنى پويىزغا كېسەك قاچىلىغاندەك، "شىنجاڭ خاۋ دىفاڭغا"ئەكىلىپ تۆكۈشەتتى. قارا نوپۇسلار بولسا، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆي ـ ئاراملىرىغا تەك ـ ئورتاق بولۇشاتتى. كۆزگە كۆرۈنگەننىڭ بارلىغىنى يەپ، باشقا ياققا راۋان بولاتتى ياكى جايلىشىپ قېلىشاتتى...

پويىپزنىڭ كېلىشىگە بىر سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت بولغاچقا، قوساق تويغۇزۇپ، ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن ئاشپۇزۇلغا كىردۇق. ئاشپۇزۇلنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇق قاخشال بولۇپ قالغان بالىلىرىنى يېتىلىگەن، بەزىلىرى غوجۇن ـ خالتىلىرىغا سېلىۋالغان ۋە ھاسا تاياقلىرىنى تايىنىپ ئاران ـ ئاران چامدايدىغان قارا نوپۇسلارنىڭ بىر تۈركۈمى چۈۋۈلدىشىپ يۈرۈشىدۇ. بۇلار يەر قاتلىمىدىن يېڭىلا قېزىۋېلىنغان مۇردا سۆيەكلىرىدىنمۇ قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇلار روھچىۋىنلاردەك تىمىسقىلاپ، ئوزۇق ئىزدىشىدۇ. ئۈتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئالدىنى توراپ، تىلەمچىلىك قىلىشىدۇ. سەل ماغدىرى بارىراقلىرى بولسا، ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچىگە ئۆسسۈپ كىرىشىپ، غىزا يەۋاتقانلارنىڭ چىنە ـ تەخسىلىرىگە قوللىرىنى سېلىشىپ "ئورتاقلىشىدۇ" ياكى ئالدىغا تارتىۋېلىپ يەۋېرىدۇ. بۇ بەندىلەر سېنى تىرىكلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىياپەتتە ئىدىكى، ئۇلارنى كۆرسەڭ ھەم يىرگىنىسەن، ھەم ئىچىڭ سىرىلىپ، قەلبىڭ ئازاپلىنىدۇ...

"كەڭ دىيار، توق يۇرت" دەپ ئۆز يەرلىرىدىن كۆچىرىلىپ ئەكىلىنگەن بۇ قارا نوپۇسلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك تېپىپ بىرەلمىگەچكە، ماۋچىلار باشقۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا، ئۆزلىرىنى مەجبۇرەن كۆچەرگەن باشلىقلارغىمۇ ئۇلار مىڭلارچە لەنەتلەر ئوقاتتى. لېكىن قاراپ تۇرۇپ ئۆلمەس ئۈچۈن قولدىن كەلگەن ئامالالرنى قىلىپ كۆرەتتى، جان تارتىشاتتى...

شەرىخان ئىككىمىزنىڭ بۇيرۇتقان تامىقى كەلگىچە ئەتراپقا سەپ سېلىپ ئولتاردىم. ئالدىمىزدىكى جوزىدا ئولتارغان تۆت كىشىنىڭ تامىقى كېلىۋېدى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھېلىقى تىلەمچىلەردىن ئۈچى كەلگەن پېتى ئەندىلا قويۇلغان ئاشقا قول سېلىشتى ۋە تەخسىدىكى ئاشلارنى ئېلىپ قېچىش ئورنىغا، كىر قوللىرىنى ئاشقا چىلاپ، گىرتەيگەن نۇرسىز كۆزلىرىنى پاقىراتقانلىرىچە تۈرۈشتى.

ـ خەپ، ئاشنى بۇلغاشتىدە!.. ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى ئاش بۇيرۇتقانلارنىڭ بىرى.

ئاش ئېگىلىرى چىقىپ كېتىشكە جوزا ئۈستىدىكى تۆت تەخسە ئاشقا باشقا تىلەمچىلەرمۇ قول سېلىشتى، تالاش ـ تارتىش باشلاندى.

بىز ئاش يېدۇقمۇ، ئاش بىزنى يېدىمۇ، ھەر ھالدا ئىنتايىن ئېغىر تەسىراتقا پاتقان ھالدا ئاشپۇزۇلدىن چىقتۇق. ئەشۇ ئىنسان پەزىلىتىدىن ئايرىلغان، كۆرگەنلا يەرنى تىمىسقىلاپ يۈرگەن "قارا نوپۇسلاردا" نېمە گۇنا بار؟.. ئۇلارنى شۇ ھالەتكە، شۇ يىرگىنىچلىك قىياپەتكە سالغان، ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئاچ ـ زېرەنلىكتە قىيناۋاتقان كىم؟.. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئىسسىق ئورنى، مەئىشەتلىرى بار بولغېدى؟.. ياكى تۇغۇلغاندا موشۇ ئەپتى بىلەن تۇغۇلغانمۇ، بىچارە خەلق...

پويىزنىڭ گۈدوگى ئىككىمىزنىڭ ھەسرەتلىك كەچۈرمىلىرىمىزنى يۈزۈۋەتتى. بىز نەسىللىك ئات ۋە كالىلارنى باسقان ۋاگونلارنىڭ بىرىگە جايلىشىۋالدۇق. بۇ ئۈرۈمچىدىن شەرىققە، ئىچكىرى خىتايغا يول تۇتقان پويىز. ئەندى شەرىقتىن ـ ئىچكى خىتايدىن چىققان پويىز كېلىپ توختىۋېدى، ئىچىدىن ساپ خىتاي ئەھلى يامرىشىپ چىقىشتى.

ـ ئاھ ـ ھاي ...كۆردىڭىزمۇ، شەرىخان، كېلىشتە ئادەم قاچىلاپ كېلىدۇدە، كېتىشتە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى توشۇپ كېتىشىدۇ. ماڭا، بۇنىڭدىن ئارتۇق شەرمەندە مۇستەملىكىچى جاھاننىڭ قايسى قىتئەسىدە باركىن؟!

پويىز بۇقىسى "شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى پۈتۈنلا يۈتتۈۋېتىمەن!" دېگەندەك، دەھشەتلىك ھۆكۈرەپ ئورنىدىن ئېغىر قوزغالدى ۋە پۇشۇلداپ، بۇس پۇرقۇپ، ئالغا سىلجىدى. نېمە ئۈچۈندۇ شەرىخان ئىككىمىزنىڭلا كەيپىياتىمىز خىرەلىشىپ، جىمىپ قېلىشتۇق. كېچىچە ياققان قار ئارىلاش يامغۇر، سوغ شامال ۋە يول ئازاۋى لەخمە قىلىۋەتتىمۇ ياكى روھىي ئازاپمۇ، ھەر ھالدا، ئىككىمىزدە سەپەر ئالدىدىكى ھاياجان، قىزغىن كەيپىيات يوق، قانداقتۇ چۈشىنىكسىز تەشۋىش، چىرماش خىياللار ئىلكىدە، پويىز چاقىنىڭ بىر خىل "تاق ـ تۇق، تاق ـ تۇقىغا" تەڭكەش لىڭشىپ كېتىۋاتىمىز.

تۇرپانغىمۇ يېقىنلاشتۇق، لېكىن شەرىخان ئۈن قاتار ئەمەس. ھېمىشەم قۇۋناق، خۇش پېيىل قىزغا نېمە بولغاندۇر ...قىزنىڭ تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدىغان يۈزى بىر كۈندىلا سولىشىپ، سارغىيىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى كۆزۈمگە. دايىملىق يولدىشى قەشقەرر راۋاۋىنى قېچىپ كېتىدىغاندەك باغرىغا مەككەم بېسىۋالغان شەرىخان نېمىنى ئويلاپ، نېمىنى ئارمان قىلىدېكىن؟..

ـ ئەينە تۇرپاننىڭ دەرەخلىرى كۆرۈندى، قاراشا، شەرىخان!

ـ تۇر ـ پان؟! ـ سەسكىنىپ كەتتى قىز ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سوغدا ھوداشقان رويەكتىن تۇرپان تەرەپكە قارىدىيۇ، شۇ ئان قايتىپ ئورنىغا ئولتاردىدە، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، راۋاۋىنى قولىغا ئالدى. ئانا جەھەتتىن تۇرپانلىق قىزنىڭ راۋاۋى تۇرپان پەدىسىگە چېلىندى:

قاتار ـ قاتار تىزىلغانلار ـ
كارىز دەرىقى، كارىز دەرىقى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن
يولنىڭ يىراقى، يولنىڭ يىراقى.

شۇ دەم ماڭا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ ياكى شەرىخان راۋاۋىنى ئەمەس، يۈرەك تارىنى چالدىمۇ، مۇڭلۇق ناخشا تەسىرىدە بار ـ يوقىمنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ۋە ھەتتا پويىزنىڭ سىلكىنىپ توختىغىنىنى سەزمەي قاپتىمەن...

ـ توختاپ قالدىغۇ، ئۇكام نادىر؟ ئاخىرى نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدىم تاقەتسىزلىك بىلەن.

ـ ئايىغىنى ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ، تاقىتىمما يەتمەيدۇ، ئىبراھىم ئاكا!..

مەن نادىرجاننىڭ رايىچە بولدۇم. دەم ئېلىش ۋاقتى تۈگەپ، ئىشقا چۈشتۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە شۇنداق ئىككىمىز بىللە كۆكتاتلىقنى سۇغارغان چېغىمىزدىلا، سەرگۈزەشتىسىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بەردى نادىر:

ـ تۇرپان پويىز ئىستانسىيىسىدە "توغرا" چۈشتۇق. مېنى شۇ يەردىلا پۈت ـ قولۇمنى ماتاپ ماشىنىغا باستىدە، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىشتى.

ـ شەرىخانچۇ، شەرىخان؟..

ـ چېرىكلەر ۋاگونغا بېسىپ كىرىشىگە ۋاگون دېرىزىسىدىن ئۆزىنى سىرتقا ئاتقان شەرىخانىنىڭ مىغىلدىغان "قارا نوپۇسلار" ئارىسىغا كىرىپ كەتكىنىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدىم.

ـ ئۇنداقتا، شەرىخان ئامان قاپتۇدە!

ـ بىلمىدىم قېرىنداش، بىلمىدىم. ئاز ئۆتمەي ئىككى ـ ئۈچ پاي ئوق ئېتىلغاندەك قىلغان...

نادىر ئارتۇق سۆز قاتمىدى. پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىمىز بىر ـ بىرىمىزدىن قېلىشمايدىغان ئىككى دەرتمەن غەمگۇسىغا پاتقان هالدا چوڭقۇر قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىشقا باشلىدۇق...

## ئاخىرقى جان تالىشىش

مېنىڭ جازا قەرەلىم ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى. "جان هەلقىگە كەلدى" دېگەندەك، جىنىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان، پۈۋدىسە تىرىڭشىدە ئۈچۈپ كېتەرلىك ئەهۋالدا ئىدىم. پەقەت: "چىدا، ئاز قالدى چىدىغىن، هايات قېلىشىڭ كېرەك "...دېگەن ئىرادە كۈچۈم بىلەن بارچە زۇلۇم ۋە ئېغىر مېهنەتكە چىدىدىم، بەرداشلىق بەردىم، ئاياق ئۆرە يۈردۈم، ئۈمىد بىلەن ياشىدىم.

ئېغىر جازا كۈنلىرىدە بىر ـ بىرىمىزگە مەدەت بېرىشىپ، سىرداش ـ مۇڭداش يولداشلىرىمىزنىڭ تولىسى جىسمانىي ئاجىزلىق ۋە كېسەلدىن ئۆلۈپ كېتىشتى، بەزىلىرىنى باشقا ياقلارغا يۆتكەپ كېتىشتى. بىللە ئىشلەيدىغان جېگىرىم، روهىي مەدەتكارىم نادىردىنمۇ ئايرىلىپ، تېخىمۇ يېتىمسىرەپ قالدىم. نادىرنى "ۋۇچى

تۈشىك" (مۇددەتسىز ھۆكۈم قىلىنغانلار) قاتارىدا ئالتاي كانلىرىنىڭ بىرىگە يۆتكەپ كېتىشتى.

مارت ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى باشلاندى. رەزگىلىشىپ، ئاران ـ ئاران ئاياق ئۆرە تۇرارلىق چامىسى بار مەھبۇسلار ئۇچۇن سوغ ـ توڭغىلاقتا كوداك قېزىپ، ئۈچ مېتر ئېگىزلىككە، ئەللىك مېتر يىراقلىقتا سۆەت ـ باداڭدا توپا كۆتىرىپ توشۇش نەقەدەر مۇشكۈل ئازاپ ئېكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ ...شۇ ھالەتتە ئىشلەش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەش كىلومېتر يىراقلىقتىكى سۇ ئامبىرىغا قار كېچىپ بېرىپ كېلىشنىڭ ئۆزى ئېغىر ئەمگەك ئېدى.

سۇ ئامبىرى ئەمەس، ئەجەل ئامبىرى ھېساپلانغان بۇ مۇشكۈلات تۈپەيلى كۈندە دېگىدەك سەپتىن چىقىشلار كۆپىيىشكە باشلىدىكى، ئەمگەكتە زورۇققان، ئۆپكىگە سوغ تەككەن، بەدەن ئىششىپ، ئاياقلار ئۇششىگەن كېسەلنىڭ تۈرى كۆپەيگەنسىرى، ئۆلۈم كۆپەيدى. ئازاپقا چىدىماي، زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەنلەر كۆپەيدى. خىتاي مەمۇرلىرى بۇ تېرىقە پاجىئەگە پىسەنمۇ قىلماي، ئۆلۈكلەرنى مارجان تىزغاندەك دوگا قىلىپ، كېروسىن چېچىپ كۆيدۈرىۋەتتى، خالاس!..

بىر كۈنى ئەجايىپ بىر ۋاقىئە روي بەردى: بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىل ئىسىملىق تۇرپانلىق كام سۆز يىگىت بولىدىغان. بۇ يىگىت كىشىلەرگە ئارىلاشماي، ئۆزىنى چەتكە تارتىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ "جىنايىتى" ئۆزى ئوخشاش ئاددىي: پويىز ئىستانسىيىسىگە بارغىنىدا خىتاي "ئاكىلار" ئۇنىڭ ئىككى سېۋەت يۈزۈمىنى تالاپ كېتىدۇدە، بىر تىيىن بەرمەيدۇ. ئاۋال ھەيران بولغان ۋە كەينىدىن غەزەپكە كەلگەن ئادىل بۇلاڭچىلارنىڭ بىرسىنى تۇتۇۋېلىپ "ئاتاڭنىڭ بېقىپ ئۆستۈرگەن يۈزۈمى بارمېدى، بىزنىڭ يۇرتتا؟!" دەپ تەلەپ قىلىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ۋاگوندىن بەش ـ ئالتە خىتاي "ئاكىلار" چىقىپ، ئادىلنى ۋاگون ئىچىگە سۆرەپ ئەپكىرىپ كېتىشىدۇ. ئۇرۇمچىدە "قانۇن" ئورۇنلىرى: "ئاكا مىللەتنى ھۆرمەت قىلمىغان" دېگەن جىنايەت قالپىغىنى كىيدۈرۈپ، ئىككى يىل قاماق جازاسى بەرگەن. شۇ ئادىل ئۆلگەن مەھبۇسلارنى كېروسىن چېچىپ كۆيدۈرگەن كېچىلەرنىڭ

بىرىدە ئاستا يەر بېغىرلاپ ئۆمۈلەپ كوداك توۋىگە بارىدۇدە، كۆزەتتە تۇرغان چېرىكنىڭ ئاۋتوماتىنى تارتىۋېلىپ: "قىساس، قىساس!" دەپ غەزەپلىك ۋاقىرىغان پېتى ئاۋتوماتنىڭ تەپكىسىنى باسىدۇ ۋە ئىككى چېرىكنى دومۇلىتىپ، ئۆزىنى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتقان ۋەتەنداش ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئوتتا كۆيۈپ كەتتى...

مابادا جازا مۇددىتىم پۈتمەي، يەنە بىر ـ ئىككى ئاي سوزۇلغان بولسا، مېنىڭ جەسىدىمۇ ئەشۇ مىڭلىغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ قېشىدىن ئورۇن ئالغان بولار ئېدى. ئاخىرقى جان تالاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى لاگېر باشلىقىنىڭ بۆلۈمىگە چاقىرىپ كىرىشتى.

ـ بوشاندىڭ، ـ دېدى كۆز ئەينەك تاقىغان چىرايى ياچىۋەگدەك بىر ئەمەلدار.

مەن شۇ بۆلمىدىن قانداق چىققىنىمنى موشۇ كۈنگىچە تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. چۈنكى خوشاللىقتا بېشىم گاڭگىراپ قاپتۇ...

# 3 ـ قىسىم

## "زىندان بالىسى"

چەتتىن كەلگەن كەلگۈندى،
ھەممىنى بۇلاپ ئالدى.
خاراپ بولغان خەلقىمىز،
ئاشقانىنى يالاپ قالدى.

دەرۋەقە، ھەممىنى تارتقۇزۇپ قويغان خەلقىمىز ئاشقاننى يەپ، كەلگۈندىلەرنىڭ قولىغا قاراپ، قالغانلىغى راستقۇ!

1966 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۆت يىللىق جازا قەرەلىنى تۇگىتىپ، ئىككىنچى قېتىم چۆچەككە ئۆلمەي قايتىپ كەلدىم. بۇ تۆت يىل ئىچىدە چۆچەكنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىگىنى نېمىگە تەخلىت قىلسام بولىدېكىنتاك! مەن بىر يېقىن تونۇش، بالىلىرى كۆپ، ئائىلىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا يات ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ئادەمدەك، چۆچەكنىڭ بۇرۇنقى ئولتىراقلىق ئادەملىرىنىڭ ئورنىغا ساپلا خىتاي ئەھلىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. شەھەردىكى ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبەك، قازاق قېرىنداشلىرىنى يەر يۇتۇپ كەتكەنمېكىن، كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ يەر، بۇ يەردە بىرەرسى كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. خۇللەس، زىرائەت ئورنىغا كەلگۈندىلەر تېرىلدىمېكىن دېگۈك كېلىدۇ.

مەن لاگېرزىنداندىن بوشىغىنىم بىلەن چۆچەك دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىش ھوقۇقىم يوق. بىرەر ئىدارە ـ جەمىيەت، كەسپى ئىشخانا ياكى كوممۇنىغا ئىشقا ئېلىنسام مەيلىدىغۇ، مەندەك "تامغىلىق" ئۇنسۇرنى ھېچ ئورۇن يولاتماتتى. بۇ ئەھۋالدا نېمە قىلىش كېرەك؟ قايتىدىن لاگېرياكى زىندانغا "قوبۇل" قىلىشنى ئىلتىماس قىلايمۇ؟ خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئۇنىڭدىن كۆرە بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالغان يېنىگىرەك. ھايات ئۈچۈن نان كېرەكقۇ، نان! مەن بىر رودۇپاي بولدۇم. قولۇمدا نە ئاشلىق بىلېتى، نې پۇل بولسا!..

ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمدىن يالغۇز داۋۇت مېنى پاناھىغا ئالدى ـ ئۇنىڭ ئاشلىق نورمىسىغا شېرىك بولدۇم. راستىنى ئېيتسام، داۋۇتنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى ئەمەس، ئۆزەمنىڭ گۆشىنى غاجىلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇيالغىنىمدىن، خىجالەت بولغىنىمدىن، ئاغرىغان بولۇپ بىر ـ ئىككى كۈن يېمەي يېتىۋالدىم. ئەمما مېنىڭ كەيپىياتىمنى سەزگەن داۋۇت ھەر قېتىمدا مېنى جېمىلەپ، قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن: "ئۆلۈپ ـ ئۆچۈشنىڭ نېمە كېرىگى؟ خىجالەت بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بارنى تەڭ كۆرۈپ، ئۆلسەك بىللە ئۆلۈمىز "...دەيتتى ۋە ئىسسىق يېشىنى تۆككەن ھالدا بىر زاغرىنى ئىككىگە تەڭ بۆلۈپ

ئالدىمغا قوياتتى. "ئەرنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇچ" دېگەندەك، نومۇس كۈچى يامان ئېكەن. ئىنىم داۋۇتقا بىر زەمبىل يۈك بولغىنىمغا نومۇس قىلاتتىم. ئۇ نەپسىنى يىغىپ، ئاغزىدىن يۇلۇپ ماڭا بەرگەن نانىنىڭ ھەر بۇردىسىنى يۇتقاندا زەھەر يۇتقاندەك قىينىلاتتىم. مەن نومۇس قىلغانسىرى، داۋۇتنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى كۈچىيىپ، مېنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان، ئازلايدىغان بولدى. گويا ئەمگەك ـ مېھنەت ئۈچۈنلا تۇغۇلغان بۇ ئىشچان ئىنىم چالا قوساقلىقىغا قارىماي، كام دېگەندە ئىككى كىشىنىڭ ئىشىنى قىلغاچقىمىكىن، بۇ خىل تەييار، يۇۋاش، ساۋاتسىز بويتاق ئەمگەك كۈچىنى كوممۇنا باشلىقلىرى ئانچىلا چەكلىمەيدىغان. ئىتائەتمەن ئىنىمنىڭ ئەمگەك كۈچى تۈپەيلى ئۇنىڭ سايىسىدا بىر مۇددەت كۈن كۆرەلىدىم ـ ئاچتىن ئۆلمىدىم...

1966 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدىن باشلاپ گېزىتلاردا "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" دېگەن بىر نىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىشتى. جاراڭلىق ئىبارىلەر، سۈرلۈك خىتاپلار، دەھشەتلىك سىياسىي بوران ـ چاپقۇن روي بېرىشىدىن، جەمىيەت تېخىمۇ قاتتىق سىلكىنىشى، ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ دەسلەپكى شامالدا مېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە چاقىرىپ ئاپىرىپ، "رېۋىزىئونىست ـ يەرلىك مىللەتچى" سۈپىتىدە تۆت يىل سولاقتا بولدۇڭ. ئەندى يېڭى سىياسىي ھەرىكەت باشلانماقچى، سەن پۈتكۈل قىلمىشلىرىڭنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزەڭنى تەكشۈرەيسەن" دېيىشتىدە، ئالدىن ـ ئالا ھازىرلىق قىلىشسا كېرەك، شۇ يەردىلا قىمىرلاتماي تۇرۇپ "كۈرەش مەجلىسى" ئېچىپ، مېنى "كۈرەش" قىلىشتى. مەن نېمە دېيىشىم كېرەك؟ ئاچ ـ زېرىن تېنەپ ـ تەنتىرەپ يۈرگىنىمنى ئېيتايمۇ؟ لاگېر زىندانلىرىدا تارتقان ئازاپلىرىمنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟

بىقىندى غالچىلار "ئاق تۈكلەر" (بۇ چاغدا جاھان ئەھلىگە مەلۇم "زاۋفەن پەي"، "خۇڭۋېيبىن" دېگەن شۇمتەك، شۇمغەرەزلەر تېخى شەكىللەنمىگەن) چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ نوقۇشتى ـ چوقۇشتى، چاچلىرىمنى يۇلۇشتىيۇ، كۆمسە كۆمۈلمەس مەن سىياقى كاداڭ "زىندان ئوغلىدىن" ھېچ سۆز ئېلىشالمىدى. مەن: "لاگېردا

گۇناھلىرىمنى "يۇيۇپ" كېلىپ، تېخى گۇناھ قىلىشقا ئۈلگەرمىدىم" دېگەندىن باشقا سۆز قاتمىدىم.

"بۇ ئۆزگەرمەس جاھىل ئۇنسۇرنىڭ ئورنى زىندان!. "بۇ زىندانغا لايىق زىندان بالىسى". كىم بولسا، شۇ بولسۇن "زىندان بالىسى" دېگەن ئادەم پەيتتىن پايدىلىنىپ، ماۋچىلارغا كىنايە ـ تەنە قىلىنۋالدىم. ماڭا بېرىلگەن تەخەللۇسنىڭ ئورنىغا چۈشكىنىڭگە ئىچىمدە كۈلدىم. ئىشنى مەندىن باشلاپ "رېپىتىس" قىلماق بولغان ماۋچىلار مېنىڭدىن سادا چىقماسلىقتا كۆزى يەتتى، ئەتىمالىم، قاراڭغۇ چۈشكەندە "كۆرەش مەجلىسى" يىپىلدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئىنىم داۋۇتقا دېدىم:

ـ ئەندى بۇ يەردە تۇرۇشقا ئىمكانىيەت قالمىدى. قىيالماي، تارتىشىپ يۈرگەن قۇتلۇق ماكانىمنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرمەن.

ـ نەگە كەتمەكچىسەن، نەگە؟! ـ داۋۇت يىغلامسىراپ، ماڭا تەلمۈردى. ئىنىمنىڭ مېھرىۋان تەلمۈرۈشىدىن كۆڭلۈم ئېرىپ، ئۇنى سىلىپ يىغلاشقا تاسلا قالدىم.

ـ نەگە بولاتتى، ئىنىم، داۋۇتجان، ماڭا ئوخشاشلار پانا تېپىۋاتقان خوشنا ئەلگە!

ـ مەنچۇ، مەن؟ ـ يەنە شۇ يۈرەكنى يەكپارە قىلىدىغان قېرىنداشلىق مېھىر ـ ئىپىدە، ئىنىم بۇغۇلداپ يىغلىدى. ئەڭ مۇدھىش قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بەرگەن ئەسەبلىرىم موشۇ تاپتا بوشىدى، دىلىم ئېرىدى. "دۇنيادا ئەڭ ئېغىر دەرت ـ جۇدالىق!.." پىچىرلىدىم ئىچىمدە.

ـ ئامال بولسىلا، قۇتلۇق ماكاندىن ئايرىلمىغانغا نىمە يەتسۇن. بىر كۈن بولسىمۇ، ئەزىز دىيارنى دەسسەپ تۇرساڭ زور بەختتۇر! سەن ئىشلەيسەن، بېشىڭدا ئەسكى بولسىمۇ مونۇ پانارىڭ ـ ئۆيۈڭ بار، ئىنىم سەن قىلىشىڭ كېرەك...

ـ تىكەندەك يالغۇز قالىمەنمۇ؟ ياق، سەن قاياققا كەتسەڭ، مەنمۇ شۇ ياققا كېتىمەن...

ئىنىمنىڭ نادامىتىدىن ئۆي ئىچى تىترىگەندەك بولدى. مېنىڭ ئۆپكەم ئۆرۈلۈم تەۋرىنىپ كەتتىم. ئاخىرى ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئېغىر تەڭقىسلىقتىن كېيىن ئۆزەمنى قولۇمغا ئېلىپ دېدىم:

ـ سېنى قالدۇرۇپ كېتىش ـ يۈرىگىمنى يۇلۇۋېلىپ تاشلاپ كېتىش بىلەن باراۋەر، لېكىن بىزنىڭ ئائىلە دەرىغىنىڭ بىر يىلتىزى بولغان سەن مەشەدە يىلتىز تارتىپ قېلىشىڭ كېرەك. بەربىر ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ كېلىدىغان "ئالتۇن قوزۇق" مەشە، ئاتا مىراس موشۇ قۇتلۇق جاي!

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىمىز تاك سۈزۈلگىچە مۇڭداشتۇق. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تەسەللى بېرىشىپ، كېلەچەك ئەركىنلىك ـ بەختلىك كۈنلەرگە ئۈمۈد باغلىدۇق.

ئەتىسى داۋۇت مېنى ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. شۇ ئايرىلىش پەيتىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ...

* * *

بۇ چاغلاردا غەربكە ـ سوۋېتلەر سويۇزى چېگارىسى تەرەپتىكى يېزا ـ قىشلاقلارغا ماڭغانلارنى قاتتىق تەپتىش ـ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، "يولخەت" بېرىدىغان. شەرىققە قاراپ ماڭغانلارنى ئانچە سۈرۈشتە قىلمايدىغان. مەن شەرىققە، دۆربۈجىن تەرەپكە قاراپ يول ئالدىمۇ، مەنزىلگە يەتكەندە ئىشەشلىك يولۇقىدىغان ئادىمىمنىڭ تايىنى يوق ـ بەختەش تەۋەككۈل قىلىپ ماڭدىم. ئىككى كېچە "ئاللاھنىڭ ئۆيى" مېچىتنى ماكانلاپ، ئۈچىنچى كۈنى ئاغامچىدەك سوزۇلغان كىشىلەر سەرەڭگىگە نوۋەتكە تۇرۇشقان يەردە تونۇشۇم ئايتيان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

ـ سېنى مېھمان قىلاي دېسەم، ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرىسەن...

ئايتجان خىجالەتچىلىكتىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن، ئۇستىدىكى كىيىمىدىن ئۆزەمدىن پىچاق بىسى ئوشۇق ئەمەس ئېكەنلىكىنى سەزدىم.

ـ نىمە دېگىنىڭ، بۇ زاماندا ئادەم ئادەمدىن رەنجىشكە بولامدۇ؟
ـ خېلە ئازاپلارنى چەككىنىڭنى ئاڭلىدىم، ياخشى، ئامان قاپسەن. ھەي قويساڭچۇ، كىمنى سورىساڭ "تۈرمە، لاگېر، سۈرگۈندە"، دەپ جاۋاپ بېرىشىدۇ.
ـ شۇنداق، قېرىنداش، شۇنداق. ئادەمنىڭ قىلچە قەدىر ـ قىممىتى قالمىدى. بۈگۈن بار، ئەتە يوقسەن.
ـ راست ئېيتىسەن، ئىبراھىم، ھايات مەئىشىيەتكە كاپالەتلىك قالمىدى. ئۇيقىنىمۇ پۈتۈڭنى سوزۇپ خاتىرجەم ئۇخلىيالمىساڭ... خوش، قاياقتىن كېلىۋاتىسەن؟
ـ چۆچەكتىن.
ـ يولۇڭ نەگە؟
ـ ئۆيىسىز ـ ماكانسىز، ئىشسىز ـ تەمىناتسىز "ۋىتتۇالداق" نەگە باراتتى؟
ـ مەنمۇ سەن دېگەن "ۋىتتۇالداق". ئۇران ـ يۇراتىم 1962 ـ يىلقى قاچ ـ قاچتا سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتكەن. مەن ئورۇمچىدە بولغانلىقىمدىن، كۆچتىن ئايرىلىپ قالدىم. شۇنىڭدىن بېرى "گۈگۈ ـ گۈك، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق"، ھەسرىتىنى تۆكتى ئايتيان.
كەچ كۈزلۈكى دىل ـ دەرەخنى سىلكىپ قويساڭ سېرىق يوپۇرماقلىرى دۈررىدە تۆكۈلگەندەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قايسى ـ بىرسى بىلەن سۆزلەشمىگىن، دەرت ـ ھەسرىتى يىغىپ تۇرىدۇ. ئايتيان ئىككىمىز بەسلىشىپ دېگەندەك دەرت تۆكۈشتۇق. ئەگەر ئىككىمىزدىن بىرسى باشقا بەختلىك ئەلنىڭ پۇخراسى بولسا، ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا بۇ تېرىقە دەرت ـ ئەلەم كېلىشىگە ئىشەنمەس ئېدى. سىر ئېيتىش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكى سىرنى ئېچىشتۇق ـ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىللە قېچىشقا ۋەدىلەشتۇق.
ـ دۆلەت بايرىمى كېچىسى قاچساق! ماۋچىلارنىڭ جار سېلىپ، تەشۋىق قىلىۋاتقىنىغا قارىغاندا، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزسە كېرەك.
ـ بۇمۇ ياخشى پەيت. لېكىن ئالتە كۈنگىچە نىمە قىلىمىز؟
ـ ئاۋۇلدىن ئايالىمنى ئېلىپ كېلىشىم كېرەك...

ـ ئايالىڭ كۆنمىسىچۇ؟ ـ تەشۋىش ئىچىدە سورىدىم.

ـ ئايالىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆتۈپ كەتكەن. ھەر كۈنى كېتەيلى دەپ بېشىمنى قوچۇيدۇ.

ئىككىمىز قېچىش مەسلىھىتىنى پۇختا قىلىشىپ خوشلاشتۇق. دىلىمدىكى بىر تۈگۈچ يېشىلگەندەك، يېنىكلىشىپ قالدىم. كونا مېچىتتىكى ماكانغا كەلدىمدە، بىر ئىشنى تۈگىتىپ خاتىرجەم بولغان ئادەمدەك، پۇت ـ قوللىرىمنى ئۈزۈن سوزۇپ ياتقان پېتىم ئۇيقىغا كېتىپتىمەن. چۈشۈمدە مېۋىزارلىق بىر باغنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ، شۇنداق كىرىشىمگە ئالدىمدىن ھۆرپىيىشىپ قارا ئىشتلار چىقىپ كەلدى. ئۇلاردىن قورقۇپ كەينىمگە قاراپ، بەدەر قاچتىم. قارا ئىشتلار تۇرۇپلا چېرىكلەرگە ئايلىنىپ، مىلتىقلىرىنى تەڭلەشتى. ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، مۇدھىش زۇلمەت ئىچىدە كىملەر بىلەندۇ ھەپىلىشىپ يۈرىمەن. يۈگرەپ ئالغا باسالمايمەن، ماڭسام ئاياقلىرىم ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ. ۋاقىراي دېسەم، ئاۋازىم چىقماي قىينىلىمەن...

"زىۋازا!" بۇ ئاۋاز قەيەردىندۇ، يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ئاڭلىنىدۇ. يەنە تەكرارلاندىدە، يوتامغا نەچچە تېپەك تەككەندەك قىلدى. كۆزلىرىمنى تەسلىكتە ئاچسام ...يا، پىرىكامىللار! بېشىمدا ئىككى جاللات چېرىك تىكىلىپ تۇرۇپتۇ.

ـ ئاناڭنىڭ قۇچىغىدا ياتقاندەك ھۆزۈر قىلىپ ئۇخلايسەنا ئورۇس كۈچىگى! ـ دېدى ئۇيغۇر جاللات ـ سېنى سوتسىئال جاھانگىرلارنىڭ ئېلىغا كېتىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئۇزاتقىنى كەلدۇق.

مەرھەمەت، ماشىنىغا ئولتارسىلا، ـ بىر قولىدا كۆكسىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا تالانى كۆرسەتتى مېنى زاڭلىق قىلغان ھالدا. بىر كۆزى ئالغاي دۆدەش مىسال بۇ ئەبلەخنى قەيەردىدۇر كۆرگەن يادىمدا بار.

ـ تۇرا! ـ ۋاقىرىدى. بۇ قېتىم ئالغاي كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، شۇندىلا ئۇنىڭ پەتتارر كۆيدۈرگە ئېكەنلىگى يادىمغا چۈشتى. شۇ ئارىلىقتا قوللىرىمغا كويزا سېلىپ، "سەرەمجان" بولغان خىتاي جاللىتى:

ـ جىنايەت ئۈستىگە تۇتۇلدۇڭ، ـ دەپ خىتاپ قىلدى.

"جىپ" ماشىنا چۆچەككە قاراپ يول ئالدى. ئىككى يېنىمدا تاپانچىلىرىنى يالىڭاچلاپ ئىككى جاللات ئولتىرىشىدۇ. بۇ نېمە دېگەن كاج تەلەي، نېمە دېگەن بەختسىزلىك، ھە؟! لاگېردىن بوشانغىنىمغا يېرىم يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي يەنە شۇ ئازاپ ئوچىغىغا كېتىۋاتىمەن. ئەندى يورۇق دۇنيانى يېنىپ كۆرەلمەيمەن. بۇ قېتىم زىنداندىن تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكۈم چىقار...

ـ ئورۇس ئاكىلىرىڭغا يېتەلمەي ھەسرەت چېكىۋاتامسەن نېمە؟ ـ تەنە قىلدى پەتتارر ئالغاي.

ـ تاپتىڭ، سېنى ۋە سېنىڭ خوجايىنلىرىڭنى موشۇ ماشىنىغا ئولتارغۇزغان، كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئاياق ـ ئۆرە تۇرغۇزغان ئورۇس خەلقى ئېكەنلىگىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ـ دېدىم.

ـ مېنىڭ خوجايىنىم كىم ئېكەن، ئورۇس گەندىسىنى يېگەن ئەبلەخ! ـ پەتتاررنىڭ يېغىرىغا دەل تەگدىم، ئۇ قول كۆتىرىپ ئۇرماق بولۇپ، توختاپ قالدى.

ـ يېنىڭدا ياچۇەگدەك غودىيىپ ئولتارغان غوجايىنىڭ بولماي نېمە؟ ـ دېدىم پەتتارر ئالغاينىڭ دوقىغا پىسەك قىلماي. ئەندى ماڭا ئېھتىيات، پەخەسلىكنىڭ كېرىگى يوق، بولار ئىش بولدى، ماۋچىلار بىلەن سۆزدە ئېلىشقىنىم ئېلىشقان.

ـ زەھەر تىللىق ئەبلەخ ئېكەنسەن. تېخى كۆرىدىغىنىڭ بار...

ـ بىلىمەن، ئايىغىدەك جانمۇ قالمىدى. شۇنى بىلىپ قويىكى، ساڭا ئوخشىغان مىللىي مۇناپىقلاردىن پايدىلىنىپ بولغاندا، سەنلەرنى يۇندا كارىزىغا تاشلىشىدۇ...

ـ ۋالاقلىما! ـ ۋاقىرىدى باياتىن ئۆگدەپ كېلىۋاتقان سويا چىش، ياپما قاپاق خىتاي. پەتتارر جىمىپ قالدى. مەن ئېغىر كەچۈرمىلەرگە چۆمدۈم. "مېنىڭ سوۋېتكە قاچماق بولغىنىمنى كىم مەلۇم قىلدى، كىم؟ موشۇ دەھشەتلىك سوئالنى تىنماي تەكرارلىدىم. ئۆزەمنىڭ خامۇشلىغىمنى، ئورۇنسىز كۆڭۈلچەكلىگىمنى تاپا قىلاتتىم. پەخەسسىزلىگىمنى ئەسلىگىنىمدە ئۆزەمدىن ئۆزەم نەرپەتلىنەتتىم. مېنىڭ شۇ ماشىنىدا ئىككى چېرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقاندىكى ھالىمنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن چېكىگە يەتكۈزۈلمەيمەن. چېكى

يوق دەرت ـ ئەلەمنى، خۇسۇسەن پۇشايماننى ئېيتىپ، يېزىپ تۈگىتەلمەيمەن...

* * *

ئەتىسىگىلا تېرگەۋ باشلاندى. مىسكەنىڭ داڭقىلىدەك دىڭگىيىپ ئولتارغان پەتتاررنىڭ ئەپتى كۆزۈمگە بىر كۆزى يوق سۇر ئىلانغا ئوخشاپ كەتتى. ماۋغا تېۋىنىپ، چەكسىز ئېتىقات باغلىغان بۇ مىللىي مۇناپىقنى زىنداندىكىلەر "قارغۇ ئىلان" دېيىشىدىكەن. چۈنكى ئۇ چاقچان (سوراق قىلغان) مەھبۇس ئۆلۈم ياكى يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق تۈرمە جازاسىغا هۆكۈم قىلىنارمىش. مەن پەتتاررنىڭ داڭقىنى ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ئاڭلىغىنىم بار. ئۇ كۆپلىگەن ستۇدېنتلارنىڭ، خۇسۇسەن مەدەنىيەت ساھاسىدىكى زىيالىلارنىڭ هاياتىغا زامىن بولغانلىقتىن، قارغىش تەككۈر بۇ سېزىمسىز مەخلۇقنىڭ "ئوت قۇيرۇق"، "كۆيدۈرگە"، "قارغۇ ئىلان" دېگەنگە ئوخشاش بەدناملىرى خەلق ئىچىگە يېيىلغانكى، ئۇنىڭ نامى نەپرەتلىك، ئۆزى يىرگىنچلىك ئىدى.
دەسلەپكى سوراق ئۇستىدە پەتتاررنىڭ قەبىھ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرۈپ، مونۇ تەمسىل ئېسىمغا چۈشتى:
مەئىشەتتە ئۈچ نەرسىدىن ئېتىراز ـ بىرى قارغۇ، بىرى توكۇ، بىرى تاز.
تىرگاۋ ئىشىدا ئۆلكىنىڭ هەممە ۋىلايەتلىرىنى ئايلىنىپ، شۇم ئايىغى هەممە يەرگە يېتىدىغان پەتتارر "ئىلان" مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى ئىنتايىن مۇلايىم، خەيرخاھ، ئۆتكەن كېچە ئارىمىزدا هېچ نەرسە ئۆتمىگەندەك بىر قىياپەتتە قىسقىچە تەرجىمە هالىمنى سورىدى.
ـ جىنايەت قىلغاندىن كۆرە، جىنايەتنى يوشۇرغانلىق ئېغىر گۇنا هېساپلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ: "قىلىشنى قىلدىڭمۇ، دەردىنى ئوغۇل بالىدەك تارت" دېگەن گەپ بارغۇ! ـ سەپساتا بىلەن باشلىدى

پەتتارر - ئەندى يوشۇرىدىغان يېرى قالمىدىغۇ دەيمەن، ئىبراھىمجان؟
- شۇنداق دەڭ، پەتتاررجان، " - جان" قوشۇمچىسىنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دېدىم، - جىنايىتىڭگە ئىقرار بول دېمەكچىمىغۇ؟
- ئەلۋەتتە، بارنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ، خاتىرجەم بولۇش كېرەك...
- جوزا ئۈستىگە قويۇش كېرەك؟ - تەكرارلىدىم.
- ھەممىنى بىلگەن، كۆرگەن - يەنى ھەممە تۆشۈككە كىرىپ چىقتىڭىز. مەن شۇلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا سوئال بەردىمدە؟
- مەن مونۇ سوئالنى بەرمەكچىمەن: تۈرمە، لاگېر مۇددىتىنى تۈگەتكەن ئادەم ئالتە ئاي ئىشسىز، تەمىناتسىز تېنەپ يۈرسە، بۇ ھالەتنى نېمە دېيىش مۇمكىن؟ ئاساسىي قانۇندا موشۇنداق ئادەم تەغدىرى بىلەن ئوينىشىش قەيت قىلىنغانمىدى؟ - دېيىشىمگە "قارغۇ ئىلان" تولغىنىپ كەتتى. ئۇچاك باسقىدەك جاۋاپ تاپقىچە يەنە بىر چىماق سېلىپ ئۈلگەردىم: - ئۆز ئېلى، ئۆز يېرى، ئۆز يۈرتىدا ماكانسىز، ئىشسىز، تەمىناتسىز قالغان ئادەم نېمە قىلىشى كېرەك؟
- ھەممىگە مەپكۇرە قوماندانلىق قىلىدۇ. سىز سوۋېت رېۋىزىئونىستلىرىغا ئېتىقات قىلغاچقا، ھەممە ھادىسە - شەيىئىلەرنى شۇلار پىچىمىدا پىچىسىز، - دەپ سۆزىنى باشقا قىنىغا سالماق بولدى ئۇ.
- نەكاشكى سوۋېت خەلقىدەك ئاك - سەۋىيەگە ئىگە بولۇپ، شۇلاردەك مۇلاھىزە قىلالىساق...
- مانا، مانا! - ئورنىدىن چاچراپ تۇردى پەتتارر ئالغاي كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، - سوۋېت، سوۋېت! دەپ يەتكەن يېرىڭلار موشۇغۇ! سوۋېت ئېلىنى قۇرۇق ماختاۋېرىسىلەر.
ئورۇسلار ئۇيغۇرلارغا قاچان مەرھەمەت قىلغىنى بار؟ سوۋېتنىڭ ساختا كىتاپ - جۇرناللىرىنى، مۇبالىغە كىنولىرىنى كۆرۈپلا باش قويىسىلەر، ئۇلارنىڭ ئىچى كاۋاكلىغىنى بىلمەيسىلەر.

ـ ماقۇل، بىر مىنۇت سىزچە بولاي. خوش، خىتاي ئاكىلىرىڭىز نېمە قىلىپ بەردى؟ ئىككى يۈز يىل مابايىندا بۇلاپ ـ تالاپ، ئۆلتۈرۈپ ـ قىرىشتىن، زالالەتتە زەھەرلەشتىن باشقا نېمە قىلدى؟..
ـ بەس، بولدى...
ـ ئۇلۇغ ئوكتەبىرنىڭ تەسىرىدە ئويغانغان خىتاي خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە ياردەم قىلغان، غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن سوۋېت ئېلى، سوۋېت خەلقى ئېكەنلىگىنى ئۇنتۇش دۇنيا خەلقى ئالدىدا جىنايەت ئەمەسمۇ؟ باشقىنى قويايلى، ئۇستىڭىزدىكى سارجا چاپان، بېلىڭىزدىكى "تېتى" ناگان، ئالدىڭىزدىكى ئاق قەغەز سوۋېتنىڭغۇ ھە؟!
ـ ئاغزىڭنى يۇم! ـ چىدىماي ۋاقىرىدى پەتتارر. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ ئالاق ـ جالاقلىشىپ، يەمسىز يۈزى سۇرلەندى.
ـ ئۆز ۋاقتىدا ماۋ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تەن بەرگەن ئېدىغۇ؟
ـ ئورۇسلارنى قانچە ماختىغىنىڭ بىلەن ئۇلار سېنى بىزنىڭ قولىمىزدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالالمايدۇ، ـ ئۆزى مۇنازىرە باشلاپ، ھەقىقەت ئالدىدا گەپ تېپىپ بېرەلمەستىن دوق قىلىشقا باشلىدى "قارغۇ ئىلان".
ـ ئەرىكسىز ئېزىلگەن خەلقلەرگە ياردەم، خەيرىخاھلىق قىلىۋاتقان سوۋېت ئېلى مەۋجۇت ئېكەن، دېمەك، ئۇمۇدنى يۈزۈش خاتا بولار...
ـ سەن سىياقى بېخۇد سوۋېتگوي تەلۋىلەردىن باشقا ھېچ كىم ئىشەنمەيدۇ، ـ دەپ ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلدى "قارغۇ ئىلان"، ـ موشۇ دېگەنلىرىڭ نەق جىنايەت بولماي نېمە؟ ھە، "سايراتتىمۇ" ئەبلەخ!
ـ سەنلەر ئۈچۈن ھەقىقەت ـ جىنايەت ئېكەندە! ـ خىتاپ قىلدىم. ئەگەر پەتتارر گۈندىپاينى دەرھال چاقىرىپ، مېنى ئايرىم قاراڭغۇ كامېرىغا سولاشقا بۇيرۇق بەرمىگەندە، مىللىي مۇناپىقنىڭ چاۋىسىنى چىتقا ياياتتىم...
مېنى ئۆز خاھىشلىرىغا تەن بېرىشىمگە كۆزى يەتمىگەن پەتتارر ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرى كېيىنكى بىر سوراقتا:

ـ ئايتيان بىلەن سوۋېتكە قاچماق بولغىنىڭنى يوشۇرالمايسەن؟ ـ دېدى. بۇ قېتىم پەتتارر تەرجىمان بولدى. ئەمەلدار ئاغزىدىن چىققان بۇ دەھشەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ، پەرۋايىم پۈر بولۇپ، لاسسىدە بوشىشىپ كەتتىم. پۈتۈن بىر ئەل مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇم ـ سىتەم ئازاپ چېكىۋاتقان بىر ۋاقىتتا ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر ـ بىرىمىزنى سېتىش، جازاغا تۇتۇپ بېرىش، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتىن ئارتۇق مۇناپىقلىق، خائىنلىق بولارمۇ؟ ھەممىگە ئۆزىمىز زامىن ئىكەنمىز، پەيىل ـ خۇلقىمىز بۇلغىنىپ، رەزىللىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن، ئەينە شۇنداق بالايۇ ـ ئاپەتلەرگە گىرىپتار بولۇشىمىز مۇقەررەر ھالەتقۇ! ئاھ، نادانلىق، ئىرادىسىزلىك...

ئاۋالقى قېتىملاردا "ئوڭچى ـ مىللەتچى" قالپىقىنى كىيىپ جازالانغان ئىكەنمەن، بۇ قېتىم "رېۋىزىئونىست" قالپىقىنى كىيدىم. جازا ھۆكۈمىمۇ ئېغىر بولۇشىدا شۈبھە يوق. چۈنكى كېيىنكى يىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئاسىلىق قىلغان ماۋ گورۇھى شەرقىي تۈركىستاندا سوۋېت تەسىرىنى يوقىتىش كىشىلەرنى، خۇسۇسەن ياشلارنى "سوۋېتپەرەس رېۋىزىئونىست" دېگەن بانە بىلەن تەقىپ ئاستىغا ئالدى. جازالاش كومپانىيىسى بارغانچە جىددىي تۈس ئالدىكى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بىھۆددە بوھتان چاپلاپ، ئۇياتسىزلارچە ھاقارەتلەشنىڭ سىرتىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئالغۇچىلار تەقىپ قىلىندى. مانا شۇنداق سوۋېتكە قارشى ھەرىكەت ـ كومپانىيە يۈرۈۋاتقان بىر مەزگىلدە مېنىڭ "رېۋىزىئونىست" قالپىقىنى كىيىشىپ چوڭ "جىنايەتچى" بولۇشۇم ئېدى. ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىكەنلىگىنى بىلسەڭ، نەقەدەر دەھشەت! ئادەم نامىنى ئېلىپ، دۇنياغا كېلىپ، ھاياتلىقنىڭ راھىتىنى، قىزىغىنى كۆرمىسەڭ، بىلمىسەڭ ئادەم بولغىنىڭ قېنى؟ بىر ئۆمۈر زۇلۇم ـ سىتەم، قايغۇ ـ ئەلەم!.. ياكى شەرقىي تۈركىستانلىق بولغىنىم گۇنا ـ جىنايەتمۇ؟.. ياق! ناھەقتىن ـ ناھەق ئۆلگۈم كەلمەيدۇ! ھايات كەچۈرگۈم كېلىدۇ. مەن ئۆلمەيمەن، ئۆلمەيمەن!

"سوۋېت مەسىلىسى" بىلەن قامالغانلار ئالاھىدە نازارەت، قاتتىق رېجىم ئاستىغا ئېلىنغانكى، سىرت بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋەت قىلغىنى بولمايدۇ. زىندان جېنىمغا پاتتى."زىندان بالىسى" بولۇپ ئۆمرۈم ئۆتەرمۇ دېسەم، ئۆزەمنى قويار جاي تاپالمايمەن. ئازاپ ئېچىدە كۈندە بىر ئۆلگەندىن كۆرە قېچىپ ئوقتا ئۇچۇپ ئۆلگەننى ئەۋزەل كۆردۈم ۋە قېچىشنى جەزم قىلدىم. لېكىن تام، كۈچلۈك كۈزەت، ئۈۋچاركا ئىشتلارنى يېرىپ ئۆتۈشكە كۆزۈم يەتمەي، قۇتۇلۇشنىڭ باشقا ئامال ـ چارىسىنى ئىزدىدىم. ئەڭ مۇۋاپىق چارە ـ يالغان ساراڭ بولۇۋېلىش. ساق ئادەم ساراڭ بولۇپ، ساراڭلىق رولىنى ئويناش ئوڭايمېكەن دۇنيادا. ئەڭ مەككار، ئىبلىستىن پەيشەمبىلىك ئېلىشنى بىلىدىغان ماۋچىلارنى ساراڭلىقتا ئىشەندۈرۈش بۇ ئەندى مۈشكۈلنىڭ ـ مۈشكۈلاتىغۇ! لېكىن "ساراڭ" بولۇشقا قەتئىي بەل باغلاپ، ئىرادەمنى قايتماسلىققا، ۋەتىنىمنى، ئەۋلات ـ ئەجداتلىرىمنى، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىمنى شىپىي كەلتۈرۈپ، قەسەم ياد قىلدىم!

## بىرىنچى خۇرۇش

( ساراڭلىق، تۇتقاقلىق دېگەن مەنىدە ـ ت)

مېنىڭ "ساراڭلىغىم" كېچىسى باشلاندى. ياتقان ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇمدە، ئۇچامدىكى كۆينەكنى يۇلۇپ، پارچىلاپ تاشلىۋەتتىم. چاچلىرىمنى چۇگۇپ، كۆزلىرىم شا، ئاغزىمدىن "پۇۋھ، پۇۋھ"... كۆۋۈك چىقىرىپ، كەلگەن پېتىمچە كۈچلەپ تۇرۇپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ تېپىشكە باشلىدىم. چاي ئىچىدىغان قاچىلارنى تاشلاپ، كامېرا ئىچىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتىم، ھامان توختىماي پېقىراشقا باشلىدىم. بىللە ياتقىنىمغا ئۇچ كۈن بولغان خىتاي ئارتىستى سو يانجېڭ "نېمە بولدى، ئىبۇلايىڭ؟" ـ دەپ ئېچىنغاندەك نىدا قىلدى، بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ تىترەپ ئولتاردى. گۇندىپايلار بۇ خىل ھالەتلەرگە كۈنۈپ قالسا كېرەك، روجەكتىن قاراپ قويۇپلا، گەپ قىلماي كېتىشتى. مەن ئەندى "پەدە" يۆتكەپ، ئىرغىپ

خىتاينىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالدىم. خىتاينىڭ گەجگىسىنى بوغۇشقا باشلىۋېدىم، "ئەي ـ يا! ئى ـ بۇ ـ لاينىڭ مەندە يامان يوق"...دەپ زارلاشقا باشلىدى خىتاي. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، دىلىم كۆيىسىمۇ، "ساراڭ" بولغاندىكى ساراڭلىق قىلىش كېرەكتە!

ـ ئادەم ئۆلدى! ساراڭ مېنى ئۆلتۈردىغان بولدى! ـ دەپ سو يانچىڭ ھەر قانچە دات ـ پەريات قىلسىمۇ، ساراڭدىن ئەيمەنگەن گۇندىپايلار كامېرىغا بېسىپ كىرىشمەلمىدى. مېنىڭ راست "ساراڭ" ئىكەنلىگىمگە ئەڭ ئالدى بىلەن بىللە ياتقان ئارتىست خىتاي ئىشىنىشى لازىم. شۇڭا ئۇنى دەم چاڭگىلىمدىن بوشىتىپ، دەم يەنە ئاستىمغا بېسىۋالاتتىم ۋە ھۇۋ ـ چۇۋ بىلەن بېچارىنى تاڭ ئاتقىچە قىيناپ چىقتىم. ئەتىگەنلىگى تاماق بېرىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچقان ئاشپەزنى ئۇڭدىسىغا يىقىتىۋېتىپ، قېپ ـ يالىڭاچ پېتىم سىرتقا قاراپ يۈگرىدىم. فېۋرالنىڭ باشلىرى سوغ، قار توڭغىلاقنى كېچىپ سىرتقا، قايقا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. قورغان ئۈستىدىكى كۆزەتچى "توختا، ئاتىمەن!" دەپ ئاۋتوماتىنى بەتلەپ ھەيۋە قىلدى. ساراڭ ئادەم مىلتىق ـ ئاۋتوماتتىن قورقامدېكەن؟ ئۆلۈم بىلەن سوغنى، جاننىڭ قىينىلىشىنى سەزسە، ساراڭ بولامدۇ؟ كۆزەتچى چېرىك ئوق ئاتمىدىيۇ، لېكىن "قاچقۇن" قاچقۇننى تۇتۇڭلار!" دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئىچىمدە چاپسانىراق تۇتۇۋالسىدى دەۋاتىمەن. چۈنكى سوغ سۆيەك ـ سۆيىگىمدىن ئۆتۈپ، بەدىنىم تىكەنلەشتى، پۇت ـ قوللىرىم قېتىشقا، كۆزلىرىمدىن سوغ ياش ئېقىشقا باشلىدى. يەنە ئون مىنۇت تۇرسام، قېتىپ قالاتتىم. ئۆزلىرى كېلىپ تۇتۇۋېلىشتىن قورققان گۇندىپايلار مەھبۇسلار ئىچىدىن بەش ـ ئالتە بەقۇۋۋەتلىكلىرىنى ئېلىپ چىقتى، مېنى تۇتماق بولۇشتى. مەھبۇسلار ياۋا ئاتنى قورشاۋغا ئالغاندەك، مېنى دۆرە قىلىشتىندە، ھەممىسى تەڭلا ماڭا قول سېلىشتى. مەن، غەيرى ـ تەبىئىي بىر ئاۋازدا، ئوغلاق مەرىگەندەك چىقىراپ، تۇتماق بولغانلارغا ئېتىلدىم. بىرسىنىڭ مۈرىسىگە قانداق چىقىۋالغىنىمنى بىلمەيمەن، بېچارىنىڭ گەجگىسىنى چىشلىدىم. ئۇ جان ئاچچىغىدا دۈم چۈشتى. شۇ

ئارىلىقتا قالغانلىرى يىقىتىپ، پۇت ـ قوللىرىمدىن باغلاپ، كامېرىغا ئېلىپ كىرىشتى.

شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن "ساراڭ" بولدۇم. ئىلگىرى تارتقان ئازاپلىرىمدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئازاپنى بېشىمغا كىيگەن ئېكەنمەن، ئەمما چېكىنىشنى ئۈنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك پەرەز قىلدىم ـ يەنى ماۋچىلار ئالدىدا چېكىنىپ، ئۇلارغا تەسلىم بولۇشنى ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ھېساپلىدىم، ئىرادەمدىن قايتمىدىم.

كۈن ـ تۈنى زەي، سوغ يەرنى يالىڭاچ بېسىپ، "ھۇۋ، ھۇۋ"...دەپ كۈۋۈك چىقىرىپ، خورۇش قىلىشنى توختاتمىدىم. ئىككى كۈن ئاغزىمغا ھېچ نەرسە ئالمىدىم. تەئەججۈپكى، قوساق ئېچىشنى سەزمەپتىمەن. بىللە ياتقان يولدىشىم تاماقنا زورلاپ گەپ قىلسا، ئۇقماسقا سېلىپ، پاقىراپ تۇراتتىم. تۇرۇپلا ئۈنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋېلىپ "پوش، يولنى تورىما، چۆچەككە ماڭدۇق!" دەيمەن. خىتاينى ئات ـ ئېشەككە ئوخشىتىپ يامپىشىغا ئۇرىمەن. ئارتىست سو يانجىڭ "كاللامنى چاپساڭلارمۇ ساراڭ بىلەن بىر كامېردا ياتمايمەن" دەپ قەتئىي نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكتىن، ئۈچ مەھبۇس بار كامېرغا يۆتكەشتى. ئەندى ئۈچ كىشىنى "ساراڭ" ئېكەنلىگىمگە ئىشەندۈرۈشۈم كېرەك. ئالدى بىلەن ئۈچىگە تەلۋىلەرچە نەزەر تاشلاپ، بىردىن ئۈنلۈك چېقىراپ كامېرنى پېقىراپ، ئۈچ خىتايغا ئېتىلدىم. چېقىراشتىنلا ئۆڭسۈللىرى قالمىغان بىچارىلەر بۆرىدىن ئۈركىگەن قويلاردەك بىر بۇلۇڭغا غۇجمەك بولۇشتى. شۇ قېتىمدا كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدىمۇ، لېكىن قەسەم ياد قىلغىنىمنى ئەسلەپ، خورۇشۇم كۈچەيدى ۋە خىتاي مەھبۇسلارنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ، قولۇمغا ئىلەشكەن چاچلىرىنى ئاغزىمغا سېلىپ، چايناپ، خىتايلارنىڭ يۈزلىرىگە پۈركىدىم. جان ئاچچىغىدا قارشىلىق بىلدۈرمەك بولغان ئۈچ خىتاي مېنى يىقىتماق بولۇشتى. "ساراڭلىغىم" تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۈچىنى ئۈچ تەرەپكە دومۇلىتىپ، قولۇمغا كىرگەن نەرسە بىلەن ئۇردۇم! دات سېلىشقان ئۈچ مەھبۇس خىتاي زىندانىنى كۆتىرىۋەتكىدەك قىلىشتى. بارلىق مەھبۇسلار ئۇلارغا قوشۇلۇپ "ئادەم ئۆلدى" دەپ ئالا ـ توپىلاڭ

كۆتىرىشتى. گۇندىپايلار مەھبۇسلارنى تەرتىپكە چاقىرىپ، دوق قىلىشىشمۇ سۈرەن ـ چۇقان بارغانچە كۈچەيدى. ئاخىرى زىندان باشلىقى پەيدا بولۇپ، ئىشىك ئىچىلىشىغا "دا!" دېگەن پىتىچە ئۈنىڭغا ئېتىلدىم. جاللاتلار باشلىقى ئىشىكنى قايتا ياپقىچە ياقىغىغا شۇنداق ئۈردۈمكى، ئىشەنسىڭىز، شۇ ئۈرۈشىمدىن هازىرمۇ پەيزى قىلىمەن. مېنىڭ مۇش زەربىمدە قالپاقتەك ئۇچۇپ چۈشكەن زىندان باشلىقىنىڭ شىللىسىگە مىنمەك بولۇشۇمغا گۇندىپايلار مېنى بېسىۋېلىشتىدە، پۇغانلىرى چىققىچە ئۈرۈپ تەپكىلەشتى...

هوشۇمغا كەلسەم، پۇتۇمدا كىشەن، زەي كامېرىدا يېتىپتىمەن. هېچ يېرىمنىڭ ساقلىقى يوق، پولا قوغۇندەك بوپ كېتىپتىمەن، قىمىرلىغىدەك جان يوق. تۆتىنچى كۈنى زىندان باشلىقى گۇندىپايلىرىنى باشلاپ كىرىپ، مېنى ئېلىپ چىققىشقا بۇيرىدى. بۇ قېتىم يەر ئاستى سوراقخانىدا پەتتارر مېنى "كۆتۈپ" ئالدى. ئۇ:

ـ سەن يالغان ساراڭ، سەن ئەندى ساراڭ بولۇۋېلىپ، ماۋجۇشىغا، پارتىياگە چىش ـ تىرنىغىڭ بىلەن قارشى ئېكەنلىگىڭنى كۆرسىتىۋاتىسەن! ـ دېدىدە، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بېشەم گۇندىپايغا ئىما قىلدى، ئۇ يان ئىشىكنى ئېچىۋېدى، توپاقتەك بىر ئىشت چىقىپ، ماڭا ئېسىلدى. مەن ساق ئادەمدەك، سەسكىنىپ چۆچىمىدىم، بەلكى ئىشتىنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ، كۆزلىرىگە بارماقلىرىمنى تىقىپ، شۇنداق جەھىل ۋە ئەسەبىلىك كىلدۇمكى، پەتتارر ئالغاي كەينىگە داجىپ بېرىپ، گۇندىپاينىڭ كەينىگە ئۆتىۋالدى. ئىشت قولۇمدىن بوشاپ، سول بىلىگىمنى بۆسۈپ چۈشكەندە قان ئۇرغۇپ ئېقىشقا باشلىدى. مەن "ساراڭ" قانغا قاراپ قاقاخلاپ كۈلدۈم. ۋە بىر دەقىقە ئۆتمەي ئىشتنىڭ ئاستىغا يىقىلدىم. هوشۇمغا كەلسەم، پالازغا ئوراقلىق يېتىپتىمەن.

ۋاي، جاننىڭ تاتلىقلىغى ...جېنىڭ قىينالغانسىرى، تېخىمۇ تاتلىق، قەدىرلىك بولىدېكەن. جېنىڭ چەكسىز قىينالغان چاغدا ـ ئۆلۈم بىلەن ئۆمۈر چايقاشقان چاغدا جاننىڭ تاتلىقلىغىنى ئەسلى مەناسى بىلەن چۈشىنىدېكەنسەن. مېنىڭ هالىم تەك ئېدى. شۇ ئۆلۈم بوسۇغىسىدا ياتقىنىمدا ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇ يانقى ئىشلىگەن

ئىشلىرىم، ياخشى ـ يامانلىقلىرىم، باشتىن كەچكەن بارلىق ئالامەتلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدىكەنمەن، قېرىنداش ـ جىگەرلىرىم بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلىشىپ ئۆتەتتى. مەن بولسام، ھالسىز ئىڭراپ: "ئەلۋىدا، قېرىنداشلىرىم ...ئەندى سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن. ئەلەم ـ ھەسرەت ئىچىدە ئازاپلىنىپ، خارلىنىپ ئۆلگەن مەن دەرتمەننى ئۇنتىماڭلار ...ئارزۇ ـ ئارمىنىم سىلەرگە ئامانەت "...دەيتتىم شورلاشقان لەۋلىرىمنى ئاران ـ ئاران قىمىرلىتىپ. ئەل ـ يۇرتنى، يارۇ ـ بۇرادەرلەرنى ئەسلىگەندە، ئۇلار بىلەن ۋىدالاشقاندا، كۆزلىرىمدىن قانلىق تامچىلار ئاقسا كېرەك، قانسىرىغان يۈزۈمنىڭ نەملەشكەنلىگىنى سەزدىم.

ئۇزۇن مۇددەت كېسەل تارتقان ئادەمدەك دەرمانسىز سۇنايلىنىپ ياتىمەن. ئۈچ كۈن تاماق يېمەي ـ ئىچمىسەك، تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ قوساقنىڭ ئىچىشىنى سەزمەيدىكەنسەن. بىراق تەشنالىق شۇنداق قىينايدىكەنكى، تاماق قۇرۇپ، كىندىك ئىچىگە تارتىدۇ. بەشىنچى ـ ئالتىنچى كۈنلىرى مەيدەڭ كۆپۈپ پەقەت سۇ توغرىلىق ئويلايسەن ـ سۇ، سۇ! ـ دەپ زارلىنىسەن، كۆزلەر جىرىڭلىشىپ، لەۋلەر قۇرغاق شىلىملىشىدۇدە، بەدىنىڭ قاغجىراپ، كۆز نۇرى ئۆچۈشكە باشلايدۇ. لېكىن كۆز ئالدىڭدا كۈن ـ تۈنى سۇنىلا كۆرىسەن؛ كۆز ئالدىڭدا سۇ ياش نازىنىنلاردەك جىلۋە قىلغىنى قىلغان...

بىر ئۇتلام سۇ ئىچمەي، بىر بۇردا نان يېمەي ياتقىنىمغا بىر جۈمە بوپتۇ. ئەندى كۆرۈشتىنمۇ، ھەرىكەتتىنمۇ تامامەن ئايرىلدىم. ئاياق تەرەپتىن سوغ شامال يەلپۈپ، پۇتلىرىم سوۋۇشقا باشلىدى ـ بۇ جاننىڭ ئاستا چىقىشى ئىدى.

تېرگاۋچىلارنىڭ كىرگىنىنى سەزگەندەك قىلدىم، ئەمما ھاياتىمغا مۇناسىۋەتلىك "ئۆلتۈرمەس "...دېگەن ئىبارىلەرنى ئېنىق پەرىق قىلدىم. ئاغزىمغا ئىرىتقان ناننى سېلىشتى، سۈيىنى سۈزۈپ، يىرىگىنى چىقىرىۋەتتىم. كامېرىغا كىرىپ ـ چىقىشلار كۆپەيگەندەك قىلدى. فاك دەيفۇ دېگەن مەھبۇس تېۋىپ كىرىپ تەكشۈردى. ئۇنىڭ: "ئەتىدىن قالماي ئۆلىدۇ" دېگىنىنى ئاڭلاپ،

ئاران ـ ئاران تىپىۋاتقان يۈرىگىم لوقۇلداپ كەتتى. مېنى شىپاخانىغا يۆتكەشتى. ئايرىم بۆلمىگە ياتقۇزۇپ، مەخسۇس نازارەتچىلەر قويۇلدى. ھەر كۈنى بىلەك تومۇرۇمدىن گلىيۇكوزا ئۇكول قىلىدۇ. لېكىن ئەتتەيلەپ تاماق يېمەيمەن، ئۆزەمنى مەسخۇش، سېزىمسىز تۇتىمەن. شۇ ئارىدا كىرىپ ـ چىققانلارنىڭ ئىشىك ئارقىسىدىكى "پىسىر ـ پىسىرلىرىدىن" مېنىڭ "ساراڭ" بولغىنىمدا قانداقتۇ سىياسىي سىر بارلىغىنى تەخمىنلەپ مېنى ئۆلتۈرمەسلىككە، قانداق بولمىسۇن شۇ سىرنى بىلىشكە قارار قىلىشقانلىغىنى ئاڭلاۋالدىمدە، ئۇلارغا قارشى تەييارلاندىم.

گلىيۇكوزا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى ـ دەرمان كىرىشكە باشلىدى. مېنىڭ ئەھۋالىم ياخشىلىنىدىكەن، مەخسۇس كۈزەتچى ھوشيارلىغىنى كۈچەيتىپ، ئىشىك موجۇغى، روجەك يېرىغىدىن مارايدىغان بولۇۋالدى. بەدەنگە قۇۋەت كىرگەنسىرى، قورغانسىز شىپاخانىدىن قېچىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشتۈم. ئون بىرىنچى كۈنى تومۇرلىرىمنى تۇتۇپ، كۆز قاپاقلىرىمنى ئۆرۈپ، سىنچىلاپ قارىغان فاك دەيغۇ "ئەندى ئۆلمەيدۇ" دەپ ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقاردى ۋە شۇ كېچىسىلا زىندانغا قايتۇرۇشتى.

## ئىككىنچى خۇرۇش

تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە دۈشمەنگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك قوشۇلۇپ كەلسە ھەر قانداق مۈشكۈل سىناقلاردىن ئۆتۈپ، ئېغىر ئازاپلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىكەنسەن. مېنى قىيىنغانسىرى ماۋچى ـ مۇستەملىكىچىلەرگە نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرىتىم ئۇلغىيىپ، ئۆچمەنلىگىم كۈچەيدى، قارشىلىغىم ئاشتى.

يالغان ساراڭ بولغىنىمغا ئىككى ئايچە بولدى. ئىككى ئاينىڭ ھەر كۈنى، ھەر سائىتى ئازاپ ئىچىدە ئۆتتىكى، مېنى داۋالىغان دوختۇر ۋە ھەمشىرىلەر "تۆمۈر ساراڭ" دەپ نام بېرىشكەندى. مەن ئۇلارنى

غەيرى ـ تەبىئىي چىداملىقىم بىلەن ھەيران قالدۇردۇم. تېرگاۋچىلار، زىندان باشلىقلىرى مېنىڭ تۆمۈرلىگىمگە ھەيران بولۇشتىيۇ، مېنى ئىقرار قىلدۇرماقچى بولاتتى، داۋاملىق قىيناياتتى.

مېنىڭ نىشانىم ھەممىگە چىداش، چىداش ئارقىلىق ھايات قېلىش ۋە خەلقى ئالەم ئالدىدا جاللاتلارنىڭ خۇنۇك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى، جىنائىي قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش. ماڭا چىداملىق ۋە كۈچ ـ غەيرەت ئەتا قىلغان، ئىرادەمنى تەۋرەتمىگەن غايەۋىي كۈچ شۇ ئىدى.

...مېنى ئىككى ئۇيغۇر، بىر قىرغىز مەھبۇسقا قوشۇپ قويدى. قاپاق يۈزلۈك، دوغلاك كەلگەن بىرسى ماڭا ئايرىمچە خەيرىخاھلىق قىلىپ ياتقۇزاتتى، تۇرغۇزاتتى، ئۇسسىزلىق بېرەتتى ـ ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى. مېنىڭ "تىلىمنى چىقىرىش" ئۈچۈن خىلە ھەپىلىشىپ كۆرگەن قاپاق يۈز ئاربلاپ كۆز يېشى قىلىپ، مېنىڭ ھالىمغا ئېچىنىپ، ماۋچىلارنى نىمىلەرنىدۇ دەپ قارغىدى. ھالسىز يېتىپ ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە زەڭ قويدىمىيۇ، كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. ماۋچىلارنىڭ مەھبۇسلار ئارىسىغا جاسۇسلىرىنى "ئۇرۇپ كىرگۈزۈپ"، سىر ئالدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. ئۆزىنى ئەزىز دەپ تونۇشتۇرغان قاپاق يۈز دەم مېنىڭ باش ـ كۆزلىرىمنى سىلاپ، دەم بىللە يېتىشقان سېلىم بىلەن قىزىر ئاتلىق قىرغىزنىڭ بىقىنىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى گەپكە سالاتتى. قىزىر چېچەنىرەك ئىكەن، ئەزىزنىڭ گېپىنى ئاڭلايتى، ئۆزىدىن گەپ چىقمايتتى. سېلىم سەل كۆرەڭىرەكمىكىن، ھە دېگەندىلا ئالغا چۈشۈپ ماڭدى. سوۋېتنى ماختاپ، ماۋچىلارنى تىللىدى. "ساراڭ" بولمىسام، سېلىمنى سۆزلەتمەتتىم ئامال قانچە، ئۆز ھالىم بىلەن ياتاتتىم.

ـ مانا، مەن، ـ دېدى قاپاق يۈز ئەزىز سېلىمنىڭ ئالدىدا كۆكسىگە ئۇرۇپ، ـ ۋەتىنىم، خەلقىمنى ئازات قىلىش ئۈچۈن جانپىدالارنىڭ بىرى بولىمەن!

ـ شۇندا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ ـ سورىدى كام سۆز، تەمكىنلىك قىرغىز يىگىتى.

ـ ئىشلىدۇقتە! "ئۇيغۇرستان" تەشكىلاتىغا كىردۇقتە ...

قاپاق يۈز ئەزىزنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ ياسالما ئىبارىلەرنى ئاڭلاپ تەتۈر قاراۋالدىم. قىزىرمۇ تەتۈر يانپاشلىدى.

ــ سېنىڭچىلىك ئىشلىگەن بولسام، نېمە ئارمان، ــ دەيتتى پاراسەتسىز سېلىم.

ــ ئېھ، قويساڭچۇ بۇ زالىملارنى، ــ دەپ ئاھ ئۇردى ئەزىز، ــ تۈرمىگە سولانغىنىم بىر ھېساپتا يامان بولمىدى، خېلە تەجرىبىگە ئېگە بولدۇم، چىنىقتىم. ئەندى چىقسام، پولاتتەك مەككەم تەشكىلات قۇرۇپ، قۇراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرىمەن.

ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن توقۇلما سۆزلەر سۇدەك قۇيۇلاتتى. مەن بۇ رەزىل مەلئۇندىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئويلاپ، قىمىرلىماي ياتتىم. قىرغىزمۇ ئۇنىڭ بېشەملىگىدىن بىزار بولسا كېرەك، "ئۇخلايلى" دەپ بېشىنى پۈركىدى.

ــ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىش ئارمىنىغا يېتەلمەي قولغا چۈشتۈم. زىنداندىن ئامان چىقسام، سوۋېت ــ پوۋېتنى قويۇپ، سەندەك ۋەتەنپەرۋەرلەرگە قوشۇلىمەن، ــ دېدى سېلىم ئەزىزنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ.

ــ كامال تاپ، سېلىم! موشۇ گېزەندىلەر ئۆگىسىدا يېتىپ تۇرۇپ، سېپىمىزنى كەڭەيتىشكە بولىدۇ، ــ يەنە بىر قەدەم ئالغا سىلجىدى قاپاق يۈز. موشۇ تەخلىت "سۆھبەت" سېلىم بىلەن ئەزىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە كۈن داۋام قىلدى. ئەزىز قارا سۈلۈكتەك سېلىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى شوراپ ئېلىشنىڭ سىرتىدا، ۋالاقتەككۈر سېلىم ئارقىلىق ئۇنىڭ بىر نەچچە يېقىنلىرىنىڭ مەنستىنى بىلىۋالدى. كۆز ئالدىڭدىلا بولىۋاتقان رەزىللىككە پاك ۋىجدان سۈكۈت بېرەمدۇ؟ بۇ ئارىلىقتا خېلىلا ماغدىرىمغا كېلىپ قالغان ئېدىم. ئەزىزدىن ئۆچ ئېلىش كويىدا ئەپلىك پەيت كۈتۈپ ياتتىم. ساراڭ ئادەم جىم يېتىشقا بولمايدىغۇ. ساراڭلىغى تۇتۇپ، خۇرۇش قىلىش كېرەكتە!..

پەيت كەلدى. ئەزىز "ئالىي سوتقا شىكايەت يازىمەن" دېگەن بانە بىلەن قەغەز ــ قەلەم ئالدى. نېمىلەرنىدۇ يېزىشقا كىرىشۋېدى، مېنىڭ خۇرۇشۇم باشلاندى: توساتتىن ئىرغىپ تۇردۇمدە، جاسۇسنىڭ

چېچىنى ئوراپ تۇتۇپ، نىقتاپ، دومبىسىگە شۇنداق چاپلاشتىمكى، جاسۇس تېپىرلاپ كەتتى. ئاغزىمدىن كۆۋۈك چىقىرىپ "ھۇۋ، ھۇۋۇلاشقا" باشلىدىم. سېلىم قورققىنىدىن ۋايجانلاپ، ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. قىزىر پەرۋا قىلماي يەرگە چېچىلغان قەغەزلەرنى تەردى. قىزىرنىڭ كۆزى "سېلىمنىڭ قىلمىشلىرى" دەپ يېزىلغان خەتكە چۈشسە كېرەك، غەزەپكە تولغان بۇ يىگىت جاسۇسنى مېنىڭ قولۇمدىن يۇلۇۋېلىپ، شۇنداق ئۇردىكى، ئۇيۇلتاشتەك قىرغىز يىگىتنىڭ مۇشتى زەربىسىدە ئەزىز پوڭزەكتەك قاڭقىپ بېرىپ، سۇيدۇك قاچىسىغا بېشى قاپلىشىپ قالدى. مەن ئۇنى يەنە مىنىۋالدىم.

ـ ئىپلاس خائىن، ساتقۇن! ـ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللايتتى قىزىر جاسۇسقا لەنەت ئوقۇپ، ـ شۇنچە ئازاپلىنىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە جاسۇسلۇق قىلىدا!؟

ـ شۇنداقمىكەن؟! ـ ئەندى ۋاقىئەگە چۈشەنگەن چالا ساۋات سېلىم جاسۇسنى مېنىڭدىن تارتىۋالدىدە، توپنى تەپكەندەك، تار كامېرا ئىچىدە دومىلىتىشقا باشلىدى. سېلىم ھەر تەپكەندە، "جاسۇس، ئىنقىلاپچى" دەپ تېپەتتى، تۈكۈرەتتى.

مېنىڭ "خۇرۇشىمغا" قۇلاقلىرى كۆنۈپ قالغان گۇندىپايلار كامېرىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا پىسەك قىلمىغاچقا، ئىشىك ئېچىپ كىرىشمىدى، بىزمۇ جىمىپ كېلىشتۇق. مەن ھالسىزلىنىپ ياتتىم. چالا ئۆلۈك جاسۇسنى ياتقۇزۇپ، ئۈستىنى يېپىپ قويۇشتى... كېچىسى ھوشىغا كەلگەن ساتقۇن سېلىمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سورىدى. يەتمىش پۇشتىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئىككىنچى جاسۇسلۇق قىلماسقا ۋەدىلەر بەردى. ئەزىز راستىن پۇشايمان يەپ، تۆبە ئوقىدىمۇ ئۇ تەرىپى قاراڭغۇلۇق. "ۋىجدانسىز ـ ساتقۇن، قورققانچاق ـ خائىن!" بۇ ھېكمەتنى ھەر دەم ئەستىن چىقارماسلىغىمىز لازىم... شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن قىزىر بىلەن سېلىم ھەر ئىككىسى مېنىڭ يالغان ساراڭ ئېكەنلىگىمنىمۇ بىلىشتى. جاسۇس ۋاقىئەسى بىز ئۈچىمىزنى ئىجىللاشتۇرۇپ، بىر جان، بىر تەن قىلىۋەتتى. ئىككى زىندان يولدىشىم مېنى كىچىك بالىغا ئوخشاش

پەرۋىش قىلىشتى. گۇندىپايلارغا مېنى ساراڭ، كېسەل كۆرسىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن زىنداندىكى ھەر مىللەت مەھبۇسلارغا ساراڭلىغىمنى: ئاجىز كېسەللىگىمنى مىسلىسىز قىيىنلىۋاتقانلىغىمنى خەۋەرلەپ، ئۇلارنىڭ ھەمنەپەسلىگىنى، ساراڭ ئادەمنى زىنداندا تۇتۇش قانۇنسىزلىق دەپ نارازىلىق قوزغاشتى. قانۇنسىز دۆلەتتە قانۇني تەلەپلەرگە رىئايە قىلىنسۇنمۇ؟ ماۋچى جاللاتلار كۆپچىلىككە رەددىيە ھېساۋىدا مېنى تېخىمۇ قاتتىق تەرتىپ ئاستىغا ئالدى.

مۇدھىش زىندان كېچىلىرىنىڭ بىرىدە تۆمۈر چەمبەر ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئاچقان گۇندىپاي كەينىدىن پەتتارر ئالغاي كىرىپ كەلدى. ساراڭ دېگەننىڭ ئۇيقىسى بولماس كېرەك. مەنمۇ شۇ قېلىپقا كىرىۋالغان (كۆندۈزى قىزىر، سېلىمنى جېسەكتە قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتىم). پەتتاررنى كۆرۈشۈم بىلەن "ساراڭلىغىمنى" نامايىش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، شۇ مىللىي مۇناپىققا ئۆچمەنلىگىمنىڭ چەكسىزلىگىدىن جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، ئۇنىڭغا ئېتىلدىمىۋ، بىراق ئادەم قىينايدىغان بەستىلىك ئىككى گۇندىپاي ئالدىمنى توساپ، قوللىرىمنى كەينىگە قايرىدى ۋە كۆچەپ يەرگە تىزىمچە ئولتارغۇزدى. گۇندىپايلارنىڭ دەستىلىشىدىن ئۇستىخانلىرىم غىرسىلداپ كەتتى.

ـ تۆمۈردەك چىداملىغىڭنى نامايىش قىلدىڭ. لېكىن توت ئاي ئازاپ چەككىنىڭدىن نېمە ھاسىل بولدى؟!

مەن پەتتاررنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىمىغان، چۈشەنمىگەن بولۇپ، قىياپىتىمنى ئۆزگەرتمىدىم.

ـ ئاخىرقى مۆھلەت: ئەتىگىچە يالغان ساراڭلىغىڭنى تاشلاپ، مەقسىتىڭنى ئوچۇق ئېيتىسەن. ئەكسى ھالدا، كۆرمىگەننى كۆرىسەن! ـ دېدىدە، "قارغۇ ئىلان" ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ـ ياۋۇزلارنىڭ پەيلى يامان، ـ دېدى ئادەم ئاياقلىرى بېسىلغاندا قىزىر قىرغىز. سادده دىل سېلىم بولسا، مېنىڭ قايغۇمنى يەپ، مىچىلداپ يىغلاتتى.

ـ ئەگەر مېنى قىينىغاندا پەتتارر قاراپ تۇرىدىكەن، ھەر قانداق قىيىن ـ قىستاققا چىدايمەن، ـ دېدىم يولداشلىرىمنى خاتىرجەم قىلماق بولۇپ.

ـ بۇ قانداق گېپىڭ؟

پەتتاررنى كۆرسەم، ماۋچىلارغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىم ئىككى ھەسسە ئاشقاندەك ھىس قىلىمەن.

ـ ياپىراي، ـ دېدى ئويچان قىزىر.

ـ ئاللاھ ئۆزى يار بولغاي، ـ دېدى يىغا ئارىلاش سېلىم.

* * *

ئەتىسىگە قاياقتىندۇ پەيدا بولغان تاقىر باش خىتاي تېۋىپ ئىككىمىزنى بىر بۆلمىگە سولاشتى. تاقىر باش تېۋىپنىڭ چاشقان سىياقى مىتىلداق كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، بىر كۆرۈپلا قانداقتۇ "يېڭى ئويۇن" بارلىقىنى سەزدىمدە، "ساراڭلىقنىڭ" تۈرىنى كۆپەيتتىم: يەرگىلا تەرەت قىلىمەن، چوقا بىلەن تاقىر باشنىڭ كاللىسىنى "ناغرا" قىلىپ چالىمەن، چاينىغان ناننى ئاغزىمغا سالىمەن. تاقىر باش ئون كۈنگە مېنىڭ "ساراڭ" قىلىقلىرىمغا چىدىدى. ئاخىرى ئۈنى مەندىن ئايرىغان كۈنى، ئۇ ماڭا ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىكىلىپ بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

ـ چەنتۇلار ئىچىدە ساڭا ئوخشاش چىداملىق، ئىرادىلىك ئادەملەرنى ئاز ئۇچراتتىم. يالغان ساراڭلىققا سەرىپ قىلغان ئەسەب ـ ئىرادەڭنى باشقا مەقسەتكە سەرىپ قىلساڭ، بەلكىم، نەتىجىسى ياخشى بولار ئىدى.

ئادەم ھاياتىنىڭ كاپالەتچىسى ھېساپلىنىدىغان تىببىي خادىم، تېۋىپ جاسۇسنىڭ يۈرىگىمگە نەشتەر بولۇپ سانچىلدىيۇ، ئۆزەمنى زورغا توختىتىپ، تاقىر باشنىڭ سۆزىگە چۈشەنمىگەندەك "ساراڭ" قىياپىتىمنى ئۆزگەرتمىدىم.

مەككار ۋە رەھىمسىز تاقىر باش تېۋىپ: "چەنتۇ ساراڭ ئەمەس. ئۇنىڭ مەپكۇرىسىدە قارىمۇ ـ قارشى پىكىرلەر مەۋجۇتلۇغى مەلۇم" دېگەن خۇلاسىنى زىندان باشلىغىغا يېزىپ بېرىپتۇ. تاقىر باشنىڭ خۇلاسىسى ۋە تېرگاۋچىلارنىڭ گۇمان ـ پەرەزلىرى بىر يەردىن چىققان، لېكىن ئىككىنچى تەرەپ شىپاخانا دوختۇرى، ھەمشىرىلەر "ساراڭ" دەپ دىئاگنوز قويۇشقان.

ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىجتىمائىي قانۇن ـ قائىدىلىرىنى پايمال قىلغان، روھىي ئەخلاقى ياۋۇزلۇق بىلەن سۇغىرىلغان ماۋ ۋە ئۇنىڭ غالچى ـ گۇماشتىلىرى ئۇچۇن مەندەك بىر ئاددىي ئىنسان چىۋىن قاتارلىقمۇ ئەمەسلىگى بەلگۇلۇكقۇ. ئەمما ـ لېكىن ماۋچىلار مېنىڭ "ساراڭ" بولۇشۇمنىڭ توپ سەۋەپلىرىنى، پىكىر خىيالىمدا يوشۇرغان مەقسىتىمنى ۋە يەنە كىملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگىمنى بىلگۇسى كېلەتتى. شۇ مەقسەت ئۇچۇن مېنى دەرمەھەل ئۆلتۈرمەستىن جېنىمنى قىيناپ، ئىقرار قىلدۇرۇش ئىدى. ئەزىز ۋە تاقىر باش تېۋىپ ئوخشاش تەجرىبىلىك جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ، "سىرىمنى" بىلىشكە ئۇرۇنۇشىمۇ شۇ مەقسەتكە قارىتىلغان.

تومۇز ئايلىرى ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئوچۇق ئاپتاپ ئەمەس، كۆن چۈشمەيدىغان زەي ـ سالقىن دىمىقتا گۈندىخانا ئىچىدىمۇ ئىسسىق ـ تىنجىقتا تۇرۇپ بولماتتى. خاپىلىق ۋە نەپەسنى بوغىدىغان تىنجىق قوشۇلۇپ دىزىنتېرىيا پەيدا بولىدۇدە، مەھبۇسلار يوپۇرماقتەك تۆكۈلۈشكە ـ قىرىلىشقا باشلايدۇ. بۇ "مەۋسۇمدە" ئۆلۈكلەرنى توشۇپ ئۆلگىرەلمىگەن گۇندىپايلار جەسەتلەرنى نەچچە كۈنلەپ كامېرلاردا قالدۇرغانلىقتىن، جەسەتلەر سېسىپ، پىدېمىيا تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. 1967 ـ يىلى ئىيۇل، ئاۋغۇست ئايلىرىدا چۆچەك تۈرمىسىدىكى مىڭلىغان مەھبۇسلاردىن ئىككى يۈزچە ئادەم، ئۇنىڭ ئىچىدە مەن ـ "تۆمۈر ساراڭ" ساق قاپتىمەن ...نېمە دەۋاتاتتىما، چەتنەپ كەتسەم كېرەك؟

ـ چەتنىمىدىڭىز. يۇقۇملۇق كېسەللەر پىدېمىيالەردىن قىرىلىۋاتقان خەلقىمىز ئاز ئەمەسكى، بۇ ھەم ماۋچىلارنىڭ جىنائىي

قىلمىشلىرىنىڭ بىر تۈرى، ـ دېدىم ئىبراھىمنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ.

ـ بايا دېگىنىمدەك، ـ داۋام قىلدى ئىبراھىم، ـ يېڭى ـ يېڭى ئۇسۇللار بىلەن جېنىمنى قىيناشقا باشلىدى. "ئاپتاپ قېقى" ـ ئاپتاپقا قاقلاشتىن ئىبارەت. پۇت ـ قوللىرىمنى هۆل كەندىر ئاغامچىدا ماتاپ، زىندان هويلىسىدىكى قۇم ئۈستىگە ئوڭدىسىغا، ئىيۇل قۇياشىغا قارىتىپ ياتقۇزدى ـ قاق سالدى. ئاپتاپتا قىزىغان قۇقاستەك قۇمدا تېرەم، قوناق پۇچىلىغاندەك، پىسىلداپ ئېتىلىشقا باشلىدى، تىلىم ئاغزىمغا پاتماي، غېرىش سوزۇلدى، مېڭەم ئورغۇپ، كۆزلەر چاناقتىن چىقتى. شۇ ئىچكى ـ تاشقى هارارەتتە قىينىلىۋاتسام، ئالدىمغا بىر چېلەك سوغ سۇنى "كوزى ـ كوزاڭ" قىلغاندەك قويۇشتى. ئەشۇ سۇنى ئىچسەم ئاپتاپتا كۆيۈپ قاققا ئايلىنىۋاتقان بەدىنىم، يۈرىكىم بىر دەقىقە، لېكىن بىر ئۆمۈرگە تەڭ ياشنار، راھەتلىنەر ئىدىم. مەن سۇنى ئىچەلمەيمەن. سۇغا قاراپ ئىنتىلسەم، يالغان ساراڭلىغىم پاش بولىدۇ. پاش بولۇش ـ ياۋۇز دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش ئىدىكى، بۇ ئەندى ھەممە ئازاپتىن ئېغىر، دەھشەتلىك.

مەن هوشۇمنى يوقىتىشقا باشلىغان چېغىمدا: "چىدىدىم، يەنە چىدايمەن "...دەپ پىچىرلىغىنىم هازىرچە ئېسىمدا بار. شۇ چاڭقاقتا سىماپتەك تۇرغان ئابۇ ـ هايات بىر چېلەك سۇ هامان كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

يەنە بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئارىلىقتا پۇچۇلانغان "قاققا" ئايلانغان ئۇچامنى داۋالاپ، گلىيۇكوزا ئۇكولىنى داۋاملىق بېرىپ تۇردى. ياۋۇز قاباهەتلىكىنى يوشۇرماقچى بولغان جاللاتلار مېنى مەهبۇسلارغا قوشماي، ئايرىم تۇتىدىغان بولۇشتى.

ـ هەر ئىشنىڭ چېكى بارغۇ، ئىبراهىم، ـ دەپ بېشىمنى سىيپىدى پەتتارر ئالغاي. ئۇنىڭ ئىلان مىسال سوغ قولى تېنىمگە تېگىش بىلەن ئەندىكىپ "يوقال" دەۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

ـ بىر نەچچە ئاي بولدى، بېكارغىلا قىينىلىۋاتىسەن. سېنىڭ مەنسىتىڭنى بىلمەي تۇرۇپ، بۇ زىنداندىن بوشاتمايدۇ. سېنىڭچە

يامان بولسامۇ ئۇيغۇر پۇشتىدىن بولغىنىم ئۈچۈن ساڭا كۆيىنىمەن.

پەتتارر سۆزىنى ئاياقلاشتۇرمىدى. مەن قىمىرلاپ كەتتىم. "تەسىر قىلدى" دېگەن بولسا كېرەك، ماڭا تىكىلىپ قارىدى. مىللىي مۇناپىقنىڭ "ئۇيغۇر پۇشتىدىن" دېگىنى نەپرىتىمنى قوزغاۋەتتى. لېكىن، ئۇن قاتماي چىداپ ياتتىم. پەتتارر نائىلاج ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قىل ئۇستىدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى، خۇسۇسەن، سەرسانچىلىققا گىرىپتار بولغان "قېرىنداشلىرىغا" كۆيۈنىدىغانلىقىنى غېرىپسىغان بىر بىچارە ئوخشاش سۆزلىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى قۇلىقىمغا يىڭنە سانچىلغاندەك تۇيۇلدى.

پەتتاررنىڭ شۇ "زىيارىتىدىن" بىر ھەپتە كېيىن مېنى يەنە قىيناشتى. ئىككى قولۇمنى كەينىمگە قايرىپ، لىمغا باغلاپ، بوينۇمغا ئون كىلودەك تاشنى ئېسىپ قويۇشتى. "قەھرىۋا" نامىنى ئالغان بۇ ئازاپ باشقىلاردىن قېلىشماتتى. توۋەن ساڭگىلىغان تاشنىڭ ئېغىر سالمىقىدا كەندىر ئاغامچا سوزۇلۇپ بوينۇڭنى ئاستا قىيىشقا باشلىغاندا جان قاخشاپ، ئالدى تەرىتىڭ كېتىدىكەن. ئادەمنىڭ گۆشى ساپ ماي بولسا كېرەك قاق سۆڭەك بولسامۇ ھەممە ئەزالىرىمدىن، خۇسۇسەن كۆز چاناقلىرىمدىن ئوغىدەك ئاچچىق ماي ـ تەر ئېقىشقا، بۇ تەر چاڭقاق ئاپتاپتا قايناق "شوۋىغا" ئايلىنىپ، تېنىمگە قىزىق ماي چاچقاندەك شۇنداق كۆيدۈرىدىكى...

ئىبراھىم قىيناش ـ ئازاپلاشنىڭ مۇدھىشلىقىنى سۆزلىگەندە تىڭشاپ ئولتارغان مەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئازاپلاندىمكى، قەلبىم ئۆرتىنىپ، ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى ۋە: "ئاھ، جاپاكەش خەلقىم!.." دەپ نىدا ئەيلىدىم ...ھەجەبا، بۇ تېرىقە دەھشەتلىك ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ ھازىرقى كۈندە مەۋجۇتلۇغى ۋە پۈتكۈل ئالەم ئەھلىگە: "بىز سىلەرنىڭ غەمخورچىڭلار! ئادالەت، ھەقىقەت، ئەركىنلىك ـ باراۋەرلىك. ئىنسانلار ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىز!"، ـ دەپ جار سېلىۋاتقان ئەل ئىنسان بىشىغا موشۇنداق چىدىغۇسىز پاجىئەلەرنى سېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەقلىم لال بولدى!.. مەن ئۆزەم خىتاي زىندانلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت ياتقانلىقىم، سورگۇندە ـ جازا

مەيدانلىرىدا بولغانلىغىم ئۈچۈن ئىبراھىمنىڭ ھالىغا يىتىمەن، ئۇنىڭ ھەممە ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىمەن.
ـ مانا، شۇ بوينۇمغا ئاسقان "قەھرىۋاننىڭ" ئىزناسى، ـ دەپ بويىنىدىكى بىر سۆيەم جاراھەت ئىزىنى كۆرسەتتى ئىبراھىم.
مەنمۇ ئىبراھىمغا بۇنىڭدىن ئوتتۇز بەش يىل مۇقەددەم گومىنداڭچىلار تۇتقۇنغا ئېلىپ، بېشىمغا نىقاپ تارتىپ، قوللىرىمنى كەينىمگە باغلاپ، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ماشىنىغا بېسىپ ماڭغان چاغدا سول بىلىگىمدىكى قىيىلغان "تارىخىي تامغىنى" كۆرسەتتىمدە:
ـ ئېغىر كەچۈرمىلەرگە تولىراق بېرىلىپ كەتتۇق. يۈرۈڭ، ساپ ھاۋادا سەيلى قىلايلى، ـ تەكلىپ قىلدىم.
ـ نەگە بارىمىز؟ ـ سورىدى ئىبراھىم. پەمىچە، ئىچىدىكى ئازاپنى بىراقلا تۆكۈپ يېنىكلىمەكچى بولسا كېرەك.
ـ مېدېئۇ تەرەپتە "قايىنار بۇلاق" دېگەن بۇلاق بار. زىنداندا قانمىغان تەشنالىقنى قاندۇرىمىز.

## ئۈچىنچى خۇرۇش

دۇنيادىكى ئىنسانلار سىياقى مەنمۇ ئەركىنلىكنى، قۇۋناق ھاياتنى خاتىرجەم مەئىشەتنى خالايمەن. ئىنسان ئۈچۈن لازىم بولغان بۇ تېرىقە بەختلىك ھايات قوينىدا قايسى تەلەيلىك ئادەملەر ياشايدىغانلىغىنى سۈرۈشتە قىلىمەندە، خىيالەن جاھاننى كېزىپ، شۇ بەختىيار كىشىلەرگە ئۆزەمنى قىياسلاپ، ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرىمەن. مەن ئازاپ بىلەن خۇرۇشنى كۆپ كۆرگەنسىرى، راھەت بىلەن پاراۋەنلىكنى كۆپ ئويلايدىغان بولدۇم. ئەركىسىزلىك بىلەن مەھكۇملۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانسىرى، ئازاتلىق ـ مۇستەقىللىكنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ۋە ئۇلۇغۋارلىغىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. بۇ چۈشەنچىلەر جەمئىسى ئىشەنچە ۋە ئىرادىگە ئايلىنىپ، ئۆزەمنى مۇئەييەن بىر غايە ئېگىسى، كۈرەشچىسى مىسالى ھىس قىلىشقا باشلىدىم. بۇ كەبى قۇدرىتى كامىل ئۇيغۇرلار تەسىرىدە

قاراڭغۇ زىندان يورۇغاندەك بولۇپ، كۆز ئالدىمدا بەخت مەشئىلى ئەلەڭگىلەپ، ئەركىنلىككە بىشارەت بەرگەندەك قىلاتتى.
مەن هاياتقا تەلپۈنىمەن. مېنىڭ ئىزگۈ ـ تىلەكلىرىمنىڭ بىرى ـ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىش ئىدى، تەلەيگە قارشى، بۇ ئارمىنىمغا تېخىچىلا يېتەلمەي، تېخىچىلا ئازاپ ـ جاپا تارتماقتىمەن.
سۇ ئاستىغا چۆشۈپ قاچىدىغان كىيىم تېپىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ تېگى بىلەن ياكى سۇ ئاستى قولۋاق بىلەن قېچىشقا بولارمىكىن؟ ياكى بولمىسا شار ياساپ، قاتتىق بوراندا قاچساممىكىن؟.. بۇلار ئەمەلىياتتىن يىراق سەۋدايى خىياللىرىمۇ، لېكىن دىل خۇشلۇغى، كۆڭۈل ئارامى. چۈنكى ئۈمۈد ۋە ئىشەش بىلەن ياشاۋاتىمەن، شۇ تەۋرەنمەس ئىشەنچىم مېنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ئوزۇغۇم...
ئارزۇ ـ ئۈمۈدكە تولغان شېرىن خىياللىرىمنى ئىشىكنىڭ جالاقلاپ ئېچىلىشى يۇزۇۋەتتى.
يەنە شۇ پەتتارر ئالغاي. ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە كىرىپ كېلىشى ـ ئۆلۈمدىن دېرەك بەرگەچكە، "ئەجەل، مانا ئەجەل يېتىپ كەلدى"... پىچىرلىدىم ۋە يۈرەك ـ باغرىم يۇزۇلگەندەك، تېلىقىپ قاپتىمەن.
ـ بىر مىنۇت مۇھلەت، ـ دېدى پەتتار ئادەتتىكىچە، ـ جاۋاپ بەرمەيدېكەنسەن، پۇشمان قىلىشقىمۇ ئۈلگىرەلمەيسەن!
"دېمەك، بۈگۈن ئۆلتۈرمەيدۇ" دېگەن خىيال كەچتى كۆڭلۈمدىن.
ـ ئېلىپ مېڭىڭلار! ـ بۇيرىدى پەتتار مەندىن ئۈن چىقمىغاچقا.
ـ ماتاڭلار، ـ خىتايچىلاپ بۇيرۇق بەردى پەتتار مەندىن كۆز قىرىنى يۇزمەي.
ئالدى بىلەن ئىككى قولۇمنى يەرگە قېقىلغان تۆمۈر قوزۇقلارغا كېرىپ باغلاشتى، پۇتلىرىمنى ياغاچ قوزۇققا ئۆتكۈزۈشتى ۋە كىچىككىنە ئۈستەلچىنى ئالدىمغا سۈرۈپ، سول قولۇمنى ئۈستەل ئۈستىگە ئېلىپ، تاسماسىمان رېزىنكا بىلەن مەككەم باغلىدى. قىيناش ئەمەس، موشۇ سۈرلۈك هازىرلىقلارنىڭ ئۆزى قورقۇنۇچلۇق ئىدى. مەنمۇ تەييارلىنىپ تەييارلىنىمەن. مېنىڭ ئىرادەمنى بوشاتماسلىق ـ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىش، چىداش، يەنە چىداش...

ـ باشلاك؟ ـ دېدى پەتتار شۇ ئارىلىقتا پەيدا بولغان ھېلىقى تاقىر باش تېۋىپقا. جاسۇسنى كۆرۈشۈم بىلەن غەزەپ ـ نەپرىتىم ئۆرلەپ، قارشىلىقىم كۈچەيدى ۋە يەنە بىر قېتىم: "ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن، ئۆزەمگە ئوخشاش مەھبۇس ـ مەھكۇملار ئۈچۈن دۈشمەنلەرگە تەن بەرمەيمەن "...دەپ قەسەم ياد قىلدىم.

تاقىر باش تېۋىپ بىر غېرىچ كېلىدىغان يىڭنىنى قۇتىدىن ئېلىپ، ئەتتەي كۆزۈمگە تەڭلىدى ـ بۇ روھىي ھۇجۇم ئېدى، ئەلۋەتتە. ئۇ يەنە باشمالتىغىمنى مەككەم سىقىملاپ، ماڭا قارىدى ۋە قاتمىلاشقان چوشقا بويىنىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، تىماق ئىچىگە ئاستا تىقىشقا باشلىدى ...ئۇھ، نىمە دېسەم، نىمىگە تەڭلەشتۈرسەمكىن، دۈشمىنىڭمۇ بۇ خىل ئازاپىنى كۆرمىگەي ...يىڭنە تىماق ئارىسىغا ئەمەس، يۈرەكنى تېشىپ ئۆتكەندەك دەل جانغا سانچىلاتتى. مۇدھىشلىغى شۇكى، جان بىلەن ئويناشقاندەك، يىڭنىنى تارتىۋېلىپ يەنە قايتىلاپ سانچىش. بىلمىدىم، نەدىن ھاسىل بولغان چىداملىق ئىرادىكىن، ئۆلۈك ئادەمدەك قىمىر قىلماي كۆزۈمنى پاقىراتقان پېتىمچە ياتىۋەردىم. ئەجايىپ ـ غارايىپ بىر نەرسىنى تاماشە قىلغاندەك، تىكىلىپ قاراپ تۇرغان جاللاتلار مېنىڭ قايسى يېرىمنىڭ قىمىرلىشىنى كۈتىشەتتى. ھەر قانداق سېزىمدىن مەھرۇم بولغان ساراڭ ئادەم يىڭنە سانچىغاننى سەزمەي شۇك تۇرارمىش، ھېچ ئەزاسى قىمىرلىماسمىش. ماۋچى جاللاتلارنىڭ مەندىن كۆز يۈزمەي قاراپ تۇرۇشىنىڭ بانىسى شۇ ئېكەندە!..

بەش بارمىغىمغا يىڭنە سانچىش تىببىي قىيناش ئاياقلاشمىدى. ئەندى "پەدىنى" يۆتكەشتى جوۋالدۇرۇزسىمان يىڭنىنى بۇرنۇمنىڭ كۆمەك سۆڭىگىگە سانچىپ، ئىچكىرى بويلاتتى. يىڭنە بۇرغىدەك چوڭقۇرلاپ كۆمۈچەككە يەتكەندە، مىڭەم لوقۇلداپ قېپىغا سىغماي كەتتىدە ۋە شۇ ئان ھوشۇمدىن كەتتىم...

* * *

ـ ئادەم نەسلىمۇ ياكى دىۋە ـ مەلئۇن جىنسىمۇ؟ نە ئەيۋەشكە كەلمەيدۇ، نە ئۆلمەيدۇ! ـ پەتتارنىڭ كىمگىدۇ داتلاۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرگەندەك بولدى.

ـ تۆت كۈندىن بېرى بۇگۈن كۆزىنى ئاچتى. يۈزى ـ كۆزى خام قاپاقتەك ئىششىپ كېتىپتۇ، بىچارىنىڭ...

ـ بې ـ چا ـ رىنىڭ؟ ـ زەھەرخەندىلىك بىلەن تەكرارلىدى پەتتار ھەمشىرە قىزنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ـ دۈشمەنگە كۆيۈنۈش ـ ئىنقىلاپقا ئاسىلىق قىلىش بىلەن باراۋەر!

ـ كەچۈرۈڭ، ـ دەپ يىلىندى قورققان قىز. بۇ قىزنىڭ يىقىملىق ئاۋازى تونۇشتەك بىلىندى ماڭا.

ـ بۇنىڭغا پەخەس بولۇڭ، ـ ئاستا، پىچىرلاپ دېگىدەك جېكىدى پەتتار. ـ قاچان ئېلىپ كېتىسلەر؟

ـ تۈزەلگەندە ...پەتتارنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. ئەمما ئۆلمەي ئامان قېلىپ، شىپاخانىدا ياتقانلىقىمنى بىلدىم.

...قىش كېتىپ، ئەتىياز كەپتۇ. تەبىئەت ئويغىنىپ، دېرىزە روجەكلىرىدىن باھار پۇراقلىرى ئۇچۇپ كىرىپ، جانغا ئارام بېغىشلايدۇ. ھىس ـ تۇيغۇلار ئويغىنىپ، ھاياتقا ـ كۆكلەم پەيزىگە تەلپۈنسەن، تەبىئەت گۈزەللىكىگە تەلمۈرسەن، قاراپ ـ قاراپ تويمايسەن...

مەن ئورنۇمدا يېتىپ، شىپاخانىنىڭ تۆمۈر سالاسۇنلۇق دېرىزىسىدىن كۆرۈنىدىغان تال، سۆگەتكە قارايمەن. ئەندى ـ ئەندى پۈرتىشكە باشلىغان يوپۇرماقلىرى باھارنىڭ، يېڭى ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىپ، ۋۇجۇدۇمغا كۈچ ـ غەيرەت، قان تومۇرلىرىمغا تېتىكلىك قۇيغاندەك سېزىمەن، ھەر كۈنى باھار تېڭى قەلبىمنى ياشارتىپ، زەخملەنگەن تېنىمغا شىپا بولىدۇ، ھاياتقا مۇھەببەت ۋە ئىشەنچىمنى ئارتتۇرىدۇ، ئىرادەمنى چىڭىتىدۇ، مەن شۇ باھار پەسلىدە غايىپتىن مەدەت ئالغاندەك، كۈندىن ـ كۈنگە تىمەنلىشىپ، ئەكسىمگە تېز كېلىشكە باشلىدىم.

ـ كۆڭلىڭىز نېمىنى خالايدۇ؟ ـ سورىدى ھەمشىرە قىز. مەن جاۋاپ بەرمىدىم. چۈنكى مەن "تىلىسىز، سېزىمسىز ساراڭدە!" "پەتتار بىلەن

سۆزلەشكەن موشۇ قىز ئېكەنلىكىنى ئىككى كۈن ئىلگىرى بىلگەن ئېدىم. قارىقۇمچاق، مەڭزىدىن مېھرىۋانلىق تېمىپ تۇرغان قازاق قىزنى ئاتمىش ئىككىنچى يىلى ئۇرۇمچىدە، ئاۋتوۋوكزالدا كۆرگەنلىكىم، ئۇنىڭغا - يۇرتدىشىمغا، ئاشلىق بىلېتى ياردەم قىلغانلىقىمنى ئېسىمغا ئالدىمۇ تىنىق چىقارمىدىم.

- سىزنى شۇ پېتىڭىزدە ئاتا - ئانىڭىزمۇ تونۇماس دەيمەن.

" - ئۇھ" دېگەن پىغان ئاغزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتىمەن. ئاھ، ئاتا - ئانا مېھرى ...قازاق قىزى سارقىت ئاتا - ئانامنى شۇنداق بىر پەيتتە ئېسىمغا سالدىكى، ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاتا - ئانام پىراقىدا "ئۇھ" تارتىپتىمەن. ماۋچى جالالاتلار نەچچە ئايلاپ قىيناپ، ئاغزىمدىن بىر كەلىمە سۆز ياكى ئاۋاز چىقىرالمىغاندى. لېكىن مونۇ كىچىككىنە قىز قەلبىمنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئورنىدا ساقلاپ كەلگەن ناملارنى مىسكىنلىك بىر پەيتتە ئېسىمغا سېلىپ، سۆزلىمەس "ساراڭنى" تىلغا كەلتۈردى، قاراڭ!

- خاتىرجەم بولۇڭ، ئىبراھىم ئاكا، سىرنى يۈرەك قېتىمدا ساقلايمەن.

سىزگە ۋىجدانەن ئىشەندىم. ئىشەنمەسكىمۇ ھەققىم يوق. ئەينەن شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن سارقىت مېنى ئوغرىلىقچە يېگۈزىدىغان، قۇۋۋەت كىرگۈزىدىغان ۋىتامىنلارنى كۆپلەپ بېرىدىغان بولدى. ئەتراپقا قاراپ، تىڭشايدىغان جىسەكچىلەر يوق چاغدىلا، قىسقىچىلا گەپلىشىمىز. گايىدا ئىشارە - ئىما بىلەن مەقسەتنى ئۇقتىرىمىز. پەتتارنىڭ سۆز ئېلىشقا قويغان ھەمشىرە "جاسۇسى" ھېچ قانداق مەلۇمات بەرمىدى. ئەكسىچە مېنى "ساراڭ" دەپ ماۋچىلارنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى. مەن سارقىت بىلەن پەتتارنى قىياسەن سېلىشتۇراتتىمدە، گۆھەر ئەخلەت ئىچىدىمۇ گۆھەرلىكىنى ساقلاپ قېلىشىنى سارقىتنىڭ پاك قەلبى، بېغۇبار سىماسىدىن كۆرەتتىم...

بىر كۈنى ئەس - ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا كىرگەن سارقىت:

- سىزنى تۈرمىگە ئېلىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، - دېدى ئاستا قۇلىغىمغا.

- بۈگۈنمۇ؟

ـ ھە ـ ئە!
ـ خەپ! ـ بېشىمغا چوماق تەككەندەك كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى. ھەر كۈنى مېنى پايلاپ ياتىدىغان پەتتار ئىككى كۈندىن بېرى كۆزدىن يوقالغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا "كۆز ـ قۇلاق" بولۇشقا سارقىت بىلەن يەنە بىر خىتاي ھەمشىرە كېلىشكەن. ئۆتكەن كېچە مېنى قېچىشقا نەچچە قېتىم دەۋەت قىلغان، لېكىن مەن سارقىتنى بالاغا تىقىپ قويۇشتىن قورقۇپ كۆنمىگەندىم. ئۆتمۈشتە سېلىمەگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلغانمەنۇ، بىراق ۋەزىيەت، ئورۇن تامامەن باشقىچە ئىدىكى، قېچىشقا ئىمكان بار ئىدى.
ـ ئېلىپ كېتىشسە، كىم بىلىدۇ ـ ...سارقىت دېمەكچى بولغان سۆزنى ئېيتالمىدى ـ ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەپ، يۈزنى ياپقىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن پەيتنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمغا مىڭلارچە پۇشمان يېدىم.
گۈگۈم چۈشتى ـ تېچ، كەچ كىردى ـ تېچ. بىر هازادا خوشنا بۆلۈملەردىكى كېسەللەرنى تەكشۈرگەچ، مېنىڭ قېشىمغا ئاماللاپ كىرگەن سارقىت:
ـ ئەتىگە قاپسىز، بۈگۈن ئۆلگەنلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقى، ـ دېدىدە، تىترەك قوللىرى بىلەن ئىچ يانچۇغىدىن بىر بولاقچىنى ئېلىپ، شام پىلىگى ئوخشاش نەرسىنى ماڭا بەردى ۋە: ـ كۆزەتچى ئۇخلىغاندا بۇرنىغا تۇتۇڭ. ـ سارقىت چىقىپ كەتتى.

## ئاخىرقى خۇرۇش

ئادەتتە شىپاخانىنىڭ چىراقلىرى كەچكى سائەت ئوندا ئۆچىدۇ. ئاستا ـ ئاستا سۇرلۇك سۈكۈنات بېسىلىشقا باشلىدى. قەيەردىندۇ، يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ئاڭلانغان ھالسىز تاۋۇشلاردىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. مەن ھەر بىر تاۋۇشنى، ھەتتا سۈس سەلكىندە يېنىك تەۋرەنگەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىشىنى قۇلاق سېلىپ تىڭشايمەن، ھېچ بىر تىۋىش ئاڭلانمايدۇ. بەلكىم ھاياجان ئىچىدە دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرەك تاۋۇشى ھەممىنى بېسىپ كەتتىمىكىن؟

مەن دىققىتىمنى جەملەپ، قۇلاقلىرىمنى دىڭ تۇتۇپ، مېنى كۆزىتىپ ياتقان پەتتارنى پايلاپ ياتىمەن. بۇ ئەشەددىي مىللىي مۇناپىق ئىشىنىڭ شۇنچە كۆپلىگىگە قارىماي، ماڭا شەخسىي ئۆزى كۆز ـ قۇلاق بولۇۋالدى. مېنىڭ مەسىلەمنى يۈزۈل ـ كېسىل بىر تەرەپ قىلالماي، ئۇزۇندىن بۇ يان ئۆزى ۋە باشقىلار گاللۋاڭ بولۇۋاتقانلىقتىن، غوجايىنلىرى چىدىمىغان بولسا كېرەك، ئۇ مېنىڭ كېچىلىرى جۆلۈشۈمنى تىڭشاپ، خۇلاسە چىقارماقچى ئېكەنلىكىنى سېزىپ قالدىمدە، ئۇخلىماستىن ئۇنى پايلاپ ياتاتتىم. تۈن خېلىلا قىسقىراپ قالغان. كىيىملىرىنى يەشمەيلا ئىشىككە يېقىن ياتقان پەتتار ئاخىرى خورەك تارتقاندەك قىلدىدە، يەنە جىمىپ كەتتى. ئۇ، بەلكىم، ئۇيقا ۋەسۋەسى بىلەن كۈرىشىۋاتسا كېرەك. چوڭ دەھلىزە ئىچىدىكى تاراق ـ تۇرۇقلار جىمىپ، ھەمشىرە ئارام ئېلىشقا ياتقانلىقى مەلۇم. كۈتكەن پەيت يېقىنلاشماقتا. يەنە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن يە ئۇ ياق ـ يە بۇ ياق بولىمەن ـ تەغدىرىم ھەل بولىدۇ. ئۇن ئالتە ئاي ساراڭلىق، ئون ئۈچ قېتىم قىيناشتىن، ئالتە قېتىم ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ خۇلاسىسى چىقىشقا ئازلا ـ ساناقلىقلا دەقىقەلەرلا قالدى...

كارىۋەتتىن غۇلاپ چۈشكەن بولۇپ، پولدا بىر پەس قىمىرلىماي ياتتىم، پەتتار تۇيماپتۇ. ئۇ ئىشت سىياقى غىڭشىپ، بىر يېقىغا ئۆرۈلدى.

"كاز ـ زاپ! يالغان ئۇخلاۋاتسا كېرەك."...كۆڭلۈمدىن دەھشەتلىك گۇمان كەچىدى. باغرىمنى يەرگە يېقىپ، جىم ياتتىم. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندە پەتتار يەنە خورەك تارتىشقا باشلىدى. مەن دەرھال دۈمچە بولۇپ، سارقىت بەرگەن "پىلىكنى" ياندۇرۇپ ۋە مۇناپىقنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئاپاردىم. خامۇش قىلىدىغان ئىس تەسىرىدە پەتتار ئالغاي قاتتىق بىر چۈشكەردىدە جىم بولۇپ قالدى. "ياخشى پەيت، بىمالال ئۆچ ئېلىشقا بولىدىغان پەيت، خائىننىڭ پوكىنىغا بېسىپ ياتقان تاپانچىسىنى ئالىمەندە، ئېتىۋېتىمەن!" ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. "قاراملىقنىڭ ئورنى ئەمەس" دېدىمدە، پەيلىمدىن ياندىم.

ئاستا ئۆمۈلەپ دەھلىزگە چىقتىم. يەنە، يەنە تىڭشىدىم. پەتتارنىڭ ئۈيقىغا غەرىق بولغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. قولۇمغا سۆرەۋالغان پەشمەتنى كىيدىم ۋە "تەۋاككۇل "...دەپ خىتاپ قىلدىمدە، قوراغا چىقىپ، ئەتراپىمغا سەپ سالدىم ـ جىم ـ جىتلىق. ئىلدام بارغىنىمچە شىپاخانىنىڭ ئارقا تىمىغا ياماشتىم ۋە قازاغا دۇچار بولغان تالاي ـ تالاي قاچقۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقازغان قاراڭغۇ تۈننىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتىم...

* * *

قارلار ئېرىپ، ساي ـ سايلاردىن سۇلار ئېقىپ، يەر كۆكسىگە جان كىرگەن كۆكلەم كېچىسى قاچتىم. يەر بېتىدىكى نېپىز قەغەزدەك قېيىندى مۇزلار يالاڭ پۇتۇمغا تىكەندەك سانچىلىشىغىمۇ، سوغ شامال بېشىمغا مۇزدەك ئۇرۇلۇشىغىمۇ پەرۋا قىلماي، يۈگرەپ كېتىۋاتىمەن...

تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى ئاستىدا ۋۇجۇدۇمدىكى قالدۇق كۈچ ـ غەيرىتىمنى سەرىپ قىلىپ، جان تالىشىپ، دەم يىقىلىپ، دەم تۇرۇپ، ئوي ـ دۆڭ دوڭغىلاقلىقتا سۈرۈنۈپ كېتىۋاتىمەن. ئالدىمدا تاملىرى غۇلىغان باغ دۇچ كەلدى. خېلىغىچە شۇ باغدا تۆرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر شورۇدىن چىقىپ هارۇۋ يولىغا چۈشتۈم. ھەممە كۈچۈمنى باغ شوراۋالسا كېرەك، پۇتلىرىمدا ماغدىر قالماي، ئولتىرىپ قالدىم. تاڭ ئېتىپ قېلىشىدىن تەشۋىشلىنىپ كۈچەپ تۇرۇپ ماڭدىم. ئازىراق ماڭمايلا،ئېلېكتر لامپوچكىلىرى كۆرۈنمەسمۇ، "كەپتىمەن!" دەپ ۋاقىراۋەتتىم خوشاللىقىمدا. تېنىمگە باشقىدىن كۈچ ـ غەيرەت كىرىپ ئۆزلىگىمدىن ئىلدام مېڭىپ كېتىپتىمەن. مانا، چوڭ كۆرۈك. كۆرۈك ئۈستىگە چىقىپ زەڭ سېلىپ قارىسام ...ۋاي نادامەت! ھېلىقى يورۇقلار كوچا ستولبىلىرىدىكى ئېلېكتر لامپوچكىلىرى ئىكەن ـ ئۆزەم قاچقان شىپاخانىغا يېقىنلا كېپ قاپتىمەن...

تاڭ سۈزۈلمەكتە، ئەندى نېمە قىلىش كېرەك؟ نەگە مۆكۈش، نەگە قېچىش مۇمكىن؟ "قانچە تىرىشقىنىم بىلەن ئەجىلىم موشۇ

زالىملارنىڭ قولىدا ئېكەندە!" ئۆكۈندۈم، كاي تەلىيىمنى قارغىدىم، ھەسسىلەپ پۈر بولۇپ، لاسىدە بوشاپ كەتتىم.

موتوسىكلىت ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنە، مەن قاڭقىيىپ تۇرغان كۆرۈك تەرەپكە كەلمەكتە. مەن كۆرۈك ئاستىغا كىرىۋالدىم. ئىككى موتوسىكلىت شىددەتلىك ھالدا كۆرۈك ئۈستىدىن ئۆتۈپ، چېگارا تەرەپكە كېتىشتى. ئەندى چېگارا تەرەپكە قاراپ مېڭىشنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىدى ـ قوغلىغانلار ئالدىمدىنلا چىقىدۇ. شەھەر ئىچىگە بىر يەرگە مۆكۈنمەك بولدۇم. ئاياق ئىزىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆينىكىمنىڭ ئىككى يېڭىنى يىرتىۋېلىپ، پۇتلىرىمنى ئورىدىم. ئىككى قېتىم ئاتلىق چېرىكلەر ئات چېپىشىپ ئۆتۈشكەندە، دەرەخ ياكى تام دالدىسىغا ئۆزەمنى يوشۇردۇم. مېنى قوغلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى چېگارا تەرەپكە قاراپ شىددەتلىك كېتىشەتتى.

نۇرى ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كەلدىمىۇ، قاپقىسىنى قاقماي، خېلىغىچە ئارىسالدا بولۇپ تۇردۇم. ئاخىرى ئاستا بىرىپ دېرىزىنى چېكىۋېدىم ئۆي ئىچىدىن "قايىسىڭ" دېگەن ئاۋاز چىقتى.

ـ ئىشىكنى ئېچىڭا، ئاقساقال، بولۇڭ چاپسانىراق ئېچىڭ...

ـ ئۆزەڭ كىمسەن؟ ـ تەشۋىشلىك سورىدى.

ـ مەن ـ يېقىنىڭ!..

نۇرى ئاقساقال سەل جىم تۇرىدە، ئىشىكنى ئېچىشقا باشلىدى. ئىشىك ئېچىلىشىغا ئۆزەمنى ئۆيگە ئاتتىم. ئاقساقال قورقىسا كېرەك، كەينىگە داجىپ كەتتى.

ـ مەن تۈرمىدىن قاچتىم. قورقماڭلار تاغا، قورقماڭلار!

بوۋاي بىلەن قولىدا شام تۇتقان موماي ئىككىسى ئالدىدا تۇرغان "ئەرۋانى" كۆرگەندە، ئەقىللىرى لال بولىسا كېرەك، قېتىپلا قېلىشتى.

ـ تونىمىدىڭلارمۇ، مەن ئىبراھىمغۇ!..

ـ راستلا ئىبراھىممۇسەن؟ يا، ھەزرەت! بۇ نېمە غارايىپ! ـ دېدى ئاپپاق ساقىلىنى ئوچۇملىغان نۇرى ئاقساقال.

ـ ئۇچامنى ياپقىدەك كىيىم، ئىككى كۈنگە يەتكىدەك ئوزۇق بېرىڭلار، نۇرى تاغا.

ــ ماقۇل، ماقۇل، ئوغلۇم. بارى سەندىن ئۆرگىلسۇن. ئولتار دېمىڭنى ئال. ئىسسىققىنا چاي ئىچ، ــ دېيىشتى ھالىمغا ئىچىدىن كۆيۈنگەن قېرىلار. نۇرى تاغام: "تووۋا، تووۋا قىلدىم خۇدا" دېگەن ئىبارىلەرنى نەچچە قايتۇرۇپ ئوقۇدى.

ــ ئاچ ــ زېرىن قالغان ئادەم بىردىن كۆپ يېسە بولمايدۇ، بالام، ــ دېدى نۇرى بوۋاي چاي قۇيغىچە بىر زاغرىنى يالماپ يۇتۇۋەتكىنىمنى كۆرۈپ ۋە قاياقتا يول ئالغىنىمنى سورىدى.

ــ بىز ئۈچۈن ھازىر بىرلا يول بار ــ ئۇ سوۋېتكە كېتىش! ــ دېدىم چايىنى يۇتۇپ.

ــ بىر كۈنگە يوشۇرۇپ قويۇشقا چامىمىز كېلىدۇ...

مەن بوۋاينىڭ غەمخورلۇغىغا كۆنمىدىم. ئۇلارنى بىر بالاغا گىرىپتار قىلىپ قويۇشتىن قورقتۇم.ئۇلار بەرگەن كىيىمنى كىيىپ، ئۈچ زاغرىنى قوينۇمغا سېلىپ، خوشلاشتىم.

ــ خۇدا ئۆزىگە ئامانەت، ئوغلۇم، ــ دۇئا بېرىشتى بوۋاي بىلەن موماي ئىنتايىن مەھزۇم ھالدا.

غەرىپكە ئەمەس، شەرىق تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. مۆلچەرىمدە تاڭ ئېتىشىغا ئىككى سائەتچە ۋاقىت بار. ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا كىچىك سەڭگۈك دېگەن يېزا بار بولۇپ، ئۇ يېزىنىڭ چېتىدە قادىر تامچىنىڭ ئۆيى بار. ئىككى سائەت ئىچىدە شۇ تامچىنىڭ ئۆيىگە يېتىۋېلىشىم كېرەك. ماغدىر ئاز، لېكىن غەيرىتىمگە ئېلىپ، يولسىز ئويمان ــ دۆڭ يەرلەرنى بېسىپ كېلىۋاتىمەن. مانا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار شالاڭلىشىشقا، تاڭ سۇزۇلۇشقا باشلىدى. سەڭگۈك بولسا، نېرى قېچىپ كېتىۋاتقاندەك تېخىچىلا كۆرۈنمەيدۇ. ھالىم تەڭ: كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، يەرنى كۆرمەس دەرىجىگە يەتسەممۇ، تىرىشىپ ــ تىرەجەپ كېلىۋاتىمەن. نۇرى بوۋاي نەپسىنى قىيىپ بەرگەن ئۈچ زاغرىنىڭ بىرسىنى يەپ، بىر ئاز كۈچكە كىرىشنى نىيەت قىلدىم. سەل تىنىۋالدىمدە، ئاخىرقى، ئەڭ ئاخىرقى كۈچۈمنى سەرىپ قىلىپ مېڭىپ كەتتىم. ئۇھ، مانا سەڭگۈك...

قادىر تامچىنىڭ ئىشىگىنى قاقتىمىيۇ، تىرىكچىدە ئۈچۈپ كەتتىم ــ كۈچۈم يۈزۈلدى. قەدىردان تامچى مېنى تونۇپ، ياتقان يېرىمدىن

كۆتىرىپ ئۆيگە ئەكىرىپتۇ. مەشكە ئوت قالاپ، ئىسسىق چاي بېرىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا تېنىمگە جان كىرىپ، كۆز ئېچىپ، سۆزلەشكە هالىم كەپتۇ. هالىم شۇنچىلىك ئېغىر ئېدىكى، تىرىك قېلىشىمغا ئىشەش قىلماتتىم. ئىككى پۇتۇم كۆپتەك ئىششىغان، هەرىكەتكە كەلمەتتى. چەكسىز هارغىنلىق ۋە ئەسەبىيلىكتىن هوش ـ كالام خامۇشلىشىپ، بېشىم كۆتەرگۈسىز ئېغىرلىشىپ كەتتى. كۆزلەرمۇ تورلىشىپ، سەل نېرىدىكى نەرسىلەرنى ئوچۇق كۆرەلمەيمەن. قىسقىسى، قىڭغايسالىلا قايتا تۇرالماسلىق بىر هالەتتە ئېدىم.

ـ مېنىڭ بولارىم بولدى. ئۆلۈگۈم سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن چىقسا، خېيىم ـ خەتەرگە دۇچار بولىسىز. مەن كېتەي، ئۆمۈلەپ بولسىمۇ، ئۆيدىن نېرىراق باراي ...ئۆلۈگۈمنى تېپىپ، كۆمۈپ قويارسىز...

ـ جۆيلىمە، بالا! ـ خاپا بولدى قادىر تامچى، ـ سېنى بۇ هالدا قويۇپ بەرمەيمەن. پۇت ـ قولۇڭ ساقايغىچە ساقلايمەن.

قادىر تامچى مېنى قازناقتا يوشۇردى. كۈنىگە ئىككى قېتىم تاماقلاندۇرۇپ، جاراهىتىمگە ئۆزى بىلگەنچە دورىلار سېپىدۇ، ئەپلەپ تاڭىدۇ، ئۆزى كۈندۈزى كوممۇنىدا ئىشلەيدۇ، كېچىلىرىلا مۇڭدىشىمىز.

ـ بۈگۈن، ـ دېدى بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن هودۇقۋاراق سۆزلىگەن قادىر تامچى، ـ هەممە كوممۇنا ئەزالىرىنى يىغىۋېلىپ، سېنى كۆرگەن يەردە تۇتۇش ياكى ساقچىغا خەۋەر قىلىشنى ئۇقتۇرۇشتى.

ـ ئۇنداق بولسا، بۈگۈندىن قالماي كېتىشىم كېرەك!

ـ ماڭغىدەك هالىڭ بارمۇ؟

ـ بولامدىغان، ـ دەررۇ جاۋاپ بەردىم ۋە ـ مۇزاتتىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيمەن، ـ دەپ هەزىل قىلدىم. راستىنلا خېلە ئۇبدانلا قۇۋۋەتكە كىرىپ قالغان ئېدىم.

ـ ئۇنداق بولسا ـ مەيلى، ـ قارشىلىق قىلمىدى قادىر تامچى. يول تەييارلىغىنى قىلدۇق.

شۇ كۈنى تامچى ئەتىگەنرەك قايتىپ كەلدى. سېرىق ياغدەك ساقلاپ يۈرگەن بىر پارچە قۇرۇتقان گۆشنى پىشۇرۇپ، مېنى ياخشىلاپ تويغۇزدى. بوشاپ كەتكەن بەدىنىم گۆش يەپ، شورپىنى ئىچىپ راھەتلەندى، تېنىم قىزىپ، ئىسسىق تەر چىقتى. كېچىسى سائەت ئونلاردا پۈتقا چوقاي كىيىپ، ئىككى كۈنلۈك ئوزۇقنى بەلگە تۈگۈپ خوشلاشماققا تەييار بولدۇم.

ـ ئەۋۇ ئاسماندىكى ئۈكەرنى ئوڭ قولۇڭغا ئېلىپ ماڭ. ئۈكەر ئولتارغىچە چېگارىغا بەھۆزۈر يېتىپ بارالايسەن.

ـ خوش، ئەمسە، قادىر تاغا!

قادىر تامچى قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ، كەينىمدىن دۇئا ـ تەگبىر ئوقۇپ قالدى. بۇ كېچە ئىشەشلىك كېتىۋاتىمەن. دەسلەپتە زىڭىلداپ ئاغرىغان پۇتۇمدىكى جاراھەت ئازىراق مېڭىپ قىزىشقاندىن كېيىن پەسلەپ قالدى. ئۈكەرنى ئوڭ قول تەرىپىمگە ئېلىپ ماڭدىم. "قۇراللىق دېھقانلار" يېڭىدىن چاپقان ـ قۇرغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، ئورمانلىق ـ دېھقانچىلىقلار ۋە يېڭى تاش يوللارنى كېسىپ ئۆتتۇم. قانداقتۇ بىر قۇرۇلۇشقا يېقىن كەلگىنىمدە، قوللىرىدا فەنەرلار تۇتقان بىر توپ خىتايلار ئالدىمدىن چىقىپ قالماسمۇ ـ نە قېچىشنى، نە مېڭىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتىمەن. ئۇلار بولسا، يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئېسىمنى يىغدىمدە، يېڭىلا كېسىپ ئۆتكەن ئېرىققا ئۆزەمنى ئاتتىم. خىتايلار مېنىڭدىن بەش ـ ئالتە مېترچە يېقىن يەرگە كېتىپ، نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ، توختاپ قېلىشتى. ئىككىسى ئالغا قاراپ كەتتىدە، قالغانلىرى مېنى كۆزەت قىلغاندەك، ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشتى. "ئىككىسى چېرىك چاقىرغىلى كەتتى" دېگەن تەشۋىشلىك گۇمان كەچتى كۆڭلۈمدىن. "نېمە بولسا ئالدىمغا قاراپ ماڭاي". ئېرىقنى ئۈمۈلەپ ماڭدىم. ئېرىق تېگىگە ياتقۇزۇلغان ياپلاق تاشلارنىڭ قىيىندىلىرى ئالىقانلىرىمنى تېشىۋەتتى. ئاغرىقتىن ئۆلۈم دەھشەتلىك بولغاچقا چىدىدىم. يۈز مېترچە يەرگە بارغاندا ئېرىقتىن ئاستا بېشىمنى كۆتىرىپ قارىسام، خىتايلار ئېرىق توسمىسىدا بىر نېمىلەرنى قىلىشىۋېتىپتۇ. ئەندى يۈرگىنىم ئورنىغا چۈشۈپ، ئالغا قاراپ كېتىۋەردىم.

ئويمان ـ دەشت ، ئېتىز ـ ئېرىق توسالغۇلار تۆگەپ، بوز ـ يېزىققا چىقتىم. ئاسمانغا قارىسام، ئۆكەر ياماپاشلىنىپ، پېتىشقا ئازلا قاپتۇ. قانداقتۇ غايىپ سادا "ئاز قالدى، چىدا، چىدا!" قۇلاقلىرىمدا جاراڭلىغاندەك قىلدى. مەن "چېگارا!" دەپ پىچىرلىدىم ۋە بولۇشىمچە ئالغا يۈگەردىم. يۈرىگىم ئويناپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، خۇدۇمنى ئۇقمىغاندەك كېتىۋەردىم. بىر ھازادا مۈدرەپ بېرىپ توسما سىمغا ئىلىنىپ قاپتىمەن.

بۇ قېتىم ھوشۇمغا كېلىپ، كۆزلىرىمنى ئاچسام، خىتاي چېرىكلىرى ـ ياندارمىسى ئەمەس، شاپكىسىدا ئوغاق ـ بولقا بەلگۈسى بار ئىككى قىزىل ئەسكەر قېشىمدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ...

مېنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىم شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى.

